ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىن

# ھېكمەتلىك سۆزلەر

ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن
ئابدۇرېھىم سابىت
تۈزدى



مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىن

# ھېكمەتلىك سۆزلەر

ھاجى ئەخمەت كۆلتېكىن
ئابدۇرېھىم سابىت
تۈزدى



98.3.10.

مىللەتلەر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

哲理名言:维吾尔文/阿吉.艾合买提,阿布都热依木.沙比提编一北京:民族出版社,1991.8(1997.2重印)
ISBN 7-105-02767-3

Ⅰ.哲… Ⅱ.阿… Ⅲ.维吾尔族-格言-中国-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H215.3

中国版本图书馆CIP数据核字(97)第01053号

阿吉·艾合买提
阿布都热依木·沙比提 选编
民族出版社出版发行
各地新华书店经销
北京迪鑫印刷厂印刷
开本:787×1092毫米 1/32 印张:10.5
1998年2月第1版
1998年2月 北京第1次印刷
印数:00001—10000册 定价:9.50元

# مۇندەرىجە

ئىنسان، ئىنسانىي خىسلەت ۋە ئىنسانىي پەزىلەت
توغرىسىدا ........................................ (1)
ئەل، يۇرت، ۋەتەن، خەلق توغرىسىدا ........... (15)
مىللەت توغرىسىدا ................................ (17)
دۆلەت، ھاكىمىيەت، سىياسەت توغرىسىدا ......... (18)
قانۇن، ھەقىقەت، ئادالەت، زۇلۇم توغرىسىدا ... (20)
خان، پادشاھ، بەگ- ئەمەلدارلار توغرىسىدا ...... (25)
قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، جەسۇرلۇق، چىدام
توغرىسىدا........................................ (38)
ئەمگەك ۋە ھۈنەر - كەسپ توغرىسىدا ........... (41)
ئىلىم - مەرىپەت، ئەقىل - ئىدراك
توغرىسىدا ........................................ (46)
ئاقىللار، دانالار، دانىشمەنلەر، ئالىملار
توغرىسىدا ........................................ (64)
سەنئەت ۋە سەنئەتكارلار توغرىسىدا ................ (72)

جەمئىيەت قاتلاملىرى توغرىسىدا .................. (79)
ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدا ........................ (83)
ئاقىل ۋە نادانلىق توغرىسىدا ...................... (90)
مەقسەت، ئىرادە، غايە، سەۋر ـ تاقەت، ئۈمىد۔
ۋارلىق توغرىسىدا ................................. (95)
دۆلەت، بەخت ـ سائادەت توغرىسىدا .................. (100)
ياخشىلىق، كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق
توغرىسىدا ........................................ (105)
دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق، ھەمكار۔
لىق، ساداقەت، ئىشەنچ، ۋەدە ـ ۋاپا
توغرىسىدا ........................................ (117)
ئۆگىنىش ۋە تىرىشچانلىق توغرىسىدا ........... (124)
ھايا، ئار ـ نومۇس توغرىسىدا ..................... (131)
ھوشيارلىق، زېرەكلىك، پەم ـ پاراسەت
توغرىسىدا ........................................ (136)
چىنلىق، گۈزەللىك، ھالاللىق توغرىسىدا ...... (140)
ئىغىر۔ بېسىقلىق، تەمكىنلىك، پۇختىلىق، ئېھ۔
تىياتچانلىق، قەتئىيلىك توغرىسىدا ......... (150)
نەپس، ھاۋايى ـ ھەۋەس، قانائەت توغ۔
رىسىدا ........................................... (155)
يامانلىق، ساختىلىق، رەزىللىك، ئالدامچىلىق،
يالغانچىلىق توغرىسىدا ........................ (160)
بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك، تەمەخورلۇق
توغرىسىدا ........................................ (170)

پىتنە - پاسات، ئاداۋەت، چېقىمچىلىق،
هەسەتخورلۇق توغرىسىدا................................ (178)
تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق، مۇلايىملىق،
كەمتەرلىك توغرىسىدا ........................ (184)
مەردلىك، سېخىيلىق، ھىممەت ۋە خەير-
ئېھسان توغرىسىدا ................................ (190)
مال - دۇنيا، بايلىق توغرىسىدا ........................ (200)
نەپسانىيەتچىلىك ۋە پاكلىق توغرىسىدا ........................ (203)
پايدا - مەنپەئەت، ئۆزىنى ئومۇمغا بېغىشلاش،
خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش توغرىسىدا ........................ (207)
ھۆرمەت - ئېھتىرام، ئاتا - ئانىلار ۋە چوڭلارنى
ھۆرمەتلەش توغرىسىدا ................................ (212)
تەلىم - تەربىيە توغرىسىدا................................ (219)
كېڭەش، مەسلىھەت توغرىسىدا................................ (222)
ئىشق - مۇھەببەت توغرىسىدا ................................ (225)
قايغۇ - ئەلەم، جۇدالىق توغرىسىدا ........................ (237)
خاتالىق، كەمچىلىك، تەنقىد توغرىسىدا ........................ (238)
ئەيىب، نۇقسانلار توغرىسىدا................................ (240)
كۆڭۈل ۋە ۋۇجۇد توغرىسىدا ................................ (243)
تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر توغرىسىدا ........................ (251)
دوست - دۈشمەن توغرىسىدا................................ (253)
ياشلىق، قېرىلىق توغرىسىدا................................ (265)
ئارزۇ- تىلەك توغرىسىدا ................................ (267)
تىل ۋە تىل مۇئامىلىسى توغرىسىدا........................ (270)

يېزىق ۋە يېزىق سەنئىتى توغرىسىدا ............... (288)
تۇرمۇش ۋە تۇرمۇش تەجرىبە - ساۋاقلىرى
توغرىسىدا ...................................... (292)
مەخپىيەتلىك ۋە سىر ساقلاش توغرىسىدا ......... (297)
پاكىزلىق توغرىسىدا ............................. (300)
مەي ۋە مەيخورلۇق توغرىسىدا ..................... (301)
قازاغا رىزا بولۇش، تەقدىرگە تەن بېرىش
توغرىسىدا ...................................... (304)
ھۆرلۈك توغرىسىدا .............................. (305)
ھەزىل، چاقچاق توغرىسىدا ...................... (306)
سەپەر ۋە سەپەر مۇشەققەتلىرى توغرىسىدا ......... (308)
ماختانچاقلىق ۋە ياسانچۇقلۇق توغرىسىدا ......... (310)
ئىنسانىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىشى كېرەكلىكى
توغرىسىدا ..................................... (311)
ئالەم ۋە شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتى توغرىسىدا ...... (315)
ئۆمۈر ۋە ۋاقىت توغرىسىدا ...................... (319)
سالامەتلىك، ئاغرىق - سىلاق توغرىسىدا ......... (328)

# ئىنسان، ئىنسانىي خىسلەت ۋە ئىنسانىي پەزىلەت توغرىسىدا

• ئىنسان ياخشىلىقنىڭ بەندىسىدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتى، مەيلى ئۇ ئىنسان ياخشى ئەمەلنى ئاز قىلسۇن، كۆپ قىلسۇن، گۈزەل ئەمەلىيىتىگە باغلىق.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• ئىنسان ئىككىلا دۇنيادا ئۇلۇغدۇر، ئىشتا نىجىسىدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئادەمگەرچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئادىمى بولۇش كېرەك، كىشى ئادەمگەرچىلىكنىڭ ئۇلىنى ئەنە شۇنداق قۇرۇپ چىققان.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەگەر سەن ئادەم بولىدىغان بولساڭ، خەلقنىڭ غېمىنى يېمىگەن كىشىلەرنى ئادەم دەپ ھېسابلىما.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئەي ئېسىل كىشى، كىشىلىكنى تاشلىما، كىشىگە

دائىم كىشىلىك قىلىپ تۇر، ساڭا كىمنىڭ بىر ئاز ئەمگىكى سىڭگەن بولسا، كېيىن سەن بۇنىڭغا كۆپرەك جاۋاب قايتۇر.

كىشىنىڭ ئەمگىكىنى بىلمىگەن كىشى بەئەينى كالىغا ئوخشايدۇ، كالا ئاتىلىپ قالما، يۇر، كىشىلىك قىل، ئادەمگە كىشىلىك قىلىش بىلەن ئادەم بولغىن.

كىشىلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئادەمگە "كىشى" دېگەن نام بېرىلگەن، كىشىلەر كىشىلىك بىلەن نامىنى يۈكسەلدۈرگەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قارا، ئېسىل كىشىلەر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، بىرى بەگ، بىرى دانا، بۇلار ئىنسانلارنىڭ باشلامچىسىدۇر. بىرى، قولىغا قىلىچ ئېلىپ، خەلقنى ئىدارە قىلىدۇ، بىرى، قەلەم ئېلىپ ياشاش يولىنى كۆرسىتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىنساننىڭ كۆڭلىگە شادلىق يەتكۈزمەك ساۋاب ۋە ئىبادەت قىلماق بىلەن باراۋەردۇر.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• كىشى پەزىلىتى بىلەن قولىنى ئۇزارتسا، ئېگىز تاغنى باش ئەگدۈرۈپ، يەرگە ئېگىشتۈرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىنسان توغرا بولسا، كۆنى ياخشى ئۆتىدۇ، كۆنى ياخشى ئۆتسە، بەخت-دۆلىتىمۇ مەڭگۈ بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• خۇدا كىمگە جاھىل خۇي بەرگەن بولسا، زامان ئۇقى ئۇنى رەنجىتىدۇ.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• كىشىلەردىن يامانلىما، ئۇششاق سۆزلىمە، توغرا سۆزلىگىن، بار سۆزنى يوشۇرما.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى كىشىلەر ئۈستىدىكى ئېغىرچىلىقنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، مەنپەئەت يەتكۈزگەن كىشىدۇر. ئەگەر قادىر بولالىساڭ، كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى ئىشلاردىن باشقىنى قىلما، بارلىق يامان ئىشلاردىن يىراق بول.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• ئۆزۈڭگە لايىق كۆرمىگەننى خەلقىمۇ راۋا كۆرمە.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كىمنىڭ ئەسلى ياخشى بولسا، ھەرىكىتى يېقىملىق بولىدۇ، يامانىنىڭ ئەسلىگە ئۇنىڭ ئۆزى، ھەرىكىتى گۇۋاھدۇر.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• دىققەت قىلساڭ، ئىنسان قانچىلىك مۇڭلۇق-ھە، شادلىقى ئاز، پۈتۈن ۋۇجۇدى قايغۇ ماكانىدۇر.

ھەممە تىلىكىگە ئېرىشسە، شادلىقى كۆلىدۇرىدۇ، ئەگەر قايغۇ كەلسە، ھەسرىتى يىغلىتىدۇ. سۆيگىنىگە ئېرىشسە، سۆيۈنۈپ كۈلىدۇ. ئەگەر جۇدا بولسا، قايغۇ بىلەن قالىدۇ.

بەزىدە ۋىسال شادلىقى مەپتۇن قىلىدۇ، بەزىدە پىراق ئەلىمى يىغلىتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تىرىكلىكنى ئىزدىمە، ياخشى نام چىقىرىشنى ئىزدە، نامىڭ ياخشى بولسا تىرىك ۋە شاد ياشىغىنىڭ شۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىنسان تۇغۇلۇشى بىلەن پاك ياكى مىرزا بولۇپ تۇغۇلمىغىنىدەك، ئۇنىڭغا تەبىئەت ئالىيجانابلىق ياكى پەسلىكنى تەقسىم قىلىپ بەرمىگەن.

— ئەبۇنەسر فارابى

• ئەگەر مەن چىن ئىنسان ئىكەنمەن، ماڭا شۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئىنسان بارچە مەخلۇقاتلاردىن ياخشى ۋە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىنساننىڭ ھايۋاندىن پەرقى ئون تۈرلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ بەشى ئىنساننىڭ ئىچىدە، بەشى ئىنساننىڭ تېشىدا بولىدۇ. ئىچىدىكىسى: سۆز سۆزلىمەك، ئۆگەنمەك، ئىھتىياتكار بولماق، ئەستە ساقلىماق، خىيال ۋە تەپەككۇر قىلماق. تېشىدىكىسى: ئاڭلىماق، كۆرمەك، پۇرىماق، سىلىماق، ئىپتىماق. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، ئىنسان پۈتۈن مەخلۇقاتلاردىن ئۇلۇغۋاردۇر.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

• ياخشى خۇلقلىق كىشى موھتاجلىقتا چۈشۈپ

قالسا، قىلىقلىرى ۋە ياخشى مىجەز-خۇلقىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشى كۆڭلىگە ياخشى نىيەت پۈكسە، دۇنيادا ھەممە ئىشى تىلىگىنىدەك بولىدۇ، ياخشى نىيەت قىلغان كىشىگە ياخشىلىق كېلىدۇ، ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىسىمۇ، ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بارلىق ئىنسانلار ئەقىللىق ھايۋان، بارلىق ئەقىللىق ھايۋانلار ئىنساندۇر.

— ئەبۇ نەسىر فارابى

• كىمدە مەرىپەت بولىدىكەن، ئۇ ھەقىقىي ئىنساندۇر.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئۆزىنى تۇتالمايدىغان كىشى بېشىنى يەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشىگە مال-دۇنيا كېرەك ئەمەس، ياخشى خۇي-پېئىل كېرەك. شۇنداق كىشى زورۇر بولغاندا، ھەممە ياخشى نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئۆزۈڭنىڭ ئېغىر يۈكىنى باشقىلارغا يۈدكۈزمە.

— مەھمۇد قەشقەرى

• ئادەم قىس-نادىر ئەمەس، بەلكى كىشىلىك

قىستۇر.

ئىنسانلار ئاز ئەمەس — بەلكى توغرىلىق ئازدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قىلىقى سەتنىڭ خۇيى يامان بولىدۇ، ئاچچىقى يامانىنىڭ قاپىقى سەت بولىدۇ، قاپىقى يامان-قىلىقى سەت قەيەرگە بارسا، بىر بالاغا گىرىپتاردۇر، ھەمىشە ئۇنىڭ دۈشمىنى غالىپ، ئۆزى مەغلۇپ بولۇپ تۇرىدۇ، دۈشمىنى ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپ، ئۇنىڭغا غەزىپىنى ئاشۇرۇپ تۇرىدۇ.

— ئەلشىر ناۋايى

• ئىنسان ئۆزى غەپلەتتە ياشىغان بولسا، ئۆزىگە ئۆكۈنسۇن، ئۆزىنى ئەيىبلىسۇن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مۇلايىم، توغرا مىجەزلىك كىشىنىڭ كۆڭلى ھەر ئىككى دۇنيادا سائادەتلىك بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشىدىن جاھاندا بىر ياخشى نام، بىر ياخشى نىشان قېلىشى لازىمدۇر.

— نۆبىتى

• مېڭىپ يۈرگەن ئىنسان ناھايىتى كۆپتۇر، ئەمما، توغرا، چىن ۋە ھەق ئادەم مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئەزىز.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشىنىڭ قىلىقلىرى ياخشى، مىجەز-خۇلقى دۇرۇس بولسا، ئۇ پۈتۈن تىلەكلىرىگە يېتىدۇ، ئاي-كۈنى

پارلايدۇ.

ياخشى قىلىق نۇرغۇن ياخشىلىقلار ئۈچۈن سەرمايىدۇر، مىجەز-خۇلقى ياخشى بولسا، مىڭ تۈرلۈك شادلىقلارغا ئېرىشىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشى قەدىرلىك ئەمەس، بەلكى كىشىلىك قەدىرلىكتۇر. ئەقىل-ئىدراك توغرا ۋە چىن كىشىلەرنىلا ماختايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• يا ياخشى بول، يا يامان؛ ئىككىلىسى بولمەن دېگەن ھامان يامان، يامان بىلەن ياخشى ئارىسىدا كۆپ پەرقتۇر، ئىككى كېمىنىڭ ئۈچىنى تۇتقان غەرقتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئىنسان خوش مۇئامىلە، مىجەزى توغرا بولسا، ئىككى دۇنيادا كۆنى يورۇيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىنسان قەھرلىك بولسا، ئەقلىدىن ئازىدۇ، ئەگەر غەزەپ كەلسە، پاراسەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەي، ئىدراكلىق ياخشى ئادەم، غەزەپنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇر، غەزەپ بىلەن قىلىنغان ئىش دائىم پۇشايمانلىق بولىدۇ، كىشى قەھرلەنسە، ئىشتا ئادىشىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەر قانداق تۆمۈر ئالماس بولالمىغىنىدەك ئۆزىنى

ئادەم ھېسابلىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئادەم قاتارىغا كىرەلمەيدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• چىن ۋە توغرا ئەر قانداق بولىدۇ؟ قارا، چىن ۋە توغرا ئەرنىڭ تىلى بىلەن دىلى ۋە سۆزى بىردەك بولىدۇ، ئىچى تېشىدەك ۋە تېشى ئىچىدەك بولىدۇ، چىن ۋە توغرا ئەر يۈرىكىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، ئىنسانلار ئالدىدا ئۇيالماستىن يۈرەلەيدىغان بولسۇن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەي دانا، كىشىنىڭ تەبىئىتى بىلەن قوشۇلۇپ يارىتىلغان قىلىق ئۆلۈم بۇزمىغىچە ھەرگىز بۇزۇلمايدۇ. ئانىنىڭ قارنىدا پەيدا بولغان مىجەز ۋە ئادەت بوز يەر قېتىغا كىرگەندىلا كېتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مىجەز-خۇلقۇڭنى خوش تۇت، مال ئۈچۈن قايغۇرما، مىجەز-خۇلقۇڭ ياخشى بولسا، مال-دۇنيانى ئۆزى كېلىدۇ، دەپ بىل.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئاچكۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك، يامان غەرەزلىك، سۇيىقەست، ھاۋايى-ھەۋەس ۋە ھىيلە-مىكىرنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدىن ئايرىلىپ، ئەدەپ-يوسۇننى تۇتقان كىشى ياخشىلىق، ئىمتىياز، بەخت-سائادەت دەرىخىنىڭ مېۋىسى، مەڭگۈ ئىززەت-ئابرۇي باغچىسىدىكى گۈلنىڭ

غۇنچىسى، شۇنداقلا ئالىي مەرتىۋىنىڭ سەۋەبكارى بولغاي.

— ئۆمەر ھۈسەيىن سەبۈرى

• ئاق كۆڭۈل، پاك بولغانلار ئادەمنىڭ ياخشىراقىدۇر، ھەقنى سۆزلەشتىن قورقمايدىغان، ئۆزى پاك ۋە كۆزى پاك كىشىلەرلا "ئىنسان" دېگەن نامغا لايىقتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئىش-ھەرىكىتى ياخشى بولسا، ئۇنى بارلىق خەلق سۆيىدۇ، مىجەزى توغرا بولسا، تۆرگە چىقىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• توغرا مىجەزلىك كىشى ھەر ئىككى دۇنياغا ئىگە بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قەھرلىنىش بىلەن غەزەپ ئادەم ئۈچۈن ياۋۇز نەرسىدۇر، بۇ ئىككىسى بىلەن ۋۇجۇد داۋاملىق ئەرزىيەت چېكىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ياخشى خۇي-پېئىل ئەر ئۈچۈن تۈگىمەس نېمەتتۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئادىللىق ئىنساننىڭ ياخشى سۈپىتىدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كىمنىڭ ئادەت-خۇلقى يامان بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن خەلق قاچىدۇ، ئۇ پەس تەبىئەتلىكتە، خارلىقتا

كامال تاپقان بولىدۇ، ئادىمىيلىكتىن زاۋال تاپقان بولىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• قاپىقى يامان، سۆزى قوپال، تەكەببۇر مىجەزلىك ئادەم كىشىنى تەزدۇرىدۇ، يۇرۇش-تۇرۇشىنى تۈزىتەلمەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئادەم ئىككى نەرسە بىلەن قېرىمايدۇ، بىرى، ياخشى ھەرىكەت، بىرى، ياخشى سۆز.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەي دەنا، سەن مەڭگۈلۈك بىر ھايات تىلىسەڭ، خۇلقى-مىجەزىڭ بىلەن سۆزۈڭنى ياخشى قىل.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئۆزۈڭ مەڭگۇ ئەمەس، بەلكى نامىڭ مەڭگۈدۇر، نامىڭ مەڭگۇ بولسا، ئۆزۈڭمۇ مەڭگۈلۈك بولىسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھۆكۈمالار ئەيتىپتۇركى، خۇشخۇيلۇقنىڭ بەلگىسى ئون تۈرلۈكتۇر، بىرىنچى، ياخشى ئىش توغرىسىدا ئەلنى دالالەت قىلماق؛ ئىككىنچى، ئۆز نەپسىگە ئىنساپ تىلىمەك؛ ئۈچىنچى، ئۆز ئەيىبىنى ئىستىمەك؛ تۆتىنچى، كىشىلەردە ناشايان ئىشلار سادىر بولسا، ئۇنى ياخشى ئىشقا بۇيرىماق؛ بەشىنچى، گۇناھ قىلغۇچى گۇناھىغا تۆۋە قىلسا، ئۇنىڭدىن ئۆتمەك؛ ئالتىنچى، موھتاجلارنى ھاجەتتىن چىقارماق؛ يەتتىنچى، كىشى ئۈچۈن مۇشەققەت تارتماق؛ سەككىزىنچى، ئۆز نەپسىدىن ۋاز كەچمەك؛ توققۇزىنچى،

خالايىقا ئۇچۇق-يورۇق بولماق؛ ئۈنىنچى، كىشىگە ياخشى سۆز قىلماق.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• ياخشى نام ئەر ئۈچۈن قانچىلىك مۇقەددەس بەخت ھە، بۇنداق ياخشى نام ۋە بەخت مەڭگۈ قالىدۇ.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• دۈشمەن قىلمىغاننى ئۆزىنىڭ خوي-پەيلى قىلىدۇ، ئۇ دۈشمەننىڭ بۇ دۈشمەندىن نىمە پەرقى بولسۇن؟

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• سىلىق، خوش-پېئىل كىشىگە دۆلەت يارىشىدۇ، سىلىق بولسا، بەختكە لايىق بولىدۇ.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• جاھىللىق كىشى ئۈچۈن ئېغىر بىر يۈكتۇر، جاھىل قىلىقىغا ئەسىر بولغان بولساڭ، ئۇنىڭغا ئوق ئات.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• خۇشخۇيلۇق ھەممە نىمەتلەرنىڭ ياخشىراقى ۋە جۈملە سۈپەتلەرنىڭ چىرايلىقراقىدۇر.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• ئىنسان ئۆزى ناھايىتى قىسقا ئۆمۈر كەچۈرسىمۇ، قايغۇسى ئۇزۇن، تىل-سۆزى يۈكسەكتۇر.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• ياخشى ھەر كۈنى يېڭى-يېڭىتىلىكنى تاپىدۇ،

يامانىنىڭ غېمى كۆڭۈلدە مىڭلاپ ئارتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قەھرلىنىش كىشى ئۈچۈن ياۋۇزدۇر، ئۇ بىلىمنى يوقىتىدۇ، ئالىيجاناب كىشىلەرمۇ قەھرلەنسە، قوپاللىق قىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مېھمان — ئاللاتائالادىن كىشىگە كەلگەن ھەدىيەدۇر، مېھمان ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچنى ئادا قىلىش ياخشى پەزىلەتلەر جۈملىسىدىن بولۇپ، كىمكى مېھماننى ئىززەت قىلسا، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرۇيلۇق بولىدۇ، ئاقىللارنىڭ: "مېھماننىڭ سانىغا باقماي، مەرتىۋىسىگە باققىن" دېگەن سۆزى بار.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• كىشىلىك ئۈچۈن ھىممەت، مۇرۇۋۋەت كېرەك، كىشىلىك قەدىر-قىممىتى ھىممەت ۋە مۇرۇۋۋەت دەرىجىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىپار قاچىلىغان تۇلۇمدىن ئىپارنى ئېلىۋەتسىمۇ پۇرىقى قالىدۇ.

— مەھمۇد قەشقەرى

• ئەگەر دەريادا سەدەپلا بولۇپ، ئۈنچە-مەرۋايىت بولمىسا، ئۇنىڭ سۈيى ئاچچىق بىلىنىدۇ، بۇ خىل دەريا ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك دولقۇنلىرى بىلەن مەرۋايىت ئورنىغا

كۆپۈك چاچرىتىپ، قىرغاقتا قۇرۇق سىزىقلارنىلا قالدۇرىدۇ.
بوستانلاردا گۈزەل سەرۋى دەرىخى بولۇپ، ئۇنىڭ مېۋىسى بولمىسا، كىشىلەرگە ھېچقانچە پايدىسى يەتمەيدۇ. بۇ خىل مېۋىسىز دەرەخ ئوتۇن ھېسابلىنىدۇ. كۆكتىكى بۇلۇت يەرگە يېغىن تۆكمىسە، ئۇ قېلىن تۇتۇندىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. چاقماقنىڭ نۇرى ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، بىر پەستىن كېيىن، ئۇنىڭ نۇرىدىن قىلچە ئەسەر قالمايدۇ. ئەمما، ئۆچكەن ئوتنىڭ چوغى قالسا، ئۇنى ياندۇرۇش ئاسان.

— موللا سىدىق يەركەندى

• كىشى ئۈچۈن پايدىسىز ۋە زىيان كەلتۈرگۈچى نەرسە مۇنۇ ئۈچتۇر: بىرى، جاھىللىق، يامان مىجەزلىك؛ يەنە بىرى، يالغاندىن سۆز توقۇش؛ يەنە بىرى، كىشىنى پەسلەشتۈرگۈچى بېخىللىقتۇر. بۇ ئۈچىنىڭ ھەممىسى نادانلارغا خاس.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• يۈزىدە كۈلكە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان خۇشخۇي كىشىنىڭ ئوچۇق يۈزىدىن ۋە چۈچۈك سۆزىدىن خەلققە خۇشاللىق كېلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئوچۇق يۈزىدىن خەلققە شادلىق، چۈچۈك سۆزىدىن كۆڭۈللەرگە ئازادىلىك، كىشىلىك بىلەن كۆڭۈللەرگە مەھبۇپ، ئىنسانىيەت بىلەن جانلارغا مەتلۇپ(تەلەپ) كېلىدۇ، خاتىرجەم ئۇنىڭدىن يار ۋە ئەغيار، بۇنداق كىشى ئۆمرىدە بولمىسۇن خار.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كۆپ ئاڭلاش مەتلۇپ (يېقىملىق) دۇر. بىرىلىپ ئاڭلىسا خەلق يېپىشىدۇ، تولا سۆزلىسە خەلق قېچىشىدۇ، كۆپ سۆزلىگەن كۆپ يېڭىلىدۇ، كۆپ يېگەن كۆپ يىقىلىدۇ، كىشىلىنىڭ ئانىسى كۆپ يېمەكتۇر، قەلب كېسىللىنىڭ ماددىسى كۆپ دېمەكتۇر، كۆپ دېمەك — سۆزگە مەغرۇرلۇق، كۆپ يېمەك — نەپسىگە مەمۇرلۇق (قىلىقسىزلىق)، بۇ سۈپەتلەر ئادەمگە لايىق بولمىغان سۈپەتلەردۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• سۆرۈن چىراي، ئاچچىق سۆز كىشىنى سوۋۇتىدۇ، بۇنىڭ تەسىرى ئۆمۈر بويى كەتمەيدۇ، كۆڭلىدە قالىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆڭۈلنى كەمتەر تۇتسا كىشى بەختكە ئېرىشىدۇ، كۈلگەن چىراي، شېرىن سۆز ھەممە كىشىنى ئۆز ئەتراپىغا توپلايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ياخشى سۆزلۈك ۋە ياخشى خۇلقلۇق كىشىلەر ھەر ئىككى ئالەمدە ئىززەت تاپىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

## ئەل، يۇرت، ۋەتەن، خەلق توغرىسىدا

• قەھەتچىلىك يىللاردا ئېلىڭ نەگە بارسا، سەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بارغىن، ئېلىڭگە قايغۇلۇق كۈنلەر چۈشكەندە، ئۇلار بىلەن بىللە بولغىن.

— مەھمۇد قەشقەرى

• ئەلگە قوشۇلغان ئارايىش تاپتى، ئەلدىن ئايرىلغان ئاسايىش تاپتى.

— ئەلىشىر ناۋايى

• خەلق كۆڭلىدىن ئورۇن تۇتماقلىق مەن ئۈچۈن ھەممىدىن ئەلا.

— مەھزۇن

• ئەلنىڭ سۆزىنى يامانلىق تەرەپكە بۇرىما، غالىپ دۈشمەن يېڭىلگەن بولسا، يامانلىقنى ئاشكارىلاپ، ياخشى تەرىپىنى ياپما، كۈچلۈك دۈشمەن مەغلۇبىڭ بولسا، ئەركەكچىلىك قىل.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كۆپچىلىكتىن بۆلۈنمە، خەلقتىن ئايرىلما، ئەگەر خەلق بىلەن بىرلىكتە بېشىڭغا ئۆلۈم كەلسىمۇ، ئۇنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن توي-مەرىكە دەپ بىلگىن.

— موللا مۇسا سايرامى

• تەنها ئادەم دەردىگە داۋا تاپالماس.

— ئەلشىر ناۋايى

• ئەلگە قوشۇلغان دوست تاپار.

— ئەلشىر ناۋايى

• ئەگەر مەرت مۇساپىر بىرەر ئەلگە پادىشاھ بولسىمۇ، دىلى سۇنۇق بۇلبۇلدەك غېرىبلىقتا يەنىلا ئۆزىنىڭ يۇرتىنى سېغىنىدۇ.

— مۇھەممەد سىدىق زەلىلى

• ئالتۇن قەپەز قىزىلگۈللەر بىلەن بىزەپ قويۇلغان بولسىمۇ، بۇلبۇلغا تىكەنچىلىك ماكان بولالمايدۇ.

— ئەلشىر ناۋايى

• ساۋاب بىلەن ياخشىلىق ئەل ئارىسىدىن تېپىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• رەنجى غۇربەتنى ھەۋەس قىلمىساڭ، ۋەتەننى بىر نەپەسمۇ تەرك ئەيلىمە.

— ئەلشىر ناۋايى

## مىللەت توغرىسىدا

• ئىلىمسىز مىللەت نادان قالىدۇ، ئىلىمگە تىرىشقان مىللەتتىن دۇنياۋى ئالىملار يېتىشىپ چىقىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• بىر مىللەتنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرۇشىغا ئۈچ تەبىئىي نەرسە سەۋەب بولىدۇ، بۇلار: تەبىئىي ئادەتلىرى، خاراكتېرىدىكى تەبىئىي ئالامەتلەر ۋە ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسلانغان قانداقلا بولمىسۇن يەنىلا تەبىئىيلىككە ئالاقىدار بولغان نەرسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ — تىل، يەنى پىكىرنى ئىپادىلەشنىڭ قورالى بولغان نۇتۇقتۇر.

— ئەبۇنەسىر فارابى

• قايسى قەۋمنىڭ كۆرۈنۈشى بىلەن كۆرۈنسەڭ، شۇ قەۋمدىنسەن، ئۇلار يامان بولسا، سەنمۇ يامان، ئۇلار ياخشى بولسا، سەنمۇ ياخشى، ئۆزىنى ياخشىلار ئارىسىدا تۇتۇپ ۋە ئۇلارنىڭ پېشىگە ئېسىلغان ياخشىراقتۇر ھەم خەۋپتىن يىراقتۇر، ئىت ياخشىلارغا قوشۇلۇپ ياخشى بولدى، نىجىس تۇز كانىغا چۈشۈپ كېتىپ، تۇزغا ئايلاندى.

— ئەلىشىر ناۋايى

## دۆلەت، ھاكىمىيەت، سىياسەت توغرىسىدا

• يامانلارغا سىياسەت يۈرگۈزۈش كېرەك، خەلقنىڭ مالىمانىنى سىياسەت باسىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دۆلەت بىلەن ئۆچەكەشمە، يارىشىپ ئۆت، يارىشىمساڭ، دۆلەت ئېشىڭنى ئوغا قىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قايسى ئەلدە گەپ تولادۇر، بەرىكەت ئاز؛ قايسى ئەلدە ئىش تولادۇر، بەرىكەت ساز.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئەلنىڭ نۇقتىسى ۋە قۇلۇبى ئىككى نەرسىدۇر، بىرى، ھوشيارلىق، يەنە بىرى، مەملىكەتنىڭ ئاساسى بولغان قانۇن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھۆكۈمالار ئەيتىدۇلەركى: سەلتەنەت دەرەخقە؛ سىياسەت سۇغا ئوخشايدۇ، پادشاھ سەلتەنەت دەرىخىنى سىياسەت سۇيى بىلەن سۇغۇرۇپ تۇرمىسا، ھېچقانداق مېۋىگە ئىگە بولالمايدۇ، ھەتتا، دەرەخ قۇرۇپ كېتىدۇ. پادشاھلارنىڭ سىياسىتى ھەمىشە خەلققە ئازار ۋە ئەندىشە

كەلتۈرىدىغان چايان تەبىئەتلىك كىشىلەرگە قارىتىلىشى كېرەك.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• يامانلارغا ھەيۋە، سىياسەت كېرەك، ياخشىلارغا بولسا، دائىم ھۆرمەت كېرەك.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مەملىكەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ئەسكەر ۋە قوشۇن كېرەك، قوشۇننى تۇتۇپ تۇرماق ئۈچۈن كۆپ مال-دۇنيا كېرەك، مال-دۇنيا ئېلىشقا خەلق باي بولۇشى كېرەك، خەلقنىڭ باي بولۇشى ئۈچۈن توغرا قانۇن يولغا قويۇلۇشى لازىم.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەلنى ئالغۇچىلار ئۇنى قىلىچ بىلەن ئالدى، ئەلنى تۇتۇپ تۇرغۇچىلار ئۇنى قەلەم بىلەن تۇتۇپ تۇردى.

قىلىچ بىلەن ئەلنى تېز ئالغىلى بولىدۇ، قەلەم بولمىسا، ئۇنى قولدا تۇتۇپ تۇرغىلى بولمايدۇ.

ھەر قانداق بىر ئەل قىلىچ ۋە كۈچ بىلەن ئېلىنسىمۇ، ئۇنى زورلۇق بىلەن ئۇزۇن يىل سورىغىلى بولمايدۇ.

قايسى بىر شەھەر، كەنت قەلەم بىلەن باشقۇرۇلسا، ئۇ يەردە ھەركىم تىلىگەن ئۈلۈشىنى تاپىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

# قانۇن، ھەقىقەت، ئادالەت، زۇلۇم توغرىسىدا

• قايسى بەگ ئەلدە توغرا قانۇن يولغا قويسا، ئېلىنى روناق تاپقۇزىدۇ ۋە يورۇق كۈنگە يەتكۈزىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قارا، ياخشى قانۇن نېمىدىگەن ياخشى، قانۇن-نىزاملار بىلەن بەگلىك ئۆرە تۇرالايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قانۇن بىلەن ئەل روناق تاپىدۇ، دۇنيا تۈزىلىدۇ، زۇلۇم بىلەن ئەل خارابلىشىدۇ، دۇنيا بۇزۇلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قارا، قانۇن سۇغا ئوخشايدۇ، زۇلۇم ئوتتەك بالادۇر، سۈزۈك سۇ ئېقىنتىڭ، ئۇ، ئوتنى ئۆچۈردى.

ئادىل قانۇن يۈرگۈزدۈڭ، دۇنيا تۈزەلدى، ئەلدە ھېچكىم زورلۇققا ئۇچرىمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بەگلەر بېگى بىر ياخشى قانۇن تۈرغۇزغايكى، يامان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چارە — جازا ۋە زىنداندۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئـەي يـاخشى قانۇن، ئاڭلىماق، سۆزلىمەكتىن ياخشىراقتۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قانۇن-قائىدىلەر ياخشى، مۇكەممەل تۈزگۈزۈلسا، يامانلار ھىيلە-نەيرەڭلىرىنى قويۇپ، ئەلدىن يوقىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئادالەت ۋە قانۇن ئاسماننىڭ تۈۋرۈكىدۇر، تۈۋرۈك قىڭغايسا، ئاسمان ئۆرە تۇرالمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەممىنىڭ مۇقەددەس مەقسىتى دەل بەخت ۋە پەزىلەتتىن ئىبارەت.

— ئەبۇنەسىر فارابى

• مـەنا ئـەھـلـىـدە ھـەقـىقـەت مەخپىي بولىدۇ، شەكىلچىلەر مەناسىز ھەقىقەتنىڭ دەۋاسىنى قىلىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئـىـنـسـانـىـيـەتلا مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇنىڭ لوگىكىنىڭ ياردىمىسىز ساختىلىقتىن خالىي ھالدا ھەقىقەتكە مۇيەسسەر بولۇشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس.

— ئەبۇ نەسىر فارابى

• پـەلـەك كـېچىسى قۇياشنى يوشۇرىدۇ، بىراق، يۇلتۇزلاردىن تۆكۈلگەن ياش قۇياشنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ، نافە ئۆزىنىڭ ئىپارىنى يوشۇرسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ پۇرىقى ئـالەمگە تارقاپ كېتىدۇ، لالىنىڭ غۇنچىسى ئېچىلىدىغان

چاغدا ئۆز كۆڭلىدىكى يوشۇرۇن داغنى قانداقمۇ ساقلاپ قالالىسۇن؟ بىراق، ئۇنىڭ ئىچىلىدىغان چېغى مەلۇم بولغىنىدەك، ئەسلىدىكى دېغىمۇ ئاشكارا بولىدۇ.

— موللا سىدىق يەركەندى

• ئۆكتە بىلەن قىلىنغان ھۆكۈم بىراۋنى قىلسا نابۇت، ئۇنىڭدىن پۇشايمان قىلسا نى سوت(نېمە پايدا؟!) ياكى بىراۋنى ئورۇنسىز ئالىي مەرتىۋىگە كۆتۈرسە، ئىشنىڭ ھەقىقىتى بىلىنگەندىن كېيىن، مەرتىۋىسىنى چۈشۈرسە، ھۆكۈم قىلغۇچىنىڭ ئابرۇيى چۈشمەمدۇ؟

— ئەلشىر ناۋايى

• بەگلىكنىڭ ئۇلى ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر، بەگلىكنىڭ يىلتىزى ئادالەت يولىدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بۆرىنى قوزا بىلەن سەمرىتكەن كىشى بارلىق ھايۋانغا رەھىمسىزدۇر.

— ئەلشىر ناۋايى

• ئادالەتنىڭ مەنىسى خەلققە باراۋەرلىك سىياسەت يۈرگۈزۈش دېمەكتۇر.

ئادالەت قانات يايدۇرۇلسا، ساختىلىققا ئورۇن قالماس، ئادالەت ھاۋاسى مەملىكەتكە گۈزەللىك بەخش ئېتەر.

ئادالەت بىر ئاپتاپدۇركى، ئۇنىڭ نۇرى بىلەن قاراڭغۇلۇق يورۇغاي.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• مۇبادا ئويلانماستىن قوپال ھۆكۈم قىلىنسا، بىر

ئاجىز ئۇ ھۆكۈم بىلەن كۈچلۈك بولۇپ كېتىدۇ ياكى بىر كۈچلۈك ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئادالەت بارچە سۈپەت ۋە پەزىلەتلەرنىڭ ياخشىراقىدۇر. زۇلۇم ھەممە ئىللەتلەرنىڭ شۇمراقىدۇر. ئادالەتنىڭ نەتىجىسى مەملىكەتنىڭ كۈچىيىپ، روناق تېپىشى، خەزىنە بايلىقلىرىنىڭ كۆپىيىشى، شەھەر، يېزىلارنىڭ ئابات بولىشىدا ئىپادىسىنى تاپىدۇ، زۇلۇم مېۋىسى مەملىكەتنى ھالاك بولۇشقا ئېلىپ بارىدۇ.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• ئادالەتنى ھىمايە قىلغۇچى پادشاھ بولمىسا، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك ئېتىدۇ، ئاجىزلارنى ھالاكەتكە ئىتتىرىدۇ، كۈچلۈكلەرمۇ ساق-سالامەت قالمايدۇ، چۈنكى ئاجىزلار بىلەن كاتتىلار بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. خەلقلەر ئەھۋالىنىڭ روناق تېپىشىغا ئادالەتتىن باشقا نەرسە لازىم ئەمەستۇر.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• پاسىقتىن ھايا تىلىمە، زالىمدىن ۋاپا تىلىمە.

— ئەلىشىر ناۋايى

• زالىمنى يەر بىلەن تەڭ كۆر.

— موللا بىلال نازىمى

• شاھ ئادىل بولسا، شەھەرگە نېمەت ياغار، شاھ

زالىم بولسا، شەھەرىگە لەنەت ياغار.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ھەق يولىدا ماڭمايدىغان بىۋاپالاردىن يىراق بول، ئۇلاردىن ساڭا جاپا ۋە زۇلۇمدىن باشقا ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• نەرسىنىڭ ئەيىنى كۆرگۈچىلەر ۋە ئارتۇقچىلىقىنى كۆرگۈچىلەر راست كۆرگۈچىلەردۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• دەردى يوق زالىمنىڭ سۆھبىتىدىن ئىغىز ئاچما، ئالدامچى، نامەردلەرنىڭ مۇلايىمىتى ھەققىدە ئۇن چىقارما.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ھەممە نەرسىنىڭ تەرتىپ-قائىدىسى بار، قائىدە بويىچە ئىش قىلسا، كىشىنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ، قائىدە بىلگەن ئادەم تۆرگە ئېرىشىدۇ، تەرتىپ-قائىدىنى بىلمەيدىغان قىلىقسىز كىشى كىشىلەرگە ئارىلاشسا، ئىشى يورۇشمەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەگەر ئادالەت بىلەن سورالسا، مەملىكەت ئاۋات بولىدۇ.

— قەلەندەر

• ھەقىقەت جىلۋە قىلغۇچىدۇر، ئەسلىنى ئالغاندا، ئۇنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ.

— مۇھەممەد سىدىق زەلىلى

## خان، پادىشاھ، بەگ، ئەمەلدارلار توغرىسىدا

• ئەگەر بەگلەر بەخت بەلگىسى سۈپىتىدە ياخشى بولىدىكەن، پۈتۈن خەلقمۇ شۈبھىسىز ياخشى بولىدۇ، بۇ ئەلدە يامانلارنىڭ يۈزىدە شادلىق جىلۋە قىلمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئادالەتلىك، توغرا بەگ ئېنىق سائادەتتۇر، سائادىتى ئارقىلىق ھەممىگە ئۆز ئۆلۈشىنى بېرەلەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئادالەتلىك بەگنىڭ يۈزىنى كۆرسە، قۇتلۇق بولىدۇ، ساۋاب تاپىدۇ ۋە گۇناھىدىن خالاس بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• خەلق قويغا ئوخشايدۇ، بەگ ئۇنىڭ قويچىسى، قوي باققۇچى قويغا مېھرىبان بولۇشى كېرەك.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بېگى خەلققە ئىشەنچلىك، ياخشى بولسا، ئۇنىڭ پايدىسىدىن بارچە خەلق بەخت تاپىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قايسى ئەلنىڭ بېگى ياخشى ۋە توغرا بولسا، شۇ

ئەلنىڭ خەلقى بېيىيدۇ، كۈنى تۇغىدۇ.

• ئـەي ئەلىگ، بۈگۈن سەن خەلققە باشچىسەن، خەلقنى ئاسرا، ئەقلىڭ بىلەن ئويغاق تۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بەگلەر خەلقنى بىلىم بىلەن ئىگەللەيدۇ، بىلىم بولمىسا، ئەقىل ئىشقا يارىمايدۇ.

كىشىلەرنىڭ يامىنى يالغان سۆزلەيدۇ، يامانىنىڭ ئەڭ يامىنى ۋەدىسىدىن يانىدىغانلاردۇر.

ئەركەك ئېغىزدىن چىققان سۆزىدىن يانمايدۇ، سۆزىدىن يانغانلارنى خوتۇن دەپ ھېسابلا.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بەگ ئـەلـگە قانۇن يۈرگۈزسە ۋە ئادىل بولسا، ئىستىگەن ئارزۇ-تىلەكلىرىگە ئېرىشەلەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بېگى ياخشى بولسا، بارچە خەلق تەرتىپلىك، قىلىقلىرى ياخشى، خۇي-پەيلى گۈزەل بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بەگـلـەر كىشىگە كۈلۈپ باقسا، ئۇ كىشىنىڭ ئەقىل-كۆڭلى جانلىنىپ، ئۆزى مەغرۇرلىنىدۇ. بەگلەر كىشىگە خۇشخۇي چىراي ئاچسا، ئۇ كىشى ئېتىبارغا ئىگە بولىدۇ، سۆزى ئۆتىدۇ. بەگلەر كىمنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسا، ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە يېقىنلىق قىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قانۇننى ئادالەت ئۈستىگە ئورنات، توغرا قانۇن بىلەن بەگلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دۇنيا ھاكىمى ئۈچۈن مىڭ تۈمەن پەزىلەت كېرەك، بۇ پەزىلەتلەر بىلەن دۇنيا ھاكىمى جاھاننى سورىيالايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• يالغانچى كىشى بىلەن دۇنيا بۇزۇلىدۇ، توغرا، چىن كىشىنى دوست تۇت، ئەي ھوقۇقدار.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىر باشلىق مەنسىپى بار ۋاقىتتا يامانلىق بىلەن ئاتالغان بولسا، مەنسىپىمۇ بۇلغانغان بولىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئەي ئەلىگ، تىرىشقىن، ئۆزۈڭ ياخشى بول، خەلقىنىڭ بېگى ياخشى بولسا، خەلقىمۇ ياخشى بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بالا كەلتۈرۈش، زورلۇق قىلىش ئورنىغا سەن ياخشىلىق قىلغىن، سۆز ۋە ئىشىڭ بىلەن خەلقنى سۆيۈندۈرگىن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• پادىشاھ- بولغۇچى بىر ئاتىغا ئوخشايدۇ، ئاتا ئوغلىنى ياخشى كۆرۈپ، شەپقەت قىلغاندەك، خەلقنى ياخشى كۆرۈپ، شەپقەت قىلىشى لازىم. ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەن

نەرسىلەرنى ئۇلارغىمۇ راۋا كۆرمەسلىك، مال ۋە جاننى ئۇلاردىن ئايىماسلىق، پۈتۈن كۈچ قۇۋۋىتىنى ئۇلارنىڭ بەختسائادىتى ئۈچۈن سەرپ قىلىشى لازىم. پادىشاھ قانچىكى مېھرى-شەپقەتلىك بولسا، ئاللاتائالا پادىشاھقا شۇنچە رەھمەت نەزىرى بىلەن باققۇسى.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• ئادىل، توغرا بەگكە ئىگە بولغان خەلق بەختلىكتۇر، خەلقى بەختلىك بولغان بەگمۇ سائادەتلىكتۇر.

يامانلارمۇ، ياخشىلارمۇ ئۆلسە تۇپراققا ئايلىنىدۇ، گەرچە تۇپراققا ئايلانسىمۇ نامى قالىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بەگلىك ناھايىتى ياخشى، ئەمما تېخىمۇ ياخشىراقى قانۇندۇر، ئۇنى توغرا يۈرگۈزۈش كېرەك.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بەگ سىياسەت ۋە قانۇن بىلەن ئەلنى تۈزەيدۇ، خەلق ئۆز قىلىقىنى سىياسەتكە قاراپ ئوڭشايدۇ.

ئەگەر خەلقنىڭ باشچىسى ياخشى بولسا، ئۇنىڭ بارلىق خىزمەتچىلىرى ياخشى بولىدۇ، پۈتۈن خەلقى بېيىيدۇ، دۇنيا تۈزىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• پادىشاھنىڭ مۇھەببىتى خەلقنىڭ كۆڭلىدە ئورۇن تۇتسا، خەلق پادىشاھدىن ھېچ نېمىنى ئايىمايدۇ.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• ئەي قىزىل يۈزلۈك ئىنسان، ئىش-ھەرىكەت

ئادىل بولسا، بەگلىك ئۇلۇغ ھەم ناھايىتى ياخشى نەرسىدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بەگدە ياخشى خۇلق ۋە مىڭ خىل ھۈنەر-پەزىلەت بولغاندىلا، ئاندىن ئەل-يۇرتنى باشقۇرۇپ، تۇماننى تارقىتالايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەي ھاكىم، كىشىلەر ئالىملار بىلەن بەخت، دۆلەتكە ئېرىشىدۇ، ئۇلارنى قەدىرلە، نېمە دېسە شۇنى قىل، رەت قىلما، ئېگىل، بۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنى، ھەققىنى ئۈكسۈتمە، تەمىنلەپ تۇر، موھتاجلىققا چۈشمىسۇن، ئۇلار كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن باشقىلارغا ئۆگەتسۇن، بىلمىسىزلەر ئۇلاردىن ئۆگەنسۇن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەي قانۇن تۈزگۈچى، ياخشى قانۇن تۈز، يامان قانۇن تۈزگۈچى ئۆرە يۈرسىمۇ، ئۆلگەنگە ھېساب.

ئەي ئەلنىڭ بېشى دانا، يامان نىزام تۈزمە، ئۇ يامان بولىدىكەن، جاھاننى ئىگەللىيەلمەيدۇ.

بىرەرسى ئۆز زامانىسىدا يامان قانۇن تۈزسە، ئۆزىدىن كېيىن يامان نام قالدۇرىدۇ. كىم بولمىسۇن، ياخشى بىر قانۇن تۈزۈپ قويسا، ئۇنىڭ بىلەن ئۆز نامىنى تىكلەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قايسى بەگ ھوشيار بولسا، ئېلىنى

مۇستەھكەملىيەلەيدۇ، دۈشمەننى بويۇن ئەگدۈرۈپ، ئۇنى يوكەتلىيەلەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئۇلۇغ ئىشلاردا باش ئاغرىقى كۆپ بولىدۇ، باش ئاغرىقى ھەل قىلىنمىسا، بەگلىك قولدىن كېتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قارا، بەگلىكنىڭ ئۇلى ھەق-ئادالەتتۇر، بەگلەر ئادىل بولسا، ھاياتتا ھالاۋەت بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دۇنيانى تۇتقۇچى كىشى ئەقىل-پاراسەتلىك بولۇشى كېرەك، خەلقنى ئىدارە قىلغۇچى ئۇچۇن يۈرەك كېرەك.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئاۋام ياخشى بولسا، بىر ئۆزىگىلا بولىدۇ، بېگى ياخشى بولسا، خەلق ياخشى كۈن كۆرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەي جاھان باشقۇرغۇچى، ئەلنى سورىماق تىلىسەڭ ئېھتىياتچان بول.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بەگ مۇشەققەت چېكىپ ئەل باشقۇرسا، خەلق تىنچ-ئامان بېيىيدۇ، خەلق بېيىسا، بەگ تىلىكىگە يېتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• توغرا بەگنىڭ نامى قەيەردە شۆھرەت تاپسا، ئۇنىڭ

ئالدىغا بارغۇلۇق، ئۇنىڭدىن كىشى بەختكە ئېرىشىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشىنىڭ كۆڭلى باغ، ئۇنى ياشارتقۇچى سۇ بەگلەرنىڭ سۆزى بىلەن ياخشى نەسىھەتىدۇر.

قايسى باغقا ئۆكسۈمەي سۇ كىرىپ تۇرسا، ئۇنىڭدا تۈمەنمىڭ خۇشپۇراقلىق گۈل-چېچەك ئېچىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بەگ ياخشى بولۇپ، ئادالەت بىلەن ئىش كۆرسە، خەلق ئۈچۈن نەقەدەر قۇتلۇق زامان بولىدۇ-ھە!

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• پەزىلەت، قائىدە-يوسۇن قانداق كىشىدە بولسا، ئۇنى «بەگ» دەپ ئاتاپ، ئەلدە يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. بۇنداقلار مۇكەممەل بەگ بولۇپ، خەلقنى باشلايدۇ، كىشى ئۇنىڭدىن ھەممە ياخشىلىقلارغا ئېرىشىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بەگ بىلىملىك، ئىدراكلىق، توغرا بولۇشى، يۈرەكلىك ۋە ئەقىللىق بولۇپ، شۆھرىتىنى يۈكسەلدۈرۈشى كېرەك. سېخىي ھەم دۇرۇس، ھايالىق ۋە سىلىق، كۆيۈمچان بولۇپ، ئېلىنى پۇختا قوغدىشى لازىم، كۆزى توق، سەۋرچان ۋە كەمتەر، شەپقەتلىك، ئەپۇچان، مۇلايىم بولۇشى كېرەك، پۈتۈن پەزىلەتلەردە ھەركىمدىن ئۈستۈن تۇرۇشى، خەلققە ياخشى قانۇن يۈرگۈزۈشى كېرەك. قايسى بىر ئەلنىڭ مۇشۇنداق بېگى بولسا، ئۇ ئەل خەلقى نىجات

تاپىدۇ، دەردتىن خالاس بولىدۇ، ئەلدە بەخت قۇياشى تۇغىدۇ، ئاسايىشلىق بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• خەلقنى باشلىماق بۈيۈك ۋە ئېغىر ئىشتۇر، دائىم باش ئاغرىقى مۇشەققەت كەلتۈرىدۇ. نەزەر سالساڭ، خۇشاللىقى ئاز، قايغۇسى كۆپ، ماختىنغۇچى ئاز، سۆككۈچىلەر كۆپ.

قاياققىلا قارىساڭ قورقۇنچ باسىدۇ، بۇنىڭ شادلىقىنى سورىساڭ تېخىمۇ ئاز، ئۇنى سۆيمىگۈچىلەر كۆپ، سۆيىدىغانلار ئاز، غەۋغاسى كۆپرەك، راھىتى ئاز.

ھەممە يەردە كۆڭۈل خاتىرجەم بولمايدۇ، كۆڭۈل خاتىرجەمسىزلىكى چوڭ ئازابتۇر، نەزەر سالساڭ، ھەممە ئىشتا بىر خەتەر بار، خەتەرلىك ئىش كىشىنىڭ لەززىتىنى قاچۇرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەلىگىنىڭ بويىنى گويا قىلدەك، بېشى گۈمبەزدەك.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئاقىللار ئەيتىپتۇركى، سورالغان گەپكە جاۋاب بەرمەك لازىم. خەلقنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستۈڭگە ئالغان ئىكەنسەن، ھاۋالە قىلمىغىن، تاڭلا سوئال-سوراق ۋاقتىدا بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىڭغا توغرا كېلىدۇ، ئۆزۈڭنىڭ غاپىل، بىخەۋەر ئىكەنلىكىڭنى ئېيتىپ ئۆزرە

سورىسالىڭ ئاقمايدۇ.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• ئەقىلسىز، ئىدراكسىز كىشىلەر بىلىمنى بۇزىدۇ، بىلىمسىز كىشىلەر خەلقنى قاقشىتىدۇ.

بەگ بىلىمسىزگە ئورۇن، دەرىجە بەرسە، بەگكە زىيانلىق بولىدۇ، بۇنى بۇرۇنراق بىلىپ قوي، ئەي بەگ، بىلىمسىزگە قول بەرمە.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەي كۆپنىڭ ئىچىدىن تاللانغان كىشى، ئەقىللىقنى بىل، بىلىملىكلەرنى خەلقنىڭ چوڭى قىل.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئادەم ئالدى بىلەن ھايۋاننىڭ قۇرسىقىنى تويغۇزىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىدۇ.

خەسىسلىك بىلەن بەگلىك دۈشمەنلىك بولىدۇ، خەسىسكە ھەممە يەردە نىزا پەيدا بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەي ئەلىگ، كىشىلىك مۇرۇۋۋەت قىلىش دېمەكتۇر، مۇرۇۋۋەت كىشى ئۈچۈن تەرىقەتتۇر، مۇرۇۋۋەت، تەرىقەت روشەنكى، كىشىنىڭ ئەمگىكىنى بىلىش، ئۈلۈش بېرىش دېمەكتۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دۇنيادا نامىڭنى چىقىراي دېسەڭ، ئىمكانىقەدەر مۇساپىرلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشقىن.

سەن ھەقىقىي مەشھۇر بولۇشنى خالىساڭ،
سودىگەرلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىل، ھەققىنى بەر.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سۆزلەرنى ئاڭلىغىن، لېكىن راست-يالغىنىنى تەكشۈر، راستىنى ئۆزۈڭدە قالدۇر، يالغىنىنى جازالىغىن.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئاچكۆز كىشىلەرگە ئەلدە ھوقۇق بەرمە، شۈبھىلەنمىگىنكى، ئۇلار روناق تاپقان ئەلنى بۇزىدۇ.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• نەقەدەر ئەقىللىق، سەگەك بەگ بولسىمۇ، چېقىمچىلار يېقىن بولسا، ئۇنىڭغا مالاللىق كەلتۈرىدۇ.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بارلىق ياخشى كىشىلەرنى قەدىرلە، يۈكسەلدۈر، يامانلارنى يېنىڭدا تۇتما، ئېلىڭدىن قوغلا، يامان نىزام يۈرگۈزمە، ياخشى قانۇن يۈرگۈز، كۈنۈڭ ياخشى بولىدۇ، بەخت كەمىرى يار بولىدۇ.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئاۋام مەيخور بولسا، مال-دۇنياسى شامالدەك ئۇچۇپ كېتىدۇ.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• يامانلارنى خورلىساڭ، يۇرۇش-تۇرۇشنى توغرىلايدۇ، ياخشىلارنى ھۆرمەت قىلساڭ، قىلىقلىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىم ئەقىللىق بولسا، شۇنى يېقىن تۇت، بىلىملىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، ھەققىنى بەر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىشەنچلىك، چىن، توغرا ۋە ياخشى نام چىقارغان كىشىلەرنى ئۆزۈڭگە يېقىن تۇت، ئۇلارغا ئىشىڭنى تاپشۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەي ئەلىگ، بېخىل بولما، سېخىي بولغىن، سېخىيلىق نامى ئۆلمەيدۇ، مەڭگۈ قالىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەرنى ماختىساڭ قورۇق قول بىلەن ئارسلان تۇتىدۇ، ئاتنى ماختىساڭ يۈگۈرۈپ، ئۇچار-قاناتلارغا يېتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بەگ ھوشيار بولسا، ئەلگە ھېچكىم قول تەگكۈزەلمەيدۇ، قول تەگكۈزسە، ئەقىل-پاراسەت، بىلىم بىلەن تەدبىر كۆرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• يامان، زوراۋان بولسا، ئۇنى پەقەت ئۆستۈرمە، ھوقۇق بەرمە، ئۇ سېنى نادامەتتە قالدۇرىدۇ، يامان، ئۆكتەملەرنى ئۆستۈرمە، بېيىتما، شۈبھىسىز، شىپالىق دوراڭنى زەھەرگە ئايلاندۇرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• پايدىلىق قول ئوغۇلدىنمۇ يېقىندۇر، پايدىسىز

ئوغۇلنى دۇشمەن دەپ بىل، ئۇنىڭدىن ساقلان!

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھارامغا ئارىلاشما ۋە زوراۋانلىق قىلما، كىشى قېنىنى تۆكمە، دۇشمەنلىك قىلما ۋە قىساس ئالما، مەي ئىچمە، پىتنە-پاساتتىن قېچىپ، يىراق تۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئادىل پادشاھ باھار يامغۇرى بىلەن قوياشتەك گۈللەرنى ئېچىلدۇرىدۇ، مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن-گۆھەرلەرنى چاچىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئادىل پادىشاھنىڭ ئادەت-قىلىقى پەقىرلەرگە سېخىيلىق-مېھرىبانلىق بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئاچلار غىزاسى ئۇنىڭ ئېھسان داستىرخىنىدۇر، يالىڭاچلار كىيىمى مەرھەمەت خەزىنىسىدىندۇر. ئادىل پادشاھ گويا مەملىكەت بېغىنى ئاۋات قىلىدىغان يامغۇرلۇق بۇلۇت، مەملىكەت خەلقىنىڭ كۆزىنى روشەنلەشتۈرىدىغان قوياشتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ساداقەتنى خىيانەت بىلەن ئارىلاشتۇرما، يارامىلىقنى يارامسىز بىلەن بىللە تۇتما، بىر ئىشنى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى كىشىگە تاپشۇرما، ئىشەنگىنىكى، بىر-بىرىگە دۆڭگىشىپ، ئىش قىلىنماي قالىدۇ، ئىشگىنى ئىش بىلىدىغان كىشىلەرگە تاپشۇر، ئىش قىلىشنى بىلمىگەن كىشى قىيىنىلىپ، قايغۇغا چۈشىدۇ.

خىزمەت قىلدى، دەپلا كۆرگەنلا كىشىگە ئىش تاپشۇرما، ئىشنى ساڭا پايدا كەلتۈرەلەيدىغان كىشىلەرگە بەرگىن، ئەل مەنپەئىتىنى ۋە ئۆزەڭنىڭ مەنپەئىتىنى تىلىگىن، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىگە كۆز تىكمە، ئۇنىڭغا ئىلىنما، باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە قارىما، ھەركىم ئۆز پايدىسىنى كۆزلەيدۇ، ئەل مەنپەئىتىنى كۆزلىگىن، ئۆزۈڭنى زورمۇزور بۇزما، ساڭا كىم پايدىلىق بولسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا پايدىلىق بول، پايدىسى تەگمەيدىغان كىشىنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇر، پايدىلىق كىشىنى قەدىرلە، ھۆرمەت قىل، مۇھىم ئىشلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇر، بۇلارنى ئىجرا قىلساڭ، ئەل روناق تاپىدۇ، نامىڭ ياخشى بولىدۇ، ئۆزۈڭ بەخت تاپىسەن، سىنىڭدىن كېيىن نامىڭ، سۆزۈڭ يادلىنىپ قالىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ



# قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، جەسۇرلۇق، چىدام توغرىسىدا

• يۈرەكلىك دېگىنىمىز ئار-نومۇسلۇق ئەردۇر، نومۇسلۇق ئەر ئۆلسە، ئۇرۇشۇپ ئۆلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• چىداملىق بول، چىداملىق بولغان ئەر دۈشمىنىنى يېڭەلەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كېلىن قىزنىڭ شادلىقى توي كۈنىدە؛ جەسۇر ئەرنىڭ شادلىقى جەڭ كۈنىدە بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشى ئۆلۈمنى ئۇنۇتسا، دۈشمىنىنى يېڭىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• جەسۇر، باتۇر ئەرگە مال ئۆكسۈمەيدۇ، ئالغۇر ئاق لاچىن ئۈچۈن يەم ئۆكسىمەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• خارلىق ھاياتتىن ئۆلۈم گۈزەلرەك، چۈنكى بەزى نومۇسسىز ئىشلارنى ھېچقانداق كىشى ئۆچۈرەلمەيدۇ.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• قەھرىمانلىق ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتتۇر، ئۇنىڭغا ئەقىلگە مۇۋاپىق غەيۇرلۇق بىلەن ئېرىشكىلى، ئۇنى خەتەرلىك ئىشلار ئىچىدە، جۈملىدىن ئۆز-ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتا ئىپادىلىگىلى بولىدۇ.

— ئەبۇنەسىر فارابى

• بولىدىغان ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا بەلگىسى بولىدۇ، مېۋە-چېۋىنىڭ بولۇشىنى چېچەكىدىن كۆرۈش لازىم. مەرد-جەسۇر بولۇپ يېتىشىدىغان ئوغلانىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىلا بەلگە نىشانى بولىدۇ، ھەممە نەرسە بۇنىڭغا ئوخشاش دەپ بىلىشى لازىم.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• يۈرەكلىك كىشى يۈرەكسىزلەرگە باشلىق بولسا، ئاندىن ھەممە كىشى يۈرەكلىك بولىدۇ، قارا، ئارسلان ئىتلارغا باش بولسا، بارچە ئىتلار ئارسلاندەك بولىدۇ، ئەگەر ئارسلانغا ئىت باشچى بولسا، بارچە ئارسلانلار ئىت سىياقىغا كىرىپ قالىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• پاشا يۈز يىل ئۆمۈر كۆرسىمۇ، پىلنىڭ كۆتۈرگەن يۈكىنى كۆتۈرەلمەيدۇ.

— موللا سىدىق يەركەندى

• ئارپىسىز ئات قىر ئاشالمايدۇ، ياردەمچىسىز باتۇر سەپنى يېمىرەلمەيدۇ.

— مەھمۇد قەشقەرى

• باتۇرلارنى خار قىلما، يۈگرەك ئاتنى يېغىر (قىلما).

— مەھمۇد قەشقەرى

• پۈتكەن ئىشقا ئىگە تولا، ئۇرۇشتىن كېيىن باتۇر (تولا).

— مەھمۇد قەشقەرى

• قىسماقتىن قورققان قۇش قىرىق يىل ئاچا ياغاچ ئۈستىگە قونمايدۇ، يىلان چاققان كىشى ئارغامچىدىن قورقىدۇ.

— مەھمۇد قەشقەرى



## ئەمگەك ۋە ھۈنەر-كەسىپ توغرىسىدا

• قايسى نەرسىگە كىشىنىڭ ئەمگىكى سىڭسە، شۇ نەرسە سۆيۈملۈك، ئەزىز جانىنىڭ يىلتىزى بولىدۇ، كىشى ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ ئەمگەك سىڭدۈرسە، ئۇنى سۆيۈشى، ئېغىر چۈشسىمۇ يۈكىنى كۆتۈرۈشى كېرەك.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ۋۇجۇدقا چىقىرىش ناھايىتى جاپالىق بولغان بىر ئىشنى قىلىشقا تەرەددۇت قىلساڭ، ئىككىلىنىپ قالغاندا، ئاۋۋال ئەمگىكى ئازراق بولىدىغان، ئازارى كەمرەك بولىدىغان تەرىپىنى تۇت، دۇنياغا تەئەللۇق ئىشنى چوڭ چاغلىما.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئەمگەككە بېرىلمىگەن ئۆمۈرگە ئېسىت، دە! ھايات ئۈچۈن ئەپسۇسلانما، ئەمگەك ئۈچۈن ئەپسۇسلان.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئۆزۈڭ ھەر قانداق بىر ياخشىلىقنى خالىساڭ، خىزمەت قىل، خىزمىتىڭ يۈزۈڭنى يورۇق قىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئۆزۈڭنىڭ مېھنىتى بىلەن كەلگەن بىر تىيىن،

باشقىلار بەرگەن خەزىنىدىن ئەلا.

— ئەلشىر ناۋايى

• كىــمنىڭ ھۈنەر-پەزىلىتى بولسا، ئۇنىڭ نامى چىقىدۇ، ئەگەر ھۈنەر-پەزىلىتى بولمىسا، نامسىز قويىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشىنىڭ ئەمگىكىنى بىلمەيدىغان كىشىنى كىشى دەپ ھېسابلىما، ئۇ ھايۋانغا باراۋەردۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بۇ جاھاندا ھەر كىشى ئۆز كەسپىنى مەشق قىلىش ئارقىلىق كامالىغا يېتىدۇ. ئەگەر ئۆز ئىشىغا ئادەتلەنمىسە، ئۇنىڭغا ھەممە ئىش مۈشكۈل بولغۇسىدۇر.

— موللا سىدىق يەركەندى

• ئــوغــاي قــولــغا كەلگەن مال ئۇزاق تۇرمايدۇ، پۇشايمان قىلىش بىلەن باھاسى ئاشمايدۇ.

— ئەلشىر ناۋايى

• تۆرگــە نــالايــىق كىشى خىزمەت بىلەن تۆرگە ئــېرىــشــىــدۇ، يارامسىز ياراپ قالسىمۇ، پەقەت پەگاھىدىلا ئېرىشىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كــىشى پەزىلىتى بىلەن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ھۈنەر -پەزىلىتى كۆپ بولسا، كىشى ئۇچقاندەك يۈكسىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قــايــسى نــەرسىگە كۆپرەك ئەمگەك سىڭدۈرگەن

بولسا، شۇ نەرسە ھەممىدىن ئەزىز ۋە سۆيۈملۈك بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• خىزمەت قىلما، ئەگەر قىلساڭ، ئەرزىگەنگە قىل، لاياقەتلىك بەگ خىزمەتكارنىڭ ھەققىنى بىلىدۇ، خىزمەت قىلما، ئەگەر قىلساڭ، سېخىينىڭ خىزمىتىنى قىل، بىلگىنكى، سېخىينىڭ ئۆيى ئالتۇن، ئىشىكى كۈمۈشتۇر، ئەي خىزمەت قىلغۇچى، خەسىسكە خىزمەت قىلما، بولمىسا ئۆمرۈڭ زايە كېتىدۇ، ئۆزۈڭ يامان بولىسەن، خەسىس ئۆز نەرسىسىنى ئۆزىدىن ئايايدۇ، ئېيتقىنچۇ قانداقمۇ باشقىنىڭ ھەققىنى بېرىدۇ؟!

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• خىزمەتچى دۇنيا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىكەن، ئەگەر دۇنياغا ئېرىشمىسە، مەجبۇرىي ئەمگەك قىلغان بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• خىزمەتچىنى خىزمەتتە پىشۇرۇش، سىناش ۋە بايقاش كېرەك، قەدىر-قىممەتنى بىلسە، ئاندىن يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• خىزمەتكە ئەجىر سىڭدۈرسە، كىچىكلەرمۇ ئۇلۇغ بولىدۇ. خىزمەت قىل، خىزمەت بىلەن قۇل بەگ بولىدۇ، خىزمەت كۆرسەتمىسە، كىممۇ تىلىكىگە يېتەلىسۇن؟!

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• گۆھەرلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ھۈنەرنىڭ كۆپ بولۇشى ياخشىدۇر، ھۈنەرسىز كىشى خۇددى ياپراقسىز دەرەخكە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۇلى ۋە شېخى بولغان بىلەن، سايىسى بولمايدۇ، ھۈنەرسىز كىشى قانچە ئالىي نەسەبلىك ئېسىلزادە بولغىنى بىلەن خالايىق ئارىسىدا ھۆرمەتكە ئىگە بولالمايدۇ.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

• نىيەت ئەمگەك بىلەن بارلىققا كېلىدۇ، ئالتۇن بوتا ئىچىدە ساپ بولىدۇ.

— مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى

• ھۈنەر ئۆگەنمەسلىك ۋە تىرىشماسلىق جاھىللىق ھەم موھتاجلىققا رازى بولغانلىق بولىدۇ.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

• ھۈنىرى يوق يۈزكىشى يالغۇز كىشىگە تەڭ، يالغۇزكىشىنى قانداقمۇ ئادەم قاتارىدا سانىغىلى بولسۇن؟!

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئىشلىگەنلەر نازۇنېمەت يەيدۇ، بىكار ئۆتكەنلەر ھەسرەت (يەيدۇ).

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئىلىم بىر ھۈنەردۇر، مۇشۇ ھۈنەرنى كەسىپ قىلغاندا، دۇنيانىڭ نېمىتىنى ئۇندۇرغىلى بولىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ھەسەل نەدە بولسا، ھەرىسىمۇ بىللە بولىدۇ،

ھەسەل يېيىشتىن ئاۋۋال ھەرىنىڭ زەھەرىنى تېپىشقا توغرا كېلىدۇ.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• ھەر خىل جىنسىتىكى ئادەملەر دۇنياغا تۆرەلگەن ۋە ھايات مەھەللىسىدە ھەر خىل ماكان تۇتقانىكەن، ئەمگەك قىلىشى، پېشانىسىدىن تەر ئاققۇزۇپ رىزىق ھاسىل قىلىشى لازىم.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

• ھۈنەر ئۆگەنگىن، ئۆگەنگەندە سوراشتىن نومۇس قىلمىغىن، نېمىنى بىلمىسەڭ، شۇنى ئۆگىنىشكە تىرىشقىن.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

• جاپا شارابى قانچە ئاچچىق بولسىمۇ، ئۇنى ئىچكىن، چۈنكى، تۇز ئاچچىقتەك كۆرۈنگىنى بىلەن تاماققا تەم كىرگۈزىدۇ.

— مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى

• ئىسراپچىلىق ئاپەتتۇر.

— ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

• تائامنى ئىسراپ قىلىدىغان ئىشنى تۇتما، داستىرخانغا يەتكىدەك تائام قوي، ئارتۇق قويۇش ئىسراپچىلىق ۋە خارلاش بولىدۇ.

— موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

# ئىلىم-مەرىپەت، ئەقىل-ئىدراك توغرىسىدا

• بىلىمنى بۈيۈك، ئىدراكنى ئۇلۇغ نەرسە دەپ بىل. بۇ ئىككىسى خىللانغان بەندىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىمسىز دۆلەت بىلەن يۈكسەلگەن يەردە، بىلىملىك نام-شۆھرىتى بىلەن تېخىمۇ يۈكسەكرەك بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەر بىر پەزىلەتتە ئۈستۈنلۈك بار، ئەمما، ئىلىمنى ھەممە پەزىلەتتىن ئۈستۈن تاپتىم، ئىلىمدىن باشقىسىنى زەخىر(سەرمايە) دەپ ھېسابلىما، چۈنكى ئىلىم دېگەن تۈگىمەس خەزىنە.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• بىلىملىكنىڭ سۆزى تۈگىمەيدۇ، ئېقىپ تۇرغان سۇزۇك بۇلاقنىڭ سۈيى ئۆكسىمەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىمدە ئىدراك بولسا، ئۇلۇغلۇققا ئېرىشىدۇ، بىلىم كىمدە بولسا، ئۇ بۈيۈكلۈككە ئىگە بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەر كىشىنىڭ زىننىتى بىلىم بىلەن، خوتۇن كىشىنىڭ زىننىتى كىيىم بىلەن.

— ئەلىشىر ناۋايى

• پاراسەتلىك ئۇقالايدۇ، بىلىملىك بىلەلەيدۇ، بىلىملىك پاراسەتلىكلەر تىلىكىگە يېتەلەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەر ئىشنى ئىدراك بىلەن چۈشىنىپ، بىلىم بىلەن بىل، كۆڭۈلڭ قۇتلۇق، يولىلىرىڭ سائادەتلىك بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دۆلەت بىلىمسىزگە كېلىپ ياراشقانىكەن، بىلىملىكنى تېخىمۇ ئوبدان كۆرۈپ، بەكمۇ يارىشىدۇ، دۆلەت بىلىمسىز بىلەن بىللە تۇرغانىكەن، بىلىملىككە تېخىمۇ مۇستەھكەم باغلىنىپ تۇرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىدراكلىق ئادەم توغرا، سۆزدە مۇلايىم بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ئۇ تەمكىن، مۇلايىم ۋە ناھايىتى سەۋرچاندۇر، ئىشىنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتىپ، ئالدىرىماي ئىشلەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بەختنىڭ بەلگىسى بىلىم.

— مەھمۇد قەشقەرى

• ئادەم بىلىمى بىلەن تونۇلىدۇ، بىلىمسىز ئادەم تىرىك تۇرسىمۇ ئۆلۈكتەكلا كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ، بىلىملىك

كىشى ئۆزى ئۆلسىمۇ، نامى ئۆلمەيدۇ، بىلىمسىزلەر تىرىك بولسىمۇ، نامى ئۆلۈك بولىدۇ.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• ئىلىم-مەرىپەت ئابى ھاياتقا ئوخشاشتۇر، ئۇنى ئىچكەن ئادەم ئۆلۈمدىن نىجات تاپىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئىدراك ئىشقا سىڭىنسا، بىلىم باشچىلىق قىلسا، كىشى قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئىش ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەقىلنىڭ پايدىسى بەكمۇ كۆپ، كۆپ ياخشىلىقلاردا ئەقىلنىڭ ئۈلۈشى بار.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قايسى ئىشتا ئىدراكنى بىرىنچى ئورۇنغا قويسا، شۇ ئىش بىر باشقا چىقىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىملىك كىشىنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەقىل-ئىدراكلىق كىشىنىڭ ئورۇقى ياخشى بولىدۇ، ئۇ قەيەردە بولسا يۈكسىلىدۇ، شۆھرەتتىن مەھرۇم قالمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىلىم مەشئەللىرى كىشىلەرگە توغرا يولنى

كۆرسىتىدۇ، قاراڭغۇ كېچىنى نۇرلاندۇرۇپ، يولدىن ئازغانلارنى توغرا نىشانغا باشلايدۇ، نىجاتلىق، ئازادلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

— ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

• كىمگە بىلىمدىن ئۈلۈش تەگمىگەن بولسا، ئۇنى تىرىك دېمەي، ئۆلۈك ھېسابلا.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىلىم بىلەن نىجات تاپ، مەڭگۈ ياشايسەن.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• ئىنسان بىلىم بىلەن يۈكسىلىپ، شۆھرەت تاپىدۇ، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ھەر قانداق ئىشنى ئورۇندىيالايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىمسىز كىشى قۇرۇق سۆلەت، رەسمدۇر، بىلىملىك كىشىنىڭ ئورنى كۆكتىنمۇ ئېگىزدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• خۇدا كىمگە ئەقىل-ئىدراك، بىلىم بەرسە، ئۇ پۈتۈن ئارزۇ-ئارمانلىرىغا قول يەتكۈزەلەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• نەقىل قىلىنىشىچە، بىر ۋەزىر ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: " ئەي، ئوغلۇم، سەن كۆپچىلىكنى باشقۇرسەن، ئەقىلىڭ سېنى باشقۇرىدۇ، كۆپچىلىك سېنىڭ يول كۆرسىتىشىڭگە بويسۇنغانىكەن، سەنمۇ ئەقلىڭنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنغىن ۋە ئەقلىڭ بىلەن كېڭىشىپ ئىش

قىلغىن، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، ئۆزۈڭگىمۇ، خالايىققىمۇ زىيان يەتكۈزىسەن.» دېدى.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• ئەقىلنىڭ ھەرىكىتى قېرىدەك، ئۆزى ياش ئوغلاندەك، ئەقىل-ئىدراك قەيەردە بولسا، بېرىپ، ئۇنىڭغا يېپىشقىن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىم گويا كىمىيادۇركى، پۈتۈن نەرسىنى ئەتراپىغا يىغىدۇ، ئۇ ئىدراك ئوردىسى، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا جەملىنىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشى ئەقىل-ئىدراك بىلەن ئىېسىل ئاتىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەممە كىشى بىلىمى بىلەن بۈيۈك بولىدۇ، دەپ بىل. ھەممە سۆزۈڭنى بىلىم بىلەن سۆزلە.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەممە ياخشىلىقلار ئىلىمنىڭ پايدىسى بىلەن بولىدۇ، ئىلىم بىلەن كۆككىمۇ يول ئېچىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىمنىڭ مەنىسىنى بىل، بىلىم نېمە دەيدۇ، بىلىم بىلگەن ئەردىن ھامان كېسەل يىراقلىشىدۇ، بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ بارچىسى كېسەلچان كېلىدۇ، كېسەلنى داۋالىمىسا، كىشى تېزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەقىدراكلىق، بىلىملىك بولۇش ناھايىتى ياخشى نەرسىدۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا ئىرىشسەڭ ئىشلەت، ئۇچۇپ كۆككە يەت.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەقىل كۆركى تىلدۇر، تىلنىڭ كۆركى سۆز، كىشىنىڭ كۆركى يۈزدۇر، يۈزنىڭ كۆركى كۆز.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىملىك كىشى بىلىمنى تىل بىلەن بايان قىلمىسا، ئۇنىڭ بىلىمى يىللاپ ياتسىمۇ ئەتراپنى يورۇتالمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دۇنيادا بىلىمدىن ئەزىز يەنە نېمە بولسۇن؟ "بىلىمسىز" دېگەنلىك ئەر ئۇچۇن سەت، ھاقارەتتۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىملىك بىلىمى بىلەن دوزاختىن يىراقلىشىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىمسىزگە دۆلەت، بەخت كېلىدىغان بولسا، بارچە خەلق بۇزۇلىدۇ، ئەلگە جۇت ـ ئاپەت كېلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىمسىز ئىش يۈرگۈزسە، قوپاللىق بىلەن يۈرگۈزىدۇ، ھەممە ئىشلار بۇزۇلۇپ، ئاسماننى تۇتۇن قاپلايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشى ئىشنىڭ بېشىنى بىلىم بىلەن باشلاپ، ئىدراك قىلىپ چۈشەنسە، ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەقىللىق كىشىلەر ئىشنى ئوڭشىيالايدۇ، ئەقىلسىز كىشىلەرنى ئىشتىن يىراقلاشتۇرۇش لازىم.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىم كۆڭۈلنىڭ چاڭ- توزىنىنى تازىلىغۇچىدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە يۈكسىلىپ بېشىم كۆككە يەتسۇن دېسەڭ، ھەممە ئىشنى كۆزىتىپ بىلىم بىلەن ئىشلە.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەقىل دائىم ئوڭ ئىش قىلىدۇ، ئۇنىڭ سولى يوق، ئۇ چىن ۋە ئىشەنچلىك، ھېچبىر ھىيلىسى يوق.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىملىك كىشى — قىممەتلىك تىللا، بىلىمسىز كىشى نادان، قىممىتى يوق يارماق.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• بىلىم ياكى ھۈنەر-پەزىلەتنى كىشى ئۆگىنىدۇ، ئىدراك بولسا، ئەسلى تەبىئىتىدىن بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئۆزۈڭنىڭ ئىشنى بىلىم بىلەن باشلاپ، بىلىمنى

ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىل.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىملىك كىشى ئۆز نېسىۋىسىگە تولۇق ئىگە بولالايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىمسىزنىڭ كۆڭلى قۇمدەك بولىدۇ، دەريا كىرسىمۇ تولمايدۇ، ئوت-چۆپ ئۈنمەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىمدە ئەقىل ۋە ئىدراك بولسا، ئۇنى "ئەر" دەپ ھېسابلا، قانچە ماختىساڭ ماختا، كىمدە ئەقىل-ئىدراك، بىلىم جەم بولىدىكەن، ئۇنى يامان بولسا ياخشى، كىچىك بولسا، ئۇلۇغ دەپ بىل.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشى ئۈچۈن ئەقىل-ئىدراك نېمىدېگەن ياخشى، ئەقىل-پاراسىتى بولغاندىلا، ئاندىن "دانا" دەپ ئاتاش كېرەك.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىدراكسىز ئۆلۈكتۇر، ئىدراكلىق تىرىك.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئادەم گويا تۈندەك قاراڭغۇ ئۆي بولسا، ئىدراك ئۇنى يورۇتقۇچى مەشئەلدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىدراك كىشى ئۈچۈن بىر كىشەندۇركى، ئۇ

ئادالەت ۋە توغرا ئىشتىن نېرى كەتكۈزمەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشى بىلىمى بىلەنلا ھايۋاندىن پەرقلىنىدۇ، بىلىمدىنمۇ يۈكسەكرەك يەنە نېمە بار؟!

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قارا، ئەقىل-ئىدراك بىر مەشئەل، ئۇ، قارىغۇغا كۆز، ئۆلۈك تەنگە جان، كېكەچ تىلغا سۆزدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• پەنىنى سۆيۈشىمىز لازىم، ئىنسانلاردا پەندىنمۇ كۈچلۈك ۋە تەگداشسىز كۈچ بولمايدۇ.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• ئەقىل-ئىدراكلىق، ۋاپادار كىشى ئادەملەرنىڭ ئېسىلىدۇر، ئۇ باشقىلار ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىلىم-بىلىمدىن قۇدرەتلىك بولغان ھېچقانداق كۈچ يوق، ئىلىم-بىلىم بىلەن قوراللانغان كىشىلەر ھامان غالىبتۇر.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• ئىدراكلىق كىشىلەردىن كىشىلىك كېلىدۇ، بىلىملىك كىشىلەر ئادەمنىڭ ئادىمىدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىدراكلىق ئادەم يامانلارغا ئارىلاشمايدۇ. بىلىملىكنىڭ قىلغان ئىشى توغرا ۋە ئىشەنچلىك بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىدراكلىق كىشلەر ياخشى نام تىلەيدۇ، بىلىملىك كىشلەر ئىشەنچلىك بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىملىك كىشلەر دۇرۇس ۋە توغرا كېلىدۇ، توغرا ئادەم قەيەردە بولسا، كۆنى يورۇق بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىم دوزاخ ئىشىكىنى پىچەتلەيدىغان تامغا بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىملىكنىڭ سۆزىنى ئۈنچە-ياقۇت دېگۈلۈك.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىملىك، زىرەكنىڭ بىلىمى ئەل ئۈچۈن زىننەتتۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىش بىلسە، ئىدراكلىق بىلىدۇ، ئىش قىلسىمۇ بىلىملىك، ئىدراكلىق قىلالايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بارلىق ياخشىلىقلار ئىدراكتىن كېلىدۇ، ئەر بىلىم بىلەن يۈكسىلىپ، مەشھۇر بولىدۇ، بۇ ئىككىسى بىلەن ئىنسان ئۇلۇغ بولىدۇ، بۇ ئىككىسى ئادالەت يولىنى ئاچىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىدراك — كىشى ئۈچۈن ئەزىز ۋە قىممەتلىك

نەرسىدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئــىدراكلىق كىشى ھەممە كىشىدىن ئۇلۇغدۇر، ئىدراك كىشى ئۈچۈن مىڭ خىل پەزىلەتنىڭ باشلىنىشىدۇر، ئىدراكسىز كىشىنى ئادەم دېمەسلىك كېرەك، ئۇ قانچىلىك سۆزلىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك كېرەك.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىدراكنىڭ ئورنى ئۈستۈنكى مېڭىدە بولىدۇ، ئۇ، قەدىرلىك نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئورنى باشتا بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىدراكنىڭ ھەرىكىتى ھەممىدىن ئاۋۋال مۇۋاپىق بولىدۇ، ئايلار، يىللار ئۆتسىمۇ توغرا يولدىن قايمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بــىــلــىــمــنــىــڭ قىممىتىنى بىلىملىك بىلىدۇ، ئەقىل-ئىدراكنىڭ قەدرى بىلىمدىن كىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بــىــلــىــمسىزگە يېقىنلاشما، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ئــۆزىــنى تــۇتــالىغان كىشى بەختلىك ياشايدۇ، بىلىمسىز كىشىدىن يىراق تۇر، ئۇلاردىن قاچ، چۈنكى بىلىمسىزلەرنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى تامامەن قوپالدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىملىكنىڭ سۆزى بىلىمسىزگە كۆزدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىمسىزنى ئارتۇق يېقىن تۇتماسلىق كېرەك، يېقىن تۇتساڭ، شۈبھىسىزكى، قىلمايدىغان ئىشنى قىلىدۇ، قارا، بىلىم بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىر سۆزنى ئېيتىدۇ: ھەر قانداق ئىشقا بىلىم بىلەن قول سېلىش كېرەك.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەقىل-ئىدراك ساڭا ياخشى ۋە ئىشەنچلىك ئاداشتۇر، بىلىم ناھايىتى مېھرىبان قېرىنداشتۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىنسان بىلىمى بىلەن ھەممىگە قول ئۇزىتالايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىپار ۋە بىلىم بىر-بىرىگە ئوخشاش نەرسىدۇر، ئۇنى ئۆزۈڭدە يوشۇرۇپ ساقلاشقا بولمايدۇ، سەن ئىپارنى يوشۇرساڭ، ئۇنىڭ ھىدى بىلىنىپ قالىدۇ، بىلىمنى يوشۇرساڭ، تىلىڭ ئاشكارا قىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىم بىر بايلىقتۇركى، ئۇ زادى كەمبەغەللەشمەيدۇ، ھىيلىگەر ئوغرىلارمۇ ئوغرىلاپ ئالالمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىملىككە بىلىمى يېتەرلىك كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەكتۇر، بىلىمسىزگە ئۆز قىلمىشى ياۋۇز قولداشتۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىدراكلىق كىشى ئۇچۇن ئىدراكىنىڭ ئۆزى چىن

دوستتۇر، بىلىمسىز كىشىگە نامىلا يېتەرلىك ھاقارەتتۇر.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تەلۋە، نادان بىلىم قەدرىنى نەدىن بىلسۇن؟!
قەيەردە بىلىم تېپىلسا، بىلىملىك بېرىپ ئالىدۇ.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەقىل-ئىدراك قەدرىنى ئەقىللىقلەر بىلىدۇ،
ئالىملار بىلىم ساتسا، ئۇنى بىلىملىكلەر ئالىدۇ.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىم ۋە ئىدراك كىشى ئۈچۈن كىشەندۇر،
كىشەنلىك كىشى يارىماس ئىشلارغا يېقىن بارالمايدۇ، كىشى
ياخشى كۆرىدىغان ئىتىنى كىشەنلەپ تۇتىدۇ ئەمەسمۇ؟
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىملىكنىڭ سۆزى ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك جانغا
ئوخشايدۇ.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىدراكلىق كىشى ئادەملەرنىڭ سەرخىلىدۇر.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىدراكلىق، بىلىملىك ۋە ئەقىللىق دانالار
كېڭەشىشكە پايدىلىق بولىدۇ، بۇنىڭدا سۆز يوق.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشىنىڭ كۆڭلى گويا تۈۋسىز دېڭىزغا
ئوخشايدۇ، بىلىم بولسا ئۇنىڭ تېگىدە ياتقان ئۈنچىدۇر،
كىشى دېڭىزدىن ئۈنچىنى چىقارمىسا، ئۇ ئۈنچە ساينىڭ

تېشىدىن پەرقسىز بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ، بىلىم ئال، سائادەت يولىنى تاپ.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• ئالەمدە لەززىتى ئىلىمدىن ئارتۇقراق ھېچ نەرسە يوق.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئەقىل روھنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ۋە كامالىتىنى تەمىن ئەتكۈچىدۇر.

— ئەبۇ نەسىر فارابى

• بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىناردۇر.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• شەرەپ ئەقىل بىلەن ھۈنەردىن، ئۇلۇغلۇق ئىلىم بىلەن پاراسەتتىن ھاسىل بولىدۇ.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

• جاپا چېكىپ ئىلىم ئىگەللىسەڭ، كىتابنىڭ ھەر بىر بېتىدىن ساڭا جەننەتنىڭ ئىشىكى يۈزلەپ ئېچىلىدۇ.

— ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى قىسۇرى

• ئادەمدىكى بىلىم سۆڭەكنىڭ ئىچىدىكى يىلىككە ئوخشايدۇ، ئادەمنىڭ زىننىتى ئەقىل بولسا، سۆڭەكنىڭ زىننىتى يىلىكتۇر، بىلىمسىز ئادەمنىڭ يىلىكسىز سۆڭەكتەك ئىچى كاۋاك، يىلىكسىز سۆڭەككە ھېچكىم قول

ئۇزاتمايدۇ.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• ئىلىم ئىزدىگۈچىلەر زوق ۋە شوق بىلەن ھەر كۈنى بىر مەنزىلنى، ھەر ئايدا بىر شەھەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، مەقسەت يىپىغا ئۈلىنىشنى، ئارزۇ ۋە مۇراد ساھىلىغا يېتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

— ئىمىر ھۈسەيىن سەبۈرى

• ئىلىم-پەن تەلەپكارلىرى ئىلىم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر ھالەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ، ئۇلار ئىلىم ھاسىل قىلىش يولىدا يوقسۇللۇقنىڭ تورلۇك خارلىقلىرىنى كۆتۈرىدۇ، مۇنداق جەبىر-جاپا بىلەن ئىلىم ئىزدىگەنلەر كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ، مەڭگۈ ئىززەت ۋە سائادەت دەرىجىسىگە يېتىش بىلەن، خەلققە مەقبۇل بولۇش شان-شەۋكىتىگە ئېرىشىدۇ.

— ئىمىر ھۈسەيىن سەبۈرى

• ئىلىم ئىنسان ئۈچۈن بىر گۆھەردۇر.

— نورۇز زىيائى

• ئىلىم - يورۇشى چىرايلىق بىر ئاتكى، كىمكى ئۇنىڭغا مىنەلىسە، خارلىق كۆرمەيدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ھېكمەت بىلەن ئەقىل كىشىگە زىبۇ-زىننەتتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ قايغۇلۇق كېچىلىرى

ئۇمىد رىسالىسىنىڭ ۋاراقلىرىنى زىننەتلەيدۇ.

— ئۆمەر ھۇسەيىن سەبۇرى

• دىلىنى ئىلىم بىلەن يورۇتقان كىشى كور بولسىمۇ، جاھاننى ئەينەن كۆرەلەيدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئۆز سۇپەتلىرىنى پەقەت پەزىلەتلىك پائالىيەتنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ياكى ئۆزىنى رەزىل پائالىيەتتىن قاچۇرغان ئەقىل پاراسەتلىك ئەقىلدۇر.

— ئەبۇ نەسر فارابى

• ئىلىمدىن بىر نەچچە ھەرپ بولسىمۇ ئۆگىنىش ئۈچۈن، پۈتۈن ئۆمرۈڭنى سەرپ ئەتكىن.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• بىلىملىك كىشىنىڭ دىلى بەئەينى گۈلزارلىققا ئوخشايدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئىلىم مال-مۈلكى يوق كىشىگە تۈگىمەس بايلىق، نەسەبسىزگە ئۈزۈلمەس نەسەبتۇر.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• مەرپەت (ئابىھايات) نى تاپماق ئاسان ئەمەس، ئۇنى ئىچمىگەن ئادەم قاتارىغا كىرەلمەيدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئىلىم ئىزدىگۈچىلەرنىڭ قەلب ئەينىكىدە پىلانېتلارنىڭ سىرلىرى روشەن، يەر-زېمىننىڭ مەخپىي

سىرلىرى ئاشكارىدۇر. شۈبھىسىزكى، ئۇلار پىلانېتلارنىڭ سىرلىرىنى ئاچقۇچىدۇر.

— ئۆمەر ھۆسەيىن سەبۈرى

• قۇدرەتلىك بولاي دېسەڭ، ئىلىم-مەرىپەت ئىگەللە.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• بىلىملىك كىشى دائىم بىلىم ئىزدەيدۇ، بىلىمنىڭ تەمىنى بىلىملىك بىلىدۇ.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• ئىلىم بىلەن ئەڭ بۈيۈك يۈكسەكلىككە چىققىلى، ئاسماندىن تارتىپ، يەرنىڭ تەكتىگىچە سەيىر قىلغىلى بولىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• مەرىپەتلىك كىشىگە بارچە مۈشكۈللەر ئاسان بولىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئىلمى يوق كىشى جېنى يوق مۈردىغا ئوخشايدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئىلىمنىڭ كۆپلىكى كۆڭۈلنىڭ بېغىدۇر، ھاۋايى-ھەۋەسنىڭ كۆپلىكى كۆڭۈلنىڭ دېغىدۇر.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• مەرىپەتسىز كىشىنىڭ بەدىنى جانسىز جىسىمغا ئوخشاشتۇر.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئىلىمسىز كىشىلەر خەلق ئارىسىدا ئېتىبارغا ئېرىشەلمەيدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• بىلىملىك كىشى ئالىم، بىلىمسىز كىشى زالىم.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• بىلىملىك كىشى گەرچە پالاكەتكە دۇچ كەلسىمۇ، يەنىلا قۇياشتەك ئۈستۈنلۈكتە تۇرىدۇ، بىلىمسىز ئادەمنىڭ مال-مۈلۈك، خەزىنىسى بولسىمۇ، يەنىلا خەزىنە تۇپراق ئاستىغا كۆمۈلۈپ تۇرغاندەك، خار-پەس ئورۇندا تۇرىدۇ.

— ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

• كىمدە ئىلىم-مەرىپەت بولمىسا، ئۇ قايسى تەرەپكە قەدەم باسمىسۇن، خاتالىشىشتىن ساقلىنالمايدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• يول بەلگىسى بولسا، يولدىن ئازمايدۇ، بىلىم بولسا، سۆزدە يېڭىلىشمەيدۇ.

— مەھمۇد قەشقەرى

• بىلىمدىن لاپ ئۇرۇش ئەسلى نادانلىق، نادانلىقىڭ بىلسەڭ— شۇ بىلىمدانلىق.

— ئەلىشىر ناۋايى

## ئاقىللار، دانالار، دانىشمەنلەر، ئالىملار توغرىسىدا

• ئاقىل كىشى ئىختىلاپتىن قاچىدۇ، ئىتتىپاقلىقتا مۇلايىملىق ئىشىكىنى ئاچىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئەقىللىقنىڭ سۆزى مەنا يولىنى ئاچىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• نادانلار ئۆلۈك، ئالىملار تىرىك.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• بىلىملىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ، سۆزىنى ئاڭلاپ، پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇر.

— مەھمۇد قەشقەرى

• ئىبىل ئاتالسا، ئەقىللىق ئادەم ئاتىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەقىللىق، بىلىملىك كىشى شۇنداق كىشىكى، ئۇ كىشىلەرنىڭ سەرخىلى، خەلقنىڭ ئالدىدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئالىم ئەگەر مەنسەپ ئۈچۈن ئۆزىنى خار قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بىلىمى نادانلىقنىڭ

دەلىلىدۇر.

— ئەلشىر ناۋايى

• ئالىملار چىملىق، سازلىقتا ئوخشاش بولىدۇ، قەيەرگە ئاياغ باسسا، شۇ يەردىن سۇ چىقىپ تۇرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىلىم ئىگىلىرى ۋە ئىلىم يولىدا ماڭغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تەڭلىك ۋە خارلىنىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى دېمە، ئىلىم ئارتقاندا دۇشمەننىڭ ئېغىز-بۇرنىنى تۇپىغا مىلىگىلى بولىدۇ، ئىلىمنىڭ ھۆسنى ھەرىكەتنى ئىسلاھ قىلىشتۇر.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• دانا قولدىن كەتكەنگە دەم ئۇرماس ۋە سۆز ئېيتماس، ئۆتكەن ياشلىق ئارزۇ بىلەن قايتماس، ئۆتكەن كۈن كەتكەن كۈندۇر، كەلمىگەندىن گەپ ئۇرغان نادامەت ئەھلىدۇر، ھازىرقىسى غەنىيمەتتۇر.

— ئەلشىر ناۋايى

• دەۋرى-دەۋرانلارنى كېچىپ، كىشى دانا بولمىسا، ئۇنى ئادەم دەپ ئاتىماي، ھايۋان دېيىش كېرەك.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• گۆھەر پاتقاقتا چۈشۈپ كەتكىنى بىلەن قىممىتى كېمەيمەس، ئېشەك مونچىقىنى شاھىنىڭ تاجىسىغا بېكىتكەن بىلەن، ئۇ مەرۋايىتنىڭ ئورنىنى تۇتالماس، ھېچكىم ئۇنىڭ كەم باھالىقىنى ئۇنتۇپ قالماس.

— ئەلشىر ناۋايى

• ئەزىز كىشىلەر خارلىنىقا چۈشۈپ قالسا، ئۇنىڭغا رەھىم قىلىشنى غەنىيمەت بىلىپ، قولۇڭدىن كەلگۈچە ئىھسان قىل.

كەتمەن چاپالايدىغان، ئوتۇن توشۇيالايدىغان ياش دېۋانىغا نەرسە بەرسەڭ، ئۇ تەڭرىنىڭ مىلىنى زايا قىلىۋېتىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئالىم ئەگەر نادان بىلەن تالىشىپ يۈرۈشنى قىلسا ھەۋەس، بۇ ئىش ئۆزىگە بىر ئاھانەتتۇر بەس، ئالىم ئۆز بىلىمىنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلسە، سىناش ئۈچۈن گۆھەرنى تاشقا ئۇرمايدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئاقىللار پايدىسى ئاز، زىيىنى كۆپ ئىشلارنى قىلمايدۇ.

— موللا سىدىق يەركەندى

• ئالىم - ئەلنىڭ چىرىغى، قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتقۇچى ئايدۇر.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• كۆپ سۆزلەش بىلەن كىشى ئالىم بولالمايدۇ، ئالىم كۆپ ئاڭلاپ، تۆرنىڭ بېشىغا ئېرىشىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ سۆزى ماختاشقا لايىقتۇر، ئۇلار توغرا، تۈز بولۇپ، ئۆزىنى ئاشكارا تۇتىدۇ، يارىماس

ئىشلارغا يېقىنلاشمايدۇ، ئۆزىنى يىراق تۇتىدۇ، كىبىرەكسىز نەرسىلەرنى كۆرمەيدۇ، كۆزىنى يۇمىدۇ.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• پەقەت دانىشمەن شۇغۇللىنىدىغان بىلىملا شەرتسىز مېغىزلىق، ئەڭ ياخشى بىلىم ھېسابلىنىدۇ.

— ئەبۇنەسىر فارابى

• دانا قايسى ئىشقا بىلىم ئىشلەتسە، شۇ ئىشقا ئېرىشىدۇ، نەتىجىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• ئەگەر داناغا پەگادىن ئورۇن تەگسە، بۇ پەگا تۆردىنمۇ يۇقىرى بولىدۇ، بۇنچىلىك قەدىر-قىممەتنىڭ ھەممىسى بىلىم ئۇچۇندۇر.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• قارا، بىلىمنىڭ بەلگۇسى ئىككى نەرسىدۇر، بۇ ئىككى نەرسە بىلەن كىشىنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ، بۇنىڭ بىرى تىل، يەنە بىرى بوغۇزدۇر، بۇ ئىككىسىنى باشقۇرالىسا، دەريادەك پايدىسى تېگىدۇ.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• ئەي ئالىم، دانا، دىلىڭ ۋە تىلىڭنى توغرا تۇت. سېنىڭ يېمەك-ئىچمىكىڭ ئۆكسۈپ قالمايدۇ، بايلىق ۋە دۇنيانىڭ ياخشى نېمەتلىرىنى تىلىسەڭ، ئۇنىڭغا توغرىلىق بىلەن ئېرىشەلەيسەن، يەنە بىر دۇنياغىمۇ ئېرىشەي دېسەڭ،

ئۇنى چىن ۋە توغرىلىق بىلەن قولغا كەلتۈر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دانىشمەن سۆزلىرىگە ئىرىشسەڭ، ئۇنى ئاش-تاماق دەپ بىل.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دانا ۋە ئالىملارنىڭ ئىلمى خەلقنىڭ يولىنى يورۇتىدۇ. ئۇلار يارايدىغان ۋە يارىمايدىغان ئىشلارنى ئايرىپ چۈشىنىپ، توغرا يول تۇتىدىغان پاك كىشىلەردۇر. دۇنيادا ئالىم ۋە دانالار بولمىغان بولسا، يەردە مېۋە تىكىلىپ، زىرائەت ئۈنمىگەن بولار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىلمى خەلققە مەشئەل بولدى، كېچىدە مەشئەل يورۇسا، يولۇچى ئازمايدۇ، ئۇلارنى بەك ياخشى كۆرۈپ، سۆزىنى قەدىرلە، ئاز-كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ئۆگەن، ماددىي نەرسىلەر بىلەن ياخشىلىق قىل، قوغدا، تىل تەگكۈزمە، قوپال سۆز قىلما، كايىما، ئەيمىنىپ مۇئامىلە قىل، قوپال سۆز ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى زەھەرلىگۈچى ئوغىدۇر، ئىلىملىرىنى ئاڭلا، ئەمەلدە ئىشلەت، غەيۋەت قىلما، مىجەز-خۇلقىنى، ئىش-ھەرىكەتلىرىنى يامان دېمە، ئۇلاردىن ساڭا كېرەك بولىدىغىنى ئىلىمدۇر، ئۇلار ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ يولىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ئۇلارنى گويا قوي پادىسىنىڭ سەركىسى، دەپ ھېسابلا، سەركە قوي پادىسىنى باشلاپ، توغرا يول بىلەن ماڭىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىلىم ئۆگىنىشتىن مەقسەت دۇنيا يىغىش ئۈچۈن ئەمەس، تەقۋا ئۈچۈندۇر، خەيرسىز باي يامغۇرى يوق بۇلۇتتۇر، ئەمەلسىز ئالىم كىتاب يۈكلەنگەن ئۇلاغدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• پاسىق ئالىم دانا بولسىمۇ، ئۆز نەپسىگە زالىمدۇر. بېخىل باي ناداندۇر، ئۇ ئۆز يانچۇقىغىلا مۇھاپىزەتچىدۇر. بۇ ئىككى كىشى ئۆمرىنى بىكار ئۆتكۈزدى، گۆرىگە ھەسرەت، ئارمان ئېلىپ كەتتى، بىرى شۇكى، ئىلىم ئۆگىنىشكە ئەمگەك سەرپ ئەتتى، ئەمما، ئەمەل قىلمىدى، يەنە بىرى شۇكى، مال يىغىشقا ئەمگەك سەرپ قىلدى، مالنى ئىشلىتىشنى بىلمىدى.

— ئەلىشىر ناۋايى

• بىلىملىك كىشىلەر ۋۇجۇدىنى ئۇپرىتىدۇ، بىلىم بىلەن شادلىنىپ، جېنىنى ياشنىتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• نۇرغۇن ئالىملارغا ئىلىم مەسىلىسىدە پادىشاھ موھتاج بولۇپ قالىدۇ، نادانلىق ۋە بىپاكلىق تۈپەيلىدىن نۇرغۇن بايلارنى پادىشاھ مەملىكەتتىن قوغلاپ چىقىرىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەت بولماقلىق خۇددى ئەتىر سېتىشقا، يامانلار بىلەن ئۈلپەت بولماقلىق تۆمۈرچىلىك قىلىشقا ئوخشايدىغان ئىشتۇر. ئەتىر ساتقۇچى ئەتىر سېتىش داۋامىدا ئۇنىڭ خۇشبۇي پۇرىقىدىن بەھرىمەن

بولىدۇ، تۆمۈرچى تۆمۈرچىلىك قىلىش داۋامىدا ئوت ئىسسىقلىقى ۋە تۈتۈن مۇشەققىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئالىملارنىڭ سۆھبىتىنىڭ بەرىكاتىدىن پادىشاھلار - ئەمىرالارنىڭ ئىززىتى ئۈستۈن بولىدۇ.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• ئەقىل - ئىدراكلىق كىشىنىڭ سۆزى تامامەن ئۈنچىگە ئوخشايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئالىملار ھەر زېمىننىڭ بېغىدۇر ۋە مەملىكەتنىڭ شاھىدۇر.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• بىلىملىك كىشى ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدۇ، ئىشنى بىلىپ قىلىدۇ، شۇڭا كېيىن پۇشايمان قىلمايدۇ، ھەممە ئىشتا پۇشايمانغا قېلىش نادانلارنىڭ ئادىتىدۇر.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• ئاقىل بولساڭ، نادان بىلەن سۆز تالاشما.

— نۆبىتى

• ئەقلى كامىللار نۇرلۇق قوياشقا ئوخشايدۇ، كەم ئەقىل كىشىلەر پالىلداپ كۆرۈنگەن چېچەككە ئوخشايدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئەھلى دانالار روھىي زېمىننىڭ مەشئىلىدۇر، بۇ مەشئەل كىمدە بولسا، كېچىنىڭ خەۋپىدىن ئەنسىرىمەيدۇ، بۇ ئالەم خۇددى بورانلىق كېچىگە ئوخشايدۇ، ئەھلى

دانالارسىز ئۇنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئەقلى كامىللار خەۋپ-خەتەردىن ئامان بولىدۇ، ئەقىلسىز كىشىلەر غەمدىن ئامانلىق تاپالمايدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئىلىمى كۆپ بولغان بىلەنلا ئالىم ئەمەس، غاپىللىقتىن يىراق كىشى ئالىمدۇر.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئەقلى كامىللارنى دەريادىكى سۇ دېسەك، كەم ئەقىل كىشىلەر مىسالى بىر قەترە سۇغا ئوخشايدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• كۆپنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئۈگۈشلۈق بولىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئالىم كىشى بىر جاھىلنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىگە مۇلازىم قىلىشنى خالىسا، بۇ ئالىمنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ھاقارەتتۇر، ئالىم ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىلمىنىڭ دەرىجە ۋە سالمىقىنى ئاسرىشى لازىم. گۆھەرنى سىناش ئۈچۈن تاشقا ئۇرۇش ھاجەتسىز.

— ئەلىشىر ناۋايى

## سەنئەت ۋە سەنئەتكارلار توغرىسىدا

• ناخشا-كۈي بولۇۋاتقان جايدا سۆكۈتتىن باشقا نەرسە بولمىسۇن، ئۆزئارا سۆزلەشمەي، جىم تۇرۇپ ئاڭلىماسلىق ئۇنىڭ لەززەت-قىممىتىگە يەتمىگەنلىكتۇر.

— ئەبۇنەسىر فارابى

• سازەندىلەر شادلىق يەتكۈزگۈچى، ناخشىچىلار غەمنى كەتكۈزگۈچىدۇر، ھال ئەھلى بولسا ھەر ئىككىسىگە جانلىرىنى پىدا قىلىدۇ. ماھىر سازەندىنىڭ ساز-نەغمىسىگە ئاڭلىغۇچىنىڭ ھاياتى پىدا بولسا نەغەم. چۈنكى، كۆڭۈل خوش ئاۋازدىن قۇۋۋەتلىنىدۇ، جان خوش ئاۋازدىن قۇۋۋەتلىنىدۇ، خوش ئاۋاز ناخشىچىنىڭ ناخشىسى دەردمەنلەر قەلبىدىكى ئوتنى ئۇلغايتىدۇ، ئەگەر يېقىملىق بولسا، ھال ئىگىلىرىگە قىيامەت بولىدۇ، ئەگەر ھەر سازەندە سازنى ناھايىتى كۈچلۈك دەرد ئىلكىدە چالسا، دەردتىن زەخمىنى بولغان يۈرەككە بەكرەك تېگىدۇ. گۈزەل ناخشىچىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئاۋاز ھال ئەھلىنىڭ كۆيگەن باغرىدىن ئىس چىقىرىۋېتىدۇ. سازەندىنىڭ مىجەزى مۇلايىم، ئۆزى ئەقىللىق بولسا، تاش يۈرەك ئادەم بولسىمۇ، باغرىنى ئېرىتىۋېتەلەيدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• تـائام — ھاياتنىڭ ئوزۇقى، مۇزىكا-كۈي بولسا مەنىۋى ھايات، روھنىڭ ئوزۇقىدۇر، چۈنكى ئۇ ئىنسان زېھنىنى ساپ قىلىدۇ، قايغۇنى يىراقلاشتۇرۇپ، تەبىئەت، مىجەزنى يۇمشىتىدۇ، ساراڭنى تۈزەپ، گاللۋاڭنى سەگەك قىلىشتا پايدىلىق داۋادۇر.

— ئەبۇ نەسر فارابى

• ئادەم بالىلىرىنىڭ لەۋزى ۋە سۆز ئىبارىلىرىنىڭ باغلىرى گۈلسىز ۋە رەيھانسىزدۇر. نەزمىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە شېرىنلىكى بىلەن ھارارىتى بولمىسا، ئىشق ھارارىتىنىڭ كۆيدۈرۈشى بولمايدۇ، ئۇنداق سۆزلەرنى يورۇقى يوق چىراغ، خۇشلۇقى يوق جامائەت دېسە بولىدۇ، دېمەككى، ئىشق سۆزگە تەرانە(يېقىملىق ئاۋاز) دۇر، بۇندىن باشقىسى ئەپسانىدۇر، سۆز ئىشق سۆزىدۇر، كۆڭۈل، ھاياتنىڭ ھوزۇرى ئىشق سۆزىدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• شائىر بىر قانچە خىل بولىدۇ، بىرىنچى خىلدىكىلىرى مەرىپەت ئىلاھى بىلەن قەلبى باي بولغان بولۇپ، باشقىلارنىڭ تەرىپلەپ، ماختىشىدىن ھاجەتسىز، ئۇلارنىڭ ئىشى ھەممە مەنا خەزىنىلىرىدىن گۆھەر تېرىش، ئەل پەيزى ئۈچۈن شېئىر يېزىش، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى يېقىملىق، دىللارنى ئۆزىگە تارتىدۇ، يەنە بىر خىل شائىرلار باركى، ئۇلار پەقەت شېئىر يېزىش بىلەن خۇشنۇد ۋە خۇرسەن، يازغانلىرىدىن رازى ۋە بەھرىمەندۇر. مىڭ

مۇشەققەتتە بىر بېيت قوراشتۇرىدۇ، شائىرلىق غەۋغاسىنى يەتتە پەلەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ، ئەمما، بۇ كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىدە نە ھەقىقەت نۇرى چاقنىسۇن، نە مەرىپەت تەمىنىڭ ھالاۋىتى بولسۇن، شېئىرلىرىدا نە زوق ۋە ئىشق ئوتىدىن ھارارەت، نە شائىرانە تەركىبلىرىدە گوزەللىك بولسۇن، نە سۆزلىرىدە ئاشقان نۇر چاچالىسۇن؟! بەزىلىرى ئەگەر بىرەر ياخشى بېيت يېزىپ قالسا، ماختىنىپ ئون ھەسسە ئاشۇرۇپ، دەۋا قىلىپ، ئۇ بىر بېيتىنىمۇ بىكار قىلىۋېتىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• مەنتىقە ھېچقانداق سەنئەتسىز بىلىمدە ھېچقانداق ئىشەنچلىك نەتىجىگە ئىگە بولالمايدۇ. ئۇنىڭ مەنتىقە دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەبمۇ سۆز نۇتۇق بىلەن، ئەقىل تىل بىلەن بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

— ئەبۇنەسىر فارابى

• بۇ سەنئەت بەدەن سالامەتلىكىگە شۇ مەنىدە مەنپەئەتلىككى، بەدەندىكى ئاغرىق بەزىدە روھنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئۇ چاغدا بەدەن بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ، روھمۇ بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ قۇۋۋىتى سۇبىستانىيىگە ماسلىشىپ، ئاجىزلاشقان بولىدۇ، بەدەننى داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، روھنى داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ، مۇزىكىلىق ئاۋاز توپەيلىدىن ئۇنىڭدا پائالىيەت ھاسىل بولىدۇ.

— ئەبۇنەسىر فارابى

• سەنئەت گىراماتىكا سەنئىتى بىلەن قوشكېزەكتۇر.

— ئەبۇنەسر فارابى

• شائىرلار سۆز تىزغۇچىلار ۋە كىشىلەرنى ماختىغۇچى، سۆككۈچىلەردۇر، ئۇلارنىڭ تىلى قىلىچتىنمۇ ئۆتكۈررەك، تەپەككۇر قىلىش يولى قىلدىنمۇ نازۇكراقتۇر. چوڭقۇر ۋە نازۇك مەنىلىك سۆزلەرنى چۈشىنەي دېسەڭ، سۆزنى ئۇلاردىن ئاڭلا، ئاندىن چۈشىنىسەن، قارىساڭ، ئۇلار كۆڭۈل دېڭىزىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، گۆھەر، ئۈنچە، ياقۇت تېرىپ چىققۇچىلارغا ئوخشايدۇ، ئۇلار ماختىسا، ماختىشى دەرھال ئەلگە يېيىلىدۇ، ئەگەر سۆكسە، كىشىنىڭ نامى يامان بولۇپ قالىدۇ. ئەي قېرىنداش، ئۇلارغا ئېھتىيات بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىل، ئۇلارنىڭ تىلىغا ئېلىنما، ئەگەر سەن ياخشى مەدھىيەنى خالىساڭ، بۇلارنى خۇشال قىل.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مۇزىكا تۇغما ئىستىدات ۋە تۇغما ئىقتىدار شارائىتىدىن راۋاجلىنىپ، بىر ئىلىمگە ئايلانغان بولۇپ، مۇزىكا ئاۋازى مۇئەييەن قىزغىنلىق، مۇئەييەن ھېسسىياتنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ.

— ئەبۇنەسر فارابى

• خەتتاتلىق سەنئىتىدە ئۇزۇن زامان تىرىشىپ مەشق قىلىش نەتىجىسىدە ئادەم كامالەتكە يېتىدۇ، بۇ سەنئەت

بىلەن قانچىكى كۆپ مەشغۇل بولسا، بۇ سەنئەتتە شۇنچە كۈچلۈكرەك ۋە مۇكەممەلرەك بولىدۇ، بۇ ھەرىكەتنى داۋاملىق تەكرارلاش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ماھارىتىمۇ ئۆسۈپ بارىدۇ، بۇ روھىي ھالەتتىن كېلىپ چىقىدىغان لەززەتمۇ ئېشىپ بارغاچقا، ئادەمنىڭ ئۆزى تېخىمۇ زور خۇشاللىق، ئىشتىياقتا بۇ سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

— ئەبۇنەسر فارابى

• ئەمەلدە نېمە مەۋجۇت بولسا، شائىر شۇنىڭغا ئوخشىتىپ سۆز-ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلىسە، ھەيكەلتىراش ئۇنى ئۆز ھەيكەلتىراشلىقىدا قايتا ئىشلەپچىقىدۇ. بۇ خۇددى ھايۋانلارغا تەقلىد قىلغۇچى ئۆز پائالىيىتىدە ھايۋان ھەرىكىتىنى قايتا ئىشلەپچىققانغا، شاھماتچى جەڭ پائالىيىتىنى قايتا گەۋدىلەندۈرگەنگە ئوخشايدۇ.

— ئەبۇنەسر فارابى

• سەنئەتنىڭ ئەھلى بولغان كىشىلەر بىلەن رەسساملاردا مۇئەييەن باغلىنىش بولىدۇ، شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى، گەرچە ئۇلارنىڭ سەنئەتتىكى ماتېرىياللىرى پەرقلەنسىمۇ، شەكلى، ئىجادىيىتى ۋە مەقسەتلىرى بىردەك ياكى ھېچ بولمىسا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

شېئىرىيەت سەنئىتى مۇھاكىمىدىن پايدىلىنىپ ئىش كۆرسە، رەسساملىق سەنئىتى رەڭلەردىن پايدىلىنىپ ئىش كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ پەرقى مانا مۇشۇنىڭدا، لېكىن ئەمەلىيەتتە

ھەر ئىككىسى ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە سەزگۈلىرىدە تەقلىد ھاسىل قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

— ئەبۇ نەسىر فارابى

• ئەڭ گۈزەل شېئىرىيەت پەقەت تەبىئىي شائىرلاردا يۈز بېرىدۇ.

— ئەبۇنەسىر فارابى

• شېئىرىيەت بىر ئىلىمدۇر. ئۇ سۆزدىن ئۇنىڭ ئەۋزەللىكى بىلەن ئىزچىللىقىنى ماسلاشتۇرۇپ پايدىلىنىشنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ نىسبەتچانلىقى بىلەن تۇراقلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ پايدىلىنىشنى ئۆگىتىدۇ.

— ئەبۇنەسىر فارابى

• نەغمىنىڭ تىلسىز مۇڭ ساداسى — ئادەم روھىغا مەنىۋى ئوت ياققۇچى ئامىل. ئۇنىڭغا نەزىم تىلى قوشۇلغاندا، ئۇ مۇڭنىڭ مەزمۇنى روشەنلىشىدۇ، يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان ھوزۇرنى مېنىڭ قالۇنۇم سىملىرىدىن ئالغايسىز.

— ئەبۇنەسىر فارابى

• ئەگەر سۆز-ئىبارە شۇنداق شەيئىلەرگە تەقلىد قىلىنىشتىن ھاسىل بولغان بولسىمۇ، شېئىر ۋەزنىگە چۈشمىگەن ۋە رىتىمسىز بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ شېئىر ھېسابلانمايدۇ، پەقەتلا شېئىرىي ئىبارە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر شۇنىڭغا ئوخشاش بولغان سۆز-ئىبارە شېئىرى ۋەزنىگە چۈشكەن ۋە تۇراقلارغا بۆلۈنگەن بولسا، ئۇ شېئىر

ھېسابلىنىدۇ.

— ئەبۇ نەسر فارابى

• مۇزىكا سەنئىتى كىشىدىكى تەبىئىي ئىقتىدار بىلەن مۇزىكىلىق تالانتنى بىر-بىرىگە يېقىن تۇتاشتۇرىدۇ.

— ئەبۇ نەسر فارابى

• مۇزىكا كۆپ خۇشاللىق ۋە تۇرمۇش ھوزۇرىنىڭ سەۋەبچىسىدۇر.

— موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزى

• شېئىردا گۈزەللىكتىن نىشان بولمىسا، تەكەللۇپسىز نەزمە ئەيلىگەنگە باراۋەر.

— ئەھمەد خوجامنىياز قىسۇرى



## جەمئىيەت قاتلاملىرى توغرىسىدا

• ياش گىياھقا ئوت تۇتاشمايدۇ، ئەلچىگە ئۆلۈم كەلمەيدۇ.

— مەھمۇد قەشقەرى

• كاتىپلار، شائىرلار سۆزنىڭ گۈزەل ۋارىقى — سۆز خەزىنىسىنىڭ خەزىنىدارى، خەزىنىچىنىڭ ھۈنىرى ئامانەتتۇر، ئامانەتنى ئىشلىتىش خىيانەتتۇر، ئامانەتنى خىيانەت قىلسا، ئۆز ئىشىدا ئەيىبلىك بولىدۇ.

— ئەلشىر ناۋايى

• مۇلايىم سۆزلۈك ماھىر تىۋىپ تەن رەنجىگە شىپا؛ بەتخۇي، نادان تىۋىپ بولسا خەلق جېنىغا بالادۇر.

— ئەلشىر ناۋايى

• دۇنيانىڭ ئاۋات بولۇشى، خەلقنىڭ شاد بولۇشى دېھقانلار بىلەن بولىدۇ. دېھقانلار خەلققە قۇۋۋەت ۋە بەرىكەت يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

— ئەلشىر ناۋايى

• كىمكى دېھقان بولىدىكەن، باشقىلارغا نان بېرىش ئۇنىڭ ئىشى بولۇپ قالدى.

— ئەلشىر ناۋايى

ھېسابلىنىدۇ.

— ئەبۇ نەسر فارابى

• مۇزىكا سەنئىتى كىشىدىكى تەبىئىي ئىقتىدار بىلەن مۇزىكىلىق تالانتنى بىر-بىرىگە يېقىن تۇتاشتۇرىدۇ.

— ئەبۇ نەسر فارابى

• مۇزىكا كۆي خوشاللىق ۋە تۇرمۇش ھوزۇرىنىڭ سەۋەبچىسىدۇر.

— موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزى

• شېئىردا گۈزەللىكتىن نىشان بولمىسا، تەكەللۇپسىز نەزمە ئەيلىگەنگە باراۋەر.

— ئەھمەد خوجامنىياز قىسۇرى



## جەمئىيەت قاتلاملىرى توغرىسىدا

• ياش گىياھقا ئوت تۇتاشمايدۇ، ئەلچىگە ئۆلۈم كەلمەيدۇ.

— مەھمۇد قەشقەرى

• كاتىپلار، شائىرلار سۆزنىڭ گۈزەل ۋارىقى — سۆز خەزىنىسىنىڭ خەزىنىدارى، خەزىنىچىنىڭ ھۈنىرى ئامانەتتۇر، ئامانەتنى ئىشلىتىش خىيانەتتۇر، ئامانەتنى خىيانەت قىلسا، ئۆز ئىشىدا ئەيىبلىك بولىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• مۇلايىم سۆزلۈك ماھىر تىۋىپ تەن رەنجىگە شىپا؛ بەتخۇي، نادان تىۋىپ بولسا خەلق جېنىغا بالادۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• دۇنيانىڭ ئاۋات بولۇشى، خەلقنىڭ شاد بولۇشى دېھقانلار بىلەن بولىدۇ. دېھقانلار خەلققە قۇۋۋەت ۋە بەرىكەت يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كىمكى دېھقان بولىدىكەن، باشقىلارغا نان بېرىش ئۇنىڭ ئىشى بولۇپ قالدى.

— ئەلىشىر ناۋايى

• قانداقلا بولمىسۇن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلاردا ھەققى ناھايىتى كۆپ، ئەگەر ئوقۇتقۇچى پادىشاھ بولسا، ئۇنىڭغا قۇللۇق قىلىش تولىمۇ ياخشىدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• جاپا چېكىپ ساڭا بىر ھەرپ ئۆگەتكەن كىشىنىڭ ھەققىنى يۈز تىللا بىلەنمۇ ئادا قىلغىلى بولمايدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• قارا، تېرىقچىلار ئىنتايىن كېرەكلىك كىشىلەردۇر، ھەر بىر قىمىرلىغان جان بۇلاردىن مەنپەئەت ئالىدۇ، ھەممىسىگە يېمەك-ئىچمەكتىن ھالاۋەت يېتىدۇ. بارلىق نەپەس ئالغۇچىلار، ئاچلار ۋە توقلار — تىرىك جانلارنىڭ ھەممىسى بۇلارغا موھتاجدۇر. تېرىقچى كىشىلەرنىڭ قولى كەڭ كېلىدۇ. ھەممە قىمىرلىغۇچىلار يەر يۈزىدىن رىزقىنى تاپىدۇ، يۈرگۈچىلەرنىڭ ئاش، بوغۇزى، ئۇچار قاناتلارنىڭ دېنى ئۇلاردىن بولىدۇ. سەن ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئارىلىشىپ يۈرگىن، ياخشى سۆز قىل، يۈزۈڭنى ئوچۇق تۇت.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سۆزگە خىلاپلىق قىلمىسا، تاپشۇرۇلغان سۆزنى توغرا، تولۇق يەتكۈزسە، ئەلچىگە ئەيىب يوق، ئەلچى توغرا سۆزنى ئېيتسا ئۇنى قىينىما.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئاڭلىغان سۆزنى تىلى بىلەن توغرا يەتكۈزسە،

ئەلچىگە ئۆلۈم ياكى ئازاب بولمايدۇ، ئەلچى-سۆز يەتكۈزگۈچىدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دېھقاندا كۆپ خاسىيەت بار، شۇڭا جاھاندا ئۇنىڭ پەزىلىتىنى تەرىپلىمەيدىغان ھېچقانداق مەملىكەت يوق، جاھان خەلقى دېھقانغا موھتاج.

— تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى

• ئادەم ياشايدىكەن، ئاغرىپمۇ قالىدۇ. تىۋىپلار كېسەلنى كۆرسە دورا بىلەن داۋالايدۇ، بارلىق ئاغرىق-سىلاقلارغا ئۇ شىپاگەردۇر، ئۇلارسىز ھايات ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سودىگەرلەر ياشاش ئۈچۈن دۇنيا كېزىپ يۈرىدۇ، سەن ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، جاھان كەزگۈچى سودىگەرلەر بولمىغان بولسا، قارا سۆسەر جۇۋىنى قاچان كىيەلەيتتىڭ؟ سودىگەر جاھان كېزىپ يۈرمىگەن بولسا، ئۈنچە-مارجان تىزىقلىرىنى كىممۇ كۆرەلەيدۇ؟ قارا، دۇنيادا نام تاراتقۇچىلار ئاشۇلاردۇر، يامان-ياخشىنى دۇنياغا يايغۇچىلارمۇ شۇلاردۇر، ئۇلارغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشقىن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھۈنەرۋەنلەر ئۆزىنىڭ ياشىشى ئۈچۈن ھۈنەر قىلىدۇ، بۇ دۇنيانىڭ زىننىتى ئەنە شۇلار بىلەن بولىدۇ، جاھاندا ھەيران قالارلىق ئىشلارنى شۇلار قىلىدۇ، ئۇلار بىلەن

ئـارىلىشىپ يۈر، ئۇلارنى خۇشال قىل، ئۆزۈڭمۇ خۇشال ياشا.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئـەلدە ئارىلىشىدىغان تۈرلۈك كىشىلەر ئەنە شۇ كـەمبەغەللەردۇر. ئۇلارنىڭ يا ساڭا ھاجىتى چۈشىدۇ، يا سېنىڭ ئۇلارغا چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى بىجىرىشتە ئادىل، مېھرىبان بول، شۇنداق قىلساڭ، بارچە كىشىلەر ساڭا يېقىن بولىدۇ، ئۆزۈڭ ئىككىلا دۇنيانىڭ ياخشىلىقىغا ئېـرىشىسەن، نامىڭ ياخشى بولىدۇ، شۆھرىتىڭ ئالەمگە تارىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ



## ئەدەپ-ئەخلاق توغرىسىدا

• ئەخلاق شەخسنىڭ قىممەت باھالىق لىباسى ۋە كىيىملەر ئارىسىدىكى دىباسىدۇر (يىپەك كىيىمدۇر).

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئەخلاقى ھەر قاچان گۈزەل بولمىسا، چىراي شەكلىنىڭ گۈزەللىكى ياشلارغا پايدا بېرەمدۇ؟ ئەگەر بىرەر نەرسىدىن ھەيران قالدىم دېسەم، ياشلارنىڭ قەدىر-قىممەتسىز ئىش-ھەرىكەتلىرى مېنى ھەيران قالدۇرغان بولاتتى.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• ئەدەپتىن مۇھەببەت زىننەت تاپىدۇ. ئەدەپسىزلىك بىلەن دوستلۇقنىڭ رەۋنەقى كېتىپ قالىدۇ. ئەدەپ ۋە كەمتەرلىك دوستلۇقنىڭ ئائىنەسىگە جۇلا بېرىدۇ، بۇ ئىككىسى دوستلۇققا ئىككى تەرەپتىن يورۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ھايالىق ۋە ئەدەپلىك بولۇپ ياشا، تەزىم ۋە ھۆرمەت كۆرسەن، قايسى ئەلنىڭ كىشىسى بولساڭ، شۇلاردەك بول، ئۆزۈڭ نېمىنى دوست تۇتساڭ، شۇ تەرەپكە

ماڭ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئەدەپنىڭ مەنىسى يامان ئىش، يامان سۆز قىلىشتىن ساقلىنىش، ئۆزىنىڭ، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئىززىتىنى ساقلاپ، ئابرۇيىنى تۆكمەسلىك دېگەنلىك بولىدۇ.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• ياخشى ئەخلاق بىلەن ئەقلى ئىقتىدارنىڭ ھەر ئىككىسى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتى ھېسابلىنىدۇكى، ئىنساننىڭ ھەر بىر ئىشتىكى پەزىلىتى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە پائالىيىتىنىڭ يۈكسەكلىكى ۋە كامالىتى تەرىپىدىن گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولىدۇ.

— ئەبۇ نەسر فارابى

• تەپەككۇر نەزىرى بىلەن ھەر قانداق ئەھۋال چېھرىسىگە باقساڭ ۋە تەپەككۇر نەزىرى بىلەن كۆرگەن، ئاڭلىغان نەرسىگە قارىساڭ شۇنى ھېس قىلىسەنكى، ئۇنىڭ بىر ئۇچى ئامانەتكە چېتىلىق، يەنە بىر ئۇچى خىيانەتكە باغلىنىشلىقتۇر. كىشى بىر ئىشتا ئامانەتنى ساقلىمىغانىكەن، خىيانەت قىلغان بولىدۇ.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈرقەشقەرى

• ئەمەلىيەت ۋە تەجرىبە، مەنتىقە ئىلمىگە قارىغاندا، ئەخلاق ئىلمىدە تېخىمۇ قىممەتلىك.

— ئەبۇ نەسر فارابى

• ئامانەت ياخشى سوپەتلەر ئارا بىر ئۇلۇغ سوپەتتۇر. دىيانەت ياخشى خۇلقنىڭ يىلتىزىدۇر.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• ئادەملەرنى يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرۈشكە ئالدىرىما ۋە ئەرزىمىگەن ئىش ئۈچۈن خورلىما.

— ئەلىشىر ناۋايى

• مىننەتلىك ئاشتىن تىنچ كۆڭۈل بىلەن ئىچكەن ئۇماچ ياخشىراق.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ياخشى ئەخلاق راستچىللىق ۋە پاكلىقتۇر.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• بىرەر كىشى ساڭا كۈلۈپ قارىسا، سەنمۇ ئۇچۇق چىراي بىلەن باق، شېرىن سۆزلۈك ۋە خۇش مۇئامىلىلىك بول، يامان سۆزدىن تىلىڭنى تارت.

— مەھمۇد قەشقەرى

• ئەدەپ كىچىكلەر ئۈچۈن بەخت-سائادەتكە سەۋەبچىدۇر، ئۇلۇغ كىشىلەر ئۈچۈن يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولۇشقا سەۋەبچىدۇر.

— ئۆمەر ھۈسەيىن سەبۇرى

• ئەدەپنى ئۆزگە كەسىپ ئەتىمگۈچىلەردە ئالىيجانابلىق بولمايدۇ.

— ئابدۇللا شېرىپ ئوغلى خەستە

• تەۋەزۇ (كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىق) ئۇسۇلى

ۋە ئەدەپ-يوسۇنى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلۇغلار ھوزۇرىدا تەۋەززۇ كۆرسەتمەك، كىچىكلەر ئالدىدا ئەدەپ-يوسۇننى تۇزىمەكتۇر. تەۋەززۇ كۆرسىتىشتە چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك، چۈنكى تەۋەززۇ خەلقنى تەۋەززۇ قىلغۇچىنىڭ مۇھەببىتىگە مەپتۇن قىلىدۇ ۋە مۇناسىۋەت يىپىنى تەۋەززۇ قىلغۇچى كىشى تەرىپىگە ئۇزارتىدۇ.

— ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

• ئەدەپنىڭ تونىنى كەي، كىشىگە ئەدەپتىن ياخشى زىننەت يوق، كىمكى بىئەدەپ بولسا، ئۇنىڭدا پەزىلەتمۇ بولمايدۇ.

— ئابدۇللا شېرىپ ئوغلى خەستە

• ئەدەپلىك كىشىگە ئەلەم يەتمەيدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئەدەپتىن دوستلۇق باغچىسى تۈزۈلىدۇ، مۇھەببەت بوستانىنىڭ گۈللىرى ئېچىلىدۇ.

— ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

• ئۆزۈڭدىن مەرتىۋىسى تۆۋەن كىشىنى كۆرسەڭ، ئەدەپ-قائىدىلىك بول، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، تەۋەززۇ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىشىڭ كېرەك. كەمتەرلىك بارچە كىشىلەر ئۈچۈن ياخشى پەزىلەت، بولۇپمۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىلەرنىڭ كەمتەر بولۇشى ھەممىدىن ئەلادۇر.

— ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

• ئەدەپلىك بولۇش ئالىم بولغانغا باراۋەر.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• دوستلۇق زىننىتى نومۇستىن، مەھبۇبلۇق نازاكىتىنىڭ راۋاج تېپىشى ئەدەپتىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

— ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

• كۆڭلى سۆبھەدەك ئاق كىشىلەرگە پەند-نەسىھەت لايىقتۇر. ئەقلى كامىللارنىڭ كۆڭلى ساپتۇر، كەم ئەقىل كىشىلەر بىئىنساپتۇر.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئەدەپ ھۆرمەتسىزلىكنىڭ ئىشىكىنى ياپىدۇ ۋە ئادەمنى مەسخىرە، كەمسىتىشتىن ساقلايدۇ، ئەدەپ ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە ئىنسانىي پەزىلەت بەخش ئېتىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ مىجەزىگە ئارام بېرىدۇ.

— ئەلشىر ناۋايى

• سۆھبەتتە ئەدەپ ۋە ھۆرمەت بىلەن ئولتۇرغاي، ئەگەر سۆھبەت ئەھلى ئوتتۇرىسىدا بىر ئۇلۇغ كىشى بولسا، ئەدەپ شۇكى، باشقىلار يۈزلىرىنى شۇ كىشىگە قىلىپ ئولتۇرغاي، ئەگەر ئىككى كىشى سۆھبەت قىلسا، روبىرو ۋە ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرغاي.

— موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

• ياخشىلارنىڭ سۆھبىتىگە ھېرىس بول، نامازنىڭ ۋاقتى بار، ئەمما، سۆھبەتنىڭ ۋاقتى يوقتۇر، ياخشىلارنىڭ سۆھبىتى توگىگەندىن كېيىن تاپقىلى بولمايدۇ، پەيتى

ئۆتۈپ كەتمىسۇن.

— موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

• مېھمانىنى تولىمۇ ئۇلۇغلىماقلىق كېرەك، مېھماننى ھۆرمەتلىمەكنىڭ مۇددىتى ئۈچ كۈندۇر. ئۈچىنچى كۈندىن باشلاپ كۆپ تەكەللۇپ قىلمىساڭمۇ بولىدۇ، ئەمما، ئۆيدە قانداق نەرسە ھازىر بولسا، مېھماننىڭ ئالدىغا قوي، ياخشى نىيەت ۋە دۇرۇس غەرەز بىلەن تەكەللۇپ قىلساڭ بولىدۇ، بىراق، تائام ۋاقتىدا ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلما... ساھىبخانىنىڭ تائامىنى نېسىۋە قىلىپ كۆتۈرمە، چۈنكى تائام ئۇلار ئۈچۈن قويۇلغاندۇر.

— موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

• ئۆز ھالىڭ ۋە مەرتىۋەڭدىن ئارتۇق چوڭ گەپلەرنى قىلما، شۇنداقلا سۆزلەش جەريانىدا تەكەللۇپ قىلما، باش-قىلارنىڭ سۆزىنىڭ پاساھەتلىك، بالاغەتلىك بولمىغانلىقىنىمۇ ئىزھار قىلما، بۇ ناھايىتى ئەدەپسىزلىكتۇر.

— موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

• يارانلەرگە كۆپ خۇشامەت قىلما.

— موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

• دوست ۋە ناتونۇشلارنىڭ سۆھبىتىدە چىرايىڭنى ئوچۇق ۋە تىلىڭنى شېرىن تۇت، سۆھبەت ئەھلىگە مەيلى ئۆز خاھىشىڭ بىلەن بولسۇن، مەيلى رىغبەت بىلەن بولسۇن، ياخشى خىزمەت قىل.

— موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

• ئەزىزلەرنىڭ نەسىھەت ۋە ۋەزلىرىگە قۇلاق سال، جان-دىلىڭ بىلەن مىننەتدار بولۇپ قوبۇل قىل. . . ئەگەر دوستلىرىڭ بۇزۇقچىلىق قىلغان بولسا، خىلۋەت جايدا تاكى تۈۋە قىلغۇچە نەسىھەت قىل.

— موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

• سۆھبەتتە ئۆزۈڭنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتما، بىر كىشى سۆزلەۋاتقاندا، ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمىگۈچە گەپ قىلما، سۆھبەتتە بەك ئۇزۇن سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرما، بىراق، كۆپ سۆزلىمە، سۆھبەتتە مۈگدەپ قالما، باشقىلارنىڭ سۆھبىتى كۆڭلۈڭنى پەرىشان قىلىدىغان بولسا ھەمدە كۆپچىلىكنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزىدىغان بولسا، ئۇنداق كىشىلەر بىلەن سۆھبەت قىلما.

— مۇللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

• سۆھبەت بولۇۋاتقاندا، ئىككىنچى بىراۋنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىما ۋە ئازادە سۆزلەشمە، شۇنداقلا سەن سۆزلەۋاتقان تىلنى مەجلىس ئەھلى خاھى بىلسۇن، خاھى بىلمىسۇن، باشقا بىر تىلدا سۆزلەشمە، بۇ قىلىق بەكمۇ ئەدەپسىزلىكتۇر.

— مۇللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

• ئىككى كىشى بىر يەردە بىر-بىرىگە سىر ۋە يوشۇرۇن ئىشلارنى ئېيتىشىۋاتقاندا، سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرمە ۋە سۆزىگە قۇلاق سالما.

— مۇللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

## ئەقىل ۋە نادانلىق توغرىسىدا

• ئەقىللىق كىشى يالغان ئېيتماس، ئەمما، راست دەپ، ھەر قانداق سۆزنى ئېيتىۋەرمەس، راست دەپ ھەرقانداق سۆزنى ئېيتىۋېرىش بىراۋغا قاراپ تۈرۈپ ئازار يەتكۈزۈشتۇر، ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ئاشكارىلاشتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• نادانغا يېقىنلاشما، ئەي ئاق كۆڭۈل، دىققەت قىلغىنكى، ئاق نەرسىگە قارا تېز يۇقىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەقىل ۋە ئەدەپ ياشلارنىڭ گۈزەل ھۆسنى، ئەقىل ۋە ئەدەپنى يوقاتقان ياشلار ھايات سەھنىسىدىن تېزرەك يوق بولغىنى ياخشىراق.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• نادان دوستنى دوست سانىغا كىرگۈزمە، ئەقلىنىڭ چىرىغىنى ئۇنىڭ بىھۇدە ئەپسانىسى شامىلى بىلەن ئۆچۈرمە.

— ئەلىشىر ناۋايى

• نادان كىشىلەرنىڭ ۋەدىسى يالغان بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەقلى بولسا، ئىنسان ئۇنتۇماس بولىدۇ، دىققەت

قىلساڭ، كىشىلەر ئۇنتۇغاق كېلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەگەر سەن ئەقلىڭنى توغرا ئىشلىتەلىسەڭ، ياتقان ئورنۇڭ كېچىدىمۇ ئەقىل نۇرى بىلەن دائىم يورۇپ تۇرىدۇ.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• كىشىگە قانچە قىيىنچىلىق كەلسە، ئەقىل-تەدبىر ئۇنى ھەل قىلىدۇ، تېزەك ئاتقانغا مۇشت بەرسە، تونى يىرتىلىپ، ساقىلى يۇلىنىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• نادانغا سۆز سۆزلەش بىكار، كۆپ سۆزلەش تېخىمۇ يامان، ئازراق سۆزلىسە، نەسىھەت بولۇپمۇ قالار، لېكىن سۆزلىمىگەن ياخشىراقتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• مەيلى پايدا ئالغىن، مەيلى زىيان تارتقىن، ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ سۆزىگە كىرىش ياخشىدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• نادانىنىڭ نەسىھەتىدە يالغان مۇقەررەردۇر، دۈشمەن نەسىھەتىدە پەرىپ مۇتەسەۋۋۇردۇر (ئالداش تەسەۋۋۇر قىلىنغان)، بىرىنچىسىگە سەل قارىما، ئىككىنچىسىگە ئالدىنىپ قالما.

— ئەلىشىر ناۋايى

• مەستنىڭ سۆزىگە ئەقىلغە زىت جاۋاب بېرىش ئاقىلنىڭ ئىشى ئەمەس، ئاقىل ساراڭنىڭ قىلىقلىرىغا

ئەقىلدىن تاشقىرى سۆز ئېيتمايدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئەقىلسىزلىق بىلەن كۆزنى ھاقارەتلىمە، چۈنكى، ئاقىللارنىڭ كوردىن ئېغىزىنى يۇمۇشى توغرا ئىشتۇر، كوردىن ھايانى قانداق ئۈمىد قىلىسەن؟ ئۇنىڭ ھايا قىلىش ئەزاسى خاراب تۇرسا.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• نادانىنىڭ بىمەنىلىك بىلەن بوغىزىنى كېرىپ ۋارقىرىشى خۇددى ئېشەكنىڭ ۋاقىتسىز ھاڭرىشىدۇر. ياخشى سۆزلۈك كىشىنىڭ جايىدا ئېيتقان مۇلايىم سۆزى بىلەن كۆڭۈلگە تولۇپ كەتكەن غەم چىقىپ كېتىدۇ. سۆزدە ھەر قانداق ياخشىلىقنىڭ ئىمكانى بار.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئاغزىغا كەلگەننى دېمەك نادانىنىڭ ئىشى، ئالدىغا كەلگەننى يېمەك ھايۋانىنىڭ ئىشى.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئەگەر رىزقى-نېسىۋە ئەقىلگە قاراپ بولىدىغان بولسا ئىدى، مانا شۇ ۋاقىتتا ھايۋانلار نادانلىقلىرىدىن ھالاك بولغان بولاتتى.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• ئەقىلسىز كىشى مېۋىسىز دەرەختۇر، ئاچ ئادەم مېۋىسىز دەرەخنى نېمە قىلسۇن؟!

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• ئەقىللىق ئادەم پەزىلەتلىك ئادەمدۇر.

— ئەبۇنەسىر فارابى

• قەدىر بىلمەس ئادەمدىن ھايۋان ياخشىراقتۇر.

— موللا بىلال نازىمى

• نادانىنىڭ سۆھبىتىدىن زىندانىنىڭ ئازابى ياخشىراق.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• بىلىملىك بىر كىشى مىڭ نادانغا تەڭ كېلەلەيدۇ.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• ئەقلى بار ئادەم ئىنسان بولىدۇ، ئەقىلسىز ئادەم ھايۋان بولىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• تەلۋىگە نەسىھەت قىلماق قويۇننىڭ پۇتىغا ئىشكەل سالماق بىلەن باراۋەر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• نادان، جاھىل كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولمىغىن، خۇسۇسەن ئۆزىنى دانا، بىلىملىك دەپ ھېسابلايدىغان كىشىلەردىن يىراق بولغىن.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

• نادان بىلەن سىرداش بولما.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئەقىللىق قۇش تۇزاقتىكى داننى يېمەيدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئەقىللىق ئادەم كىشىلەرنىڭ خاتالىقىنى كۆرۈپ خۇلاسە چىقىرىدۇ ۋە توغرا يولنى تاللايدۇ، بۇنى ئۇ خاتالىقىنى باشقىلار سېزىشتىن ۋە يۈزىگە سېلىشتىن بۇرۇن قىلىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋائىي

• ئالدامغا چۈشۈش بىرلا قېتىم بولىدۇ، بىر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىساڭ، بىر ئەقىل تاپىسەن.

— مەھمۇد قەشقەرى

## مەقسەت، ئىرادە، غايە، سەۋر-تاقەت، ئۈمىدۋارلىق توغرىسىدا

• ئەگەر ئاچچىقىڭ كەلسە، ئۆزۈڭنى تۇت، سەۋر قىل، سەۋرلىك كىشىنىڭ ئاقىۋىتى شادلىق بولغۇسىدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەر قانداق ئىشنىڭ مۇناسىپ چېكى، ئۆز پەيتى بولىدۇ، ھەر قانداق نەرسە ئۆز پەيتى بىلەن ساغلامدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەر قانداق ئىشنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمە، چېكىدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇ ئىش سەندىن قاچىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سەۋر قىلسا كىشى بۇزۇلغان ئىشنى تۈزىتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سەۋر قىلغىن، سەۋر قىلماق ئەرنىڭ ئادىتىدۇر، كىشى سەۋر قىلسا، مىسالى كۆككە چىقىشقىمۇ يول تاپالايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەگەر مۇشەققەت، غەم-قايغۇ كەلگەندە كىشى

سەۋر قىلسا، يەنە شادلىق كېلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سەۋر قىلسا، كىشى تىلىكىگە يېتىدۇ. سەۋر بىلەن كۈتكەن ئۆۋچى ئاققۇ تۇتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئىرادىگە ئاساسلانغان، ۋاھالەنكى، ياخشى ياكى يامان پائالىيەت پەقەت ئىنسانغا خاستۇر.

— ئەبۇ نەسر فارابى

• ھەر قانداق ئىشتا ئالدىرىما، سەۋر قىل، ئۆزۈڭنى تۇت، سەۋرچان كىشىلەر ئارزۇسىغا يېتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئىرادىگە باغلىق، ئىرادىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى ئادەمگە باغلىق.

— ئەبۇ نەسر فارابى

• كۆچەتنى تىكمىگۈچە كۆكلىمەيدۇ، كىشىدە غايە بولمىسا، ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

— مەھمۇد قەشقەرى

• ھەر نەرسىنىڭ بەلگىلىك ۋاقتى ۋە پەيتى بولىدۇ، پەيتى كەلگەندە بولسا، بۇنى ئىككى كۆز كۆرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەر كىم زامانە ھاۋادىساتىنىڭ تىرى بارانى (ئوق يامغۇرى) دا سەۋر قالقىنىنى يۈزىگە تارتسا، ئەلۋەتتە ئۇ

كىشىنىڭ ئۈمىد ئوقى مۇراد نىشانىغا تەگكۈسى ۋە ھەر قانداق بالالاردىن ساقلانغاي، ئاڭا ھېچقانداق زەرەر يەتمىگەي.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• سەۋر شادىمانلىقنىڭ ئاچقۇسىدۇر، راھەت ئۆيىنىڭ ئىشىكى بۇ ئاچقۇچسىز ئېچىلماس.

— موللامۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• سەۋر بىلەن كۆپ يېپىق ئىشلار ئېچىلىدۇ. ئىشتا ئالدىرىغان كۆپ تېپىلىدۇ، كۆپ تېپىلغان كۆپ يىقىلىدۇ، ئىشتا ئالدىرىماق ياش بالىلارنىڭ ئىشىدۇر، سەۋر بىلەن ئىش قىلىش ئۇلۇغ كىشىنىڭ ئىشىدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئىرادە ئىنسانىنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئىنسان قىلغىلى بولىدىغان نەرسىگە ئىرادىلىك بولىدۇ، خاھىش ھەتتا قىلغىلى بولمايدىغان نەرسىنى (مەسىلەن، ئۆلمەسلىك) نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، خاھىش ئىرادىگە قارىغاندا ئومۇمىراق بولىدۇ، چۈنكى، ھەر قانداق ئىرادە خاھىشتۇر، ھەر قانداق خاھىش ئىرادە ئەمەس.

— ئەبۇ نەسر فارابى

• ياخشىدۇر ئەسكى چاپان بىلەن خاتىرجەم تۇپراقتا ئولتۇرۇش، ئۇنىڭدىن ياماندۇر كىمخاپ چاپان بىلەن بىراۋنىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇش.

— ئەلىشىر ناۋايى

• مەقسەت مەنزىلىگە يېتىش سەپىرى ئىنتايىن

مۇشەققەتلىكتۇر، كىمكى بۇ يولغا قەدەم قويسا، قەتئىي نىيەت، يېڭىلمەس ئىرادە، پىداكارلىق روھىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

— ئىمىر ھۈسەين سەبۇرى

• جاھاندىن مۇرادسىز ئۆتۈش بەئەينى مۇنچىغا چۈشۈپ، پاكلانماي چىققانغا ئوخشاشتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئەر دېگەن نامىغا لايىق بولۇش ئۈچۈن، كۆپتىن-كۆپ ھىممەت ۋە غەيرەت-شىجائەت بولۇشى كېرەك.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• مەقسەت يولىدا ئىزدەنگۈچى ھەر قانداق جەبرى-جاپالارغا چىداپ، پەجمۇردە ھال ئاشىق بولغاندىلا، ئۆز مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

— ئىمىر ھۈسەين سەبۇرى

• بىر ئىشتا ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كەلسەڭ، ئۈمىدسىز بولما، ئۈمىدسىزلىك ئىرادىنى سۇسلاشتۇرىدۇ.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

• كىشى شىجائەت بىلەن شىر بولىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئەگەر ھەر قانداق ئىشتا كىشىدە ھەققەت بولمايدىكەن، ئۇ ئىشقا ئاتلانماسلىقى كېرەك.

— مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى

• راھەتتە بولمىغان جاپا-مۇشەققەت يوق، ئاخىرى بەخت بولمايدىغان ھېچقانداق بەختسىزلىكمۇ يوق.

— مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى

• ئۇلۇغۋار مەقسەت يولىدا يۈرۈش قىلغۇچىلار ھەر خىل ھاۋايى-ھەۋەسلەرنى كۆڭلىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتىشى، بىردىللىق، بىر ئىرادىلىك بولۇشى لازىم.

— ئېمىر ھۇسەيىن سەبۇرى

• ئەگەر ساڭا ئېغىر كۈنلەر كەلسە، بۇمۇ ئۆتۈپ كېتەر دەپ سەۋر قىلغىن، دۇنيانىڭ ئىشلىرى شۇنداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەن، ھەر بىر جاپا-مۇشەققەتكە ھەسرەت چېكىپ، ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويما.

— مەھمۇد قەشقەرى

• بۇ ئۆمرۈڭنى شۇنداق ئۆتۈۋېرىدۇ، دەپ ئويلاپ قالما، كېچە ھەر قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ، ئاخىرى تاڭ ئاتىدۇ.

— قەلەندەر

# دۆلەت، بەخت-سائادەت توغرىسىدا

• بەخت ھەر قانداق ئادەم تەلپۈنىدىغان مەقسەت بولۇپ، ئۇ چەكسىز كامالەتتىن ئىبارەتتۇر.

— ئەبۇ نەسىر فارابى

• بەخت-ياخشىلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ زور ياخشىلىق ۋە ھەممە نەرسە ئىچىدىكى ئادەم ئەڭ تەلپۈنىدىغان، ئەڭ كامالەتلىك مەقسەت ئىكەنلىكى روشەن.

— ئەبۇ نەسىر فارابى

• بەخت يۈزلەنسە، ھەممىگە يارىشىدۇ، ئەمما ئەقىللىق كىشىگە بەكمۇ چىرايلىق يارىشىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دۆلەت كېلىپ كىم بىلەن ياراشسا، ئۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بېشىنى كۆككە يەتكۈزىدۇ، دۆلەت كېلىپ مال-دۇنيا يىغىلسا، كىشىنىڭ كۆڭلى ياشنايدۇ، مەڭزى قىزىرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىۋاپا بەختكە ئەگىشىپ توغرا يولۇڭدىن ئاداشما، دىققەت قىل، بەخت ئىشەنچسىزدۇر، قىلىقىنى ئۆزگەرتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مۇلايىم، كەمتەر بولۇش بەخت ئۈچۈن قانداق

ياخشى نەرسە-ھە! ئالىم مۇلايىم بولسا ئېيىتقان سۆزلىرى تاتلىق، كۆركەم
ئىش بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بەخت ئەسلى تېگى-تەكتىدىن كۆچمەنلىك
ئىتتىدەك نەرسە، ئۇنى تۇتۇپ تۇرغۇچى يىلتىز كەمتەرلىكتۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئۆتكەن ئۇلۇغلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى ئاڭلاپ،
ئۇنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلغان ۋە يامانلارنىڭ يامان ئىشلىرىدىن
ساقلانغان كىشى سائادەتمەن كىشىدۇر.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• بۇ دۆلەت كېلىپ كىمگە نېسىپ بولسا، ئۇنىڭ
ئىچى-تېشىنى كۆزىتىپ، پۈتۈنلەي بېزەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بەخت كەلسە ئىنسان ھەقىقىي سائادەتكە
ئېرىشىدۇ، تۈمەن ئارزۇسىغا يېتىپ، ھالاۋەتتە ياشايدۇ،
بەخت قەيەردە بولسا، ئۇنىڭغا بويۇن ئەگ، ئەپ بول، ئەگەر
بەختنى رەت قىلساڭ قايغۇ بىلەن ئېلىشىسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەگەر دۆلەت كەلسە، ھەممە ئارزۇلار بىللە
كېلىدۇ، دۇنياغا داڭ چىقىرىپ، نامى مەشھۇر بولىدۇ،
ئەگەر ئامەت كەتسە، كەلتۈرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ
كېتىدۇ، كۆتۈرۈلگەن بېشىنى قوڭۇر يەرگە ئەگدۈرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بەختلىك كىشى ئەگەر ئالىم بولسا، نادانلارنىڭ سۆزىدىن ئىبرەت ئالىدۇ ۋە ئېتىبار قىلىدۇ. بەختسىز كىشى نادان بولسا، ئالىملارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشتىن نومۇس قىلىدۇ. ھەقىقەتەن نادانلىق (بىلىمسىزلىك) تىن بەختسىزرەك نېمە بار؟!

— ئەلىشىر ناۋايى

• كىشىگە بەخت كېلىدۇ ۋە ئۇنى قەدىرلىك قىلىدۇ، توغرا ئىش ـ ھەرىكەت قىلسا، بۇ قەدىر-قىممەت ئۇنىڭغا سىڭىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەگەر يولۇڭ ئوڭدىن كەلسە، ئىشىڭ ئوڭشىلىدۇ، مۇبادا سولدىن كەلسە، نالە قىلىپ بېشىڭغا ئۇرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دۆلەتكە ئېرىشسەڭ، مەغرۇرلانمىغىن، قولۇڭدىن كېلىشچە ياخشىلىق قىل، يامانلىق قىلما.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشىگە بەخت كېلىدۇ، نامى شۆھرەتلىك بولىدۇ، خۇددى يېڭى ئايدەك نۇرى ئارتىپ، ئاخىرى تولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بولۇمسىزغا دۆلەت، بەخت كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ

دۆلەتنى ئىتتىرىپ، بىر كۈنمۇ تۇرغۇزمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەي بەخت تىلىگۈچى، بەخت ئۈچۈن مەغرۇرلىنىپ كەتمە، كەلگەن بەخت ئاخىرى كېتىپ قالىدۇ، ئەي دۆلەتمەن، داۋاملىق مۇشۇ دۆلىتىڭ بىلەن تۇراي دېسەڭ، ياخشىلىق قىلىپ تۇرغىن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بەخت ـ ئامەتكە ئىشەنمە، مۇمكىنقەدەر ياخشىلىق قىل، بىلگىنىكى، بەخت بۈگۈنى بۇ يەردە بولسا، ئەتىسىلا ئۇ يەردە بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بەخت كېلىدۇ، تۇتۇشنى بىلمىسەڭ كېتىدۇ، ساڭا مال بېرىدۇ، يېيىشنى بىلمىسەڭ، ئۇنى ئالىدۇ، شۇڭا تۇراقسىز بەختكە ئېرىشسەڭ، ئۇنى ناھايىتى مەھكەم تۇت.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەڭ ئۇلۇغ ۋە تولۇق بەخت-سائادەت بارلىق ھالاۋەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىدۇر. بەدەندىكى كېسەللىك، كەمبەغەللىك، ھوزۇر-ھالاۋەتنىڭ يوقلۇقى، ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىگە بېرىلىشنىڭ مۇمكىن بولماسلىقى ۋە شان-شەرەپنىڭ يوقلۇقى بەختسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

— ئەبۇ نەسر فارابى

• ھەرىكەتلەر قانچىكى كۆپ ۋە پات-پات ئورۇنلىنىپ تۇرسا ھەم بۇ ئىش-ھەرىكەتلەرگە ئادەم قانچىكى كۆپ ئەجىر

سىڭدۈرسە، بەخت-سائادەت ئۈچۈن يارىتىلغان روھنى بۇ ئىش-ھەرىكەتلەر شۇنچە كۈچلۈكرەك، پەزىلەتلىكرەك ۋە مۇكەممەلرەك قىلىپ چىقىدۇ. ئۇ بولسا، تېخىمۇ تاكامۇللاشقانسېرى ماددىغا موھتاج بولمايدىغان بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن خالىي بولىدۇ.

— ئەبۇ نەسر فارابى

• ھالاۋەتنىڭ خۇسۇسىيىتى ئەمەلىيەتتە شۇنداقكى، ئۇ خالاش ۋە ئىختىيارى تاللاش بىلەن قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

— ئەبۇنەسر فارابى

# ياخشىلىق، كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق توغرىسىدا

• ياخشىلىق ئېسىل نەرسىدۇر، ئېسىل نەرسىنى ئېسىل كىشىلەر دائىم خالايدۇ. قايسى نەرسە ئېسىل، نادىر ۋە قەدىرلىك بولسا، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بارچە كىشىگە ئېغىر چۈشىدۇ. قانداق نەرسە قەدىرسىز بولسا، يەردە ياتىدۇ، تاۋار-دۇردۇن قىممەتلىك بولغاچقا، تۆردە تۇرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ياخشىلىق يۇقىرىغا چىقىشتەك ئىش، ھەممىلا كىشى چىقالمايدۇ، قەدىرلىك بولغان ھەر قانداق نەرسىنى بېجىرىش ئېغىرغا چۈشىدۇ، بىلىمسىز ۋە نادانلار بۇنى ئادا قىلالمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھاياتىڭنى سەرمايە قىلغىن، ئۇنىڭ پايدىسى ياخشىلىقتۇر، بۇ ئەتە ۋە ئاخىرەتتە ياخشى يېگۈلۈك، كەيگۈلۈك بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشىنىڭ ئېسىلى ياخشىلىقنى ئۇنتۇمايدۇ، ياخشى ئۇرۇقلۇق ئادەم ئالا كۆڭۈل بولمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىراۋغا خۇشاللىق بولسا، سەنمۇ خۇشال بول، قايغۇ-ئەلەمگە يولۇقسا، سەنمۇ قايغۇرغىن، شۇنداق قىلساڭ، ياخشى نامىڭ چىقىدۇ، سېنى ياخشى كۆرۈشىدۇ، ھەممە كىشى سەن بىلەن ئارىلىشىشقا ئالدىرايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ياتلارنى قەدىرلىسە، ئەر يۈزى يورۇق بولىدۇ، مۇساپىرلارغا ياخشى قارىسا، شۆھرىتى تارقىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ياخشىلىق ئۆلۈك بولسا، يامانلىق سولدۇر، سولۇقىدا دوزاخ، ئۆلۈك تەرىپىدە جەننەت بار، كىم ياخشىلىقنى خالىسا، ياخشىلىق قىلىدۇ، خورلاش ۋە كەمسىتىشكە پىسەنت قىلمايدۇ. ياخشى كىشى قانچىلىك خار بولسىمۇ ئەتە ئۇ يەردە ئۆكۈنمەيدۇ، ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، ياخشىلىقنىڭ بۈگۈن ساڭا ھېچ زىيىنى يوق، ئىشەنگىنكى، ئۇنىڭ كېيىن پايدىسى بولىدۇ. . . يامانلىق بۈگۈن پايدىلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇ ئەتە زىيان كەلتۈرىدۇ، بۇنى پاراسەت بىلەن ئۇق.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تىرىشىپ ياخشىلىق قىلغىن، ياخشى نام ئىزدە، ياخشى نامىڭ بىلەن مەڭگۈ تىرىك قال.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ياخشىلىق قىلالمىساڭ، يامانلىق قىلما، ياخشىلىقنى بىلمىسەڭ، ياخشىلارغا قوشۇل، ياخشىلار

قاتاردا بولالمىساڭ، ياخشىلار ئەتراپىدا يۈر.

— ئەلشىر ناۋايى

• ياخشىلىق نەچچە يىللار ياشىسىمۇ قېرىمايدۇ، يامانلىقنى قانچە پەرۋىش قىلسىمۇ تۈزەلمەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ياخشىلىقنىڭ ئۇرۇقىنى چاچ، ئۇرۇنسىز يەر بولسىمۇ، چۈنكى ياخشىلىق ئۇرۇقى قەيەرگە چېچىلسا، ھەرگىز زايا بولمايدۇ.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• ياخشىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولماق، ئولپەت بولماق چوڭ سائادەتلىك ئىشتۇر.

— موللامۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• دائىم ياخشىلىق قىل، يامانلىقتىن يىراق بول، شۇ چاغدا مەيلى ئولتۇر، مەيلى تۇر، ساڭا ياخشىلىق كېلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دائىم كىشىلەرنىڭ ماختىشىنى خالىساڭ، ياخشى قىلىقلارنى قىل، يۈزۈڭنى يورۇق ئەت.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئادەمگەرچىلىك دېگىنىم ياخشىلىق دېگەنلىك بولىدۇ، بۇ ياخشىلىق يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك بەرگەنلىك بىلەن ئوخشاشتۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەي ياخشى كىشى، ياخشىلىق قىلىپ تۇر، ياخشىلىق قېرىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆمرى مەڭگۈلۈك بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ياخشىلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بۇنىڭ بىرى، ھەقىقىي ھالدا ياخشىلىق يولىنى تۇتىدۇ. يەنە بىرى، ئانىدىن تۇغۇلۇپلا ياخشى بولىدۇ، ئۇ توغرا ۋە دۇرۇس ھايات كەچۈرىدۇ. قارا، يەنە بىرى تەقلىد يولى بىلەن ياخشى بولغانلار.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• نامىڭنىڭ دۇنياغا تارىلىشىنى خالىساڭ، مۇساپىرلارغا ياخشى قارا، نامىڭ تېز تارقىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەممە كىشىگە قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل، ساڭىمۇ ياخشىلىق كېلىدۇ، شۈبھىلەنمە!

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• چىن كىشىنىڭ بەلگىسى ئادەمگەرچىلىك قىلىشتۇر، كىشىگە ئادەمگەرچىلىك قىلىپ، ھەقىقىي ئادەم بول، ئۆزۈڭگە ئادىمىي دېگەن ماختاشلىق نامنى ئال.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ياخشىلىقنى ئادەت قىلىش ئۈچۈن ئوچۇق قول بولۇش كېرەك، ئوچۇق قول كىشى ئىززەتتىن نېرى بولالمايدۇ.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• دۇنيانىڭ قانۇن-قائىدىلىرى مەۋجۇت بولسا، ئادەمگە ئادەمگەرچىلىك قىلىش ئۇنىڭ بەلگىسى بولىدۇ. كىشى ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىدۇ، بىر ياخشىلىققا ئون ياخشىلىق بىلەن جاۋاب بېرىدۇ.

— يۇسۇپ خاس هاجىپ

• كىمنىڭ ياخشى نام بىلەن جېنى چىقسا، ئۇنىڭ ياخشى نامى دۇئا بىلەن داۋاملىق يادلىنىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن، كىم ياخشى دۇئا بىلەن يادلانسا، ئۇ قايتىدىن تۇغۇلۇپ، يەنە بىر هايات باشلىغاندەك بولىدۇ. مەيلى يەرنىڭ ئۈستىدە بول ياكى يەرنىڭ ئاستىدا بول، ياخشى نامىڭ مەشهۇر بولسا، شۆهرىتىنى ئۆزۈڭ كۆرىسەن.

— يۇسۇپ خاس هاجىپ

• تىرىك ئىنسان ئوغلى پايدا يەتكۈزىدىغان بولۇشى كېرەك، پايدا يەتكۈزمەيدىغان كىشى تۇغۇلۇپلا ئۆلگىنى ياخشى، كىشىنىڭ ياخشىسى كىشىگە پايدا يەتكۈزىدۇ، بۇنداق ياخشى كىشى خەلقىنىڭ نېمىتىدۇر.

— يۇسۇپ خاس هاجىپ

• بەختكە ئېرىشىشكە مەنپەئەتلىك بولغان ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشتۈرگەن نەرسىنىڭ هەممىسى ياخشىلىق، بەختكە مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ توسقۇن بولىدىغان نەرسىنىڭ هەممىسى مۇتلەق يامانلىقتۇر.

— ئەبۇ نەسىر فارابى

• كىشى بىرەر كىشى ئۈچۈن ئەمگەك قىلسا، ئۇنىڭ

ئورنىغا كىشىلىك بىلەن جاۋاب ياندۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ياخشىلىق بىلەن نام قالدۇرۇشنىڭ ئۆزى

— ئەلىشىر ناۋايى

مۇكاپاتتۇر.

• ھەقىقىي ياخشىلىق چىنلىق ۋە توغرىلىقتۇر، ياخشىلىقنىڭ ئۆزى ھاياتلىقتۇر، كىمكى ياخشىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلسا، تىرىك ياشىغان بولىدۇ، كىمكى يامانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلسا، تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەن بولىدۇ. دۇنيا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ياخشى ئىش-ھەرىكەت مەڭگۈ قالىدۇ، ياخشى قىلىق بىلەن ياخشى ئادەت يوقالمايدۇ، بىۋاپا دۇنيا سەندىن يۈز ئۆرىگەندە، ئەسقاتىدىغىنى قىلغان ياخشىلىقتۇر، ئەي قوزام.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆيۈمسىز، ئەسقاتماس ئوغۇلدىن كۆرە سادىق كۆيۈمچان خىزمەتچىنىڭ پايدىسى ئەۋزەل.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ياخشىنىڭ مىجەز-قىلىقى قانداق بولىدۇ؟ ياخشىنىڭ مىجەز- قىلىقى پايدىلىق بولىدۇ، خەلققە مەنپەئەتى تېگىدۇ، خەلققە ھەمىشە كۆپ ياخشىلىق قىلىدۇ، كىشىدىن شۆھرەت تىلىمەيدۇ، مىننەت قىلمايدۇ، ئۆز پايدىسىنى كۆزلىمەي، كىشىلەرگە پايدا كەلتۈرىدۇ، بۇ پايدىسى ئۈچۈن بەدەل تەلەپ قىلمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئارزۇ قىلىش بىلەن مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكىلى بولمايدۇ، يىگىتلىك كۈچ-قۇۋۋىتى ھەرگىز يېنىپ كەلمەيدۇ، ئەگەر سەن ياخشىلىق قىلغان بولساڭ، ئۆزۈڭ ئۆچۈن مەڭگۈلۈك ئەجىر قىلغان بولۇسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ياخشى نامغا ئىگە بولاي دېسەڭ، سېخىي بولۇشقا بەك دىققەت قىل.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشىلىك قىلغانغا كىشىلىك بىلەن جاۋاب بەر، كىشىلىككە لايىق ئادىل جاۋاب ياندۇرغىن، ۋاپاغا ۋاپا قىلىش كىشىلىكنىڭ بۇرچى، ۋاپا قىلىپ ئادەم بول، نامىڭنى ئۆلگايت.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشىگە زىيانلىق تىلىمە، ئۆزۈڭمۇ زىيان سالما، پەقەت ياخشىلىق قىل، ھاۋايى-ھەۋەستىن ئۆزۈڭنى باس.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• پۈتۈن ئىنسان ياخشىلىقنى ئارزۇ قىلىدۇ، كىشى ياخشىلىقنى كۆرگەن ئادەمگە قۇل بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ياخشى كىشىدىن ياخشىلىق، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە ئات-ئۇلاق كېلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشىلەر "ياخشى" دېيىشىدۇ، بۇ ياخشى كىم؟

كىشىنىڭ دەردىگە داۋا بولسا، مانا بۇ ياخشى كىشىدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قارا، ئادەملەرنىڭ ياخشىسى ئۆزىنى ئۇنتۇمايدۇ، قەيەردە يۈرسە، ياخشى يولدا يۈرۈشنى خالايدۇ، ئادەم ياخشى بولۇشى، ياخشى خۇلقلىق بولۇشى كېرەك. قەيەرنى خالىسا، شۇ يەردە مىڭ خىل شادلىقلا ئېرىشىدۇ، ياخشى كىشى ھەر قانداق يەردە ياخشى بولىدۇ، ياخشىلىقنىڭ بەدىلىگە ياخشىلىق يانىدۇ. سەن ياخشى ھەرىكەت قىل، يامانلىق قىلما، قەيەرنى خالىساڭ، شۇ يەردە قورقماي يۈرەلەيسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• "كىشى" دېيىشىدۇ. كىشى دېگەن كىم؟ كىشى ئۆز ئىشى بىلەن باشقىلارغا مەنپەئەت بەرگەنلەردۇر. بارچە ئىنسان ئوغلى ياخشىلىقنى سۆيىدۇ، قايسى نەرسە ياخشىلىق بولسا، شۇ ماختىلىدۇ، ياخشىلىق خەلققە پايدا يەتكۈزۈش، بۇ پايدا بىلەن خەلقنى ھالاۋەتلىك قىلىش دېمەكتۇر، ياخشى كىشى خەلققە مېھرىبان بولىدۇ، مېھرىبان بول، ياخشى ئادەم بولغىنىڭ شۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• پەلەك زۇلۇم قىلىشقا قانچە تېز بولسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىشىمۇ شۇنچە تېزدۇر. ئەگەر بىراۋغا بىراۋدىن ئاپەت يەتسە، ئۇنىڭغا بېرىدىغان جازاسىمۇ قاتتىقراقتۇر، ئەگەر بىراۋ جاپا بىلەن بىر رىشتىنى ئۈزسە، شۇ رىشتىنىڭ ناھايىتى تېز ئەجدىھا بولۇپ يېتىپ كېلىشىنى

كۆتۈش كېرەك. بىراۋ بىر ئۇچقۇننى يوشۇرسا، چاقماق ئۇنى ئاخىر بىر كۆلگە ئايلاندۇرىدۇ. دەۋران قىساس ئېلىشتا ناھايىتى ئەپچىلدۇر. دەۋرانلا ئەمەس، توققۇز ئاسمانمۇ شۇنداقتۇر. شۇنداق بولغانىكەن، جەۋرى زۇلۇمدىن قولنى تارتىپ، مېھر-ۋاپا ئۇرۇقىنى تېرىش ياخشىراق. سەن يەرگە قانداق ئۇرۇق چاچساڭ، جەزمەن شۇ ئۇرۇق ئۈنۈپ چىقىدۇ. ھېچ كىشى ئۇنىڭ ھوسۇلىدىن قاچالمىغانىكەن، ياخشىلىق ئۇرۇقىنى چېچىش لازىم.

— موللا سىدىق يەركەندى

• ياخشىلىققا جاۋاب بېرەلەيدىغان كىشى ياخشى كىشىدۇر، خەلق ئىچىدە سەرخىل، ئادەملەر ئىچىدە تونۇلغىنىدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەممە ياخشىلىقنىڭ ئاساسى مۇنۇ سەككىز ئىشتۇر: بىرىنچى، ئىلىم ئۆگەنمەك؛ ئىككىنچى، نەپسىنى يىغماق؛ ئۈچىنچى، ياخشىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولماق؛ تۆتىنچى، راست سۆزلىمەك؛ بەشىنچى، خالىس ۋە ئادىل بولماق؛ ئالتىنچى، كىشىلەرگە ئازار بېرىشتىن يىراق بولماق؛ يەتتىنچى، باشقىلارنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرمەك؛ سەككىزىنچى، ھايالىق بولماق.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

• شور-زەي يەرگە ئۇرۇق سالمىغىن، ئۇ ساڭا ھوسۇل بەرمەيدۇ، قەدرىنى بىلمىگەن كىشىگە ياخشىلىق

قىلماق، شور-زەي يەرگە ئۇرۇق سالغان بىلەن باراۋەر.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

• يەرگە قانداق ئۇرۇق چاچقان بولساڭ، ئاخىرى ئەلۋەتتە شۇنى يىغىۋالىسەن.

— ئەلىشىر ناۋايى

• قىلغان ياخشىلىقنى تىلغا ئېلىش ياخشىلىقنى يوققا چىقىرىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئۇرۇق-تۇغقان، قوشنا-قولۇملارغا ياخشىلىق قىل، ئۇلارنى ھۆرمەتلە، ئۇلاردىن سوۋغا ئالساڭ، تېخىمۇ قىممەتلىكرەك سوۋغا تەييارلا.

— مەھمۇد قەشقەرى

• كىمكى مەردلىك ۋە ياخشىلىقنى ئۆزىگە ئادەت قىلسا، ئۇ خەلق ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• بىر كىشىگە ياخشىلىق ياكى يامانلىق قىلساڭ، ئۇنىڭ ئەجرىنى مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرىسەن، چۈنكى قىلغان ياخشىلىقىڭدىن ئۇ كىشى قانچە خۇشال بولغان بولسا، سېنىڭ كۆڭلۈڭدىمۇ شۇنچە خۇشلۇق، راھەت سەزگۈسى پەيدا بولىدۇ، بىر كىشىگە يامانلىق قىلساڭ، يالغۇز ئۇ كىشىدىلا ئەمەس، بەلكى سېنىڭ كۆڭلۈڭدىمۇ بىئاراملىق، غەشلىك پەيدا بولىدۇ، ئۆزۈڭ خۇشال بولماي تۇرۇپ، كىشىنى خۇشال قىلالمايسەن، ئۆزۈڭ رەنجىمەي تۇرۇپ، كىشىنى

رەنجىتەلمەيسەن، قولۇڭدىن كەلسىلا باشقىلارغا ياخشىلىق قىل، تىلى باشقا، دىلى باشقا بولمىغىن.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

• ياخشى ۋە يامان ئادەمدىن جاھان خالىي ئەمەس، لېكىن، يامان ئادەم ۋە يامان ئىشلار ئاشكارا بولىدۇ، ياخشى ئادەم ۋە ياخشى ئىشلار يوشۇرۇن بولىدۇ.

— ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

• دۇنيانىڭ گۈلشىنىدە ھېچكىم مەڭگۈ قالالمايدۇ، ياخشىلىق بىلەن نام قالدۇرۇش ئۇلۇغ سائادەتتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئامانلىقنى ئىزدىسەڭ، خەلقى ئالەمگە كۆپرەك ياخشىلىق قىلغىن.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• يامان ئىش قىلىش، بېخىللىق، ئۇنتۇغاقلىق ۋە يالغان سۆزلەشتىن شەرمى ھايا قىلغىن. ياخشى ئىش، ياخشى سۆزلەشتىن ھەرگىز نومۇس قىلمىغىن، ياخشىلىق ۋە ئوبدانلىقنىڭ ئېپتىداسى نومۇس، شەرمى-ھايادۇر، يامانلىقنىڭ ئېپتىداسى نومۇسسىزلىقتۇر.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

• جاھان ھادىسىلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ ئەھۋاللىرى كۆپ خىل ۋە بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياخشىلىق ۋە يامانلىق، مۇھەببەت ۋە نەپرەت، گۈزەللىك ۋە خۇنۈكلۈك، پايدىلىق ۋە زىيانلىق تەرەپلەر

بولىدۇ.

— ئەبۇ نەسر فارابى

• ياخشى قىلىق بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئال، يامانلىقتىن ئۆزۈڭنى نېرى تارتقىن.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• يامان بىلەن ياخشىنىڭ ئارىسىدا كۆپ پەرق بار، ئىككى كېمىنىڭ بېشىنى تۇتقان كىشى سۇدا غەرق بولىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ياخشى ئىشلارغا ئېغىرلىق قىلمىغىن، يامان ئىشلارغا يېنىكلىك قىلمىغىن.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ياخشىنىڭ ياماندىن ئارتۇقچىلىقى ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىدە، يامانلار ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلسا، ئاندىن ياخشى بولىدۇ.

— مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى(گۇمنام)

• ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ئىززەت تاپىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

## دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق، ھەمكارلىق، سائادەت، ئىشەنچ، ۋەدە-ۋاپا توغرىسىدا

• ۋاپا، مېھىر-مۇھەببەت ئۇرۇقىنى چېچىش ھەممىدىن ئەلا.

— ئەلىشىر ناۋايى

• جاپا قىلغۇچىغا ۋاپا قىلغۇچى مەرد كىشى ۋاپا قىلىدۇ، يامانلار جاپا قىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەركىم ۋاپا قىلسا ۋاپا تاپىدۇ، جاپا قىلسا جاپا تاپىدۇ. ياخشى كىشى ياخشىلىقى بىلەن ھەرگىز يامانلىق كۆرمەيدۇ، ھەر كىم يامان بولسا، يامانلىقى بىلەن جاپا تاپىدۇ.

— مۇھەممەد بابۇر

• كۆيۈمچانلىق، ساداقەت كىشىلىكنىڭ بېشىدۇر، سادىق كىشىلەر ئىنسان ئۈچۈن ئەزىزدۇر، كۆيۈمچان، سادىق كىشىنى ئەقىللىقلەر كۆپ ماختىدى، سادىق كىشىگە ئېرىشسەڭ، باغرىڭغا باس، بىلىم ۋە ئەقىل ماڭا شۇنداق دېدى.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەق يولىدا ماڭمايدىغان بىۋاپالاردىن يىراق بول، ئۇلاردىن ساڭا جاپا ۋە زۇلۇمدىن باشقا نەرسە كەلمەيدۇ.

— ئەلشىر ناۋايى

• ۋاپا — مەردانىلەر ۋە ساھىب كامال (كامالەت) ئىگىلىرىنىڭ ئىشىدۇر، ئەھدە گېپىدە تۇرىدىغان ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ ھۈنىرىدۇر، ئەگەر ئەھدىنىڭ رۇخسارى ۋاپا خالى بىلەن زىنىنەتلەنسە، ھەر قانداق كۆڭۈلنىڭ قۇشى ئۇنىڭ دامىغا چۈشمەي مۇمكىن ئەمەس.

— مۇللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• ۋاپاسىز، ئېزىلەڭگۈ، قابىل يىگىتتىن ۋاپالىق قوتۇر ئىت ياخشىراق.

— ئەلشىر ناۋايى

• ۋەدە قىلىپ بەرمەيدىغان نەرسىگە ۋەدە قىلمىغۇلۇق، ۋەدە قىلغان بولساڭ، ئۇنى تۇتۇپ قالمىغۇلۇق.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قەيەردە ئىناقلىق، يېقىنلىق بولسا، شۇ ئىشتا مەنپەئەت بولىدۇ، بۇنىڭغا كۆڭۈل قوي.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ۋاپا كىشى ئۈچۈن ئادىمىيلىكنىڭ بېشىدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەگەر بارلىق خەلقلەر بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزئارا ياردەملىشىشنى يولغا قويسا، پۈتۈن زېمىندا پەزىلەت

تىكلىنىدۇ.

— ئەبۇ نەسىر فارابى

• ۋاپا نەگەزگۈلدۇركى، دەۋراننىڭ گۈلزارلىقىغا كۆز سالمايدۇ، ۋاپانىڭ كۆڭلىدە ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك يوشۇرۇنالمايدۇ. ۋاپا پاك يارالغان بىر مەھبۇبتۇركى، پاك كۆڭۈلدىن باشقىغا يېقىنلىقى ۋە ئۈلپىتى يوق، ئۇ پاك يارالغان بىر تىلەكتۇركى، پاكىز يارالغاندىن باشقىسىغا مەيلى ۋە رەغبىتى يوق، ئۇ قىممەتلىك گۆھەردۇركى، ئىنسانىيەتنىڭ تاجىغا زىننەتتۇر، ۋاپاغا ھايا بىلەن يەتكىلى بولىدۇ، ھاياغا ۋاپا بىلەن يەتكىلى بولىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئىككى كىشى ياراشسا، ھامان پايدا كۆرىدۇ، قوڭۇر يەر يېشىل سۇ بىلەن ياراشقانلىقتىن، ئارىسىدىن مىڭ خىل گۈل-چېچەكلەر كۆلۈپ ئېچىلدى، قېرىنداش ياكى دوستلار يارىشىپ، ئىناق يۇرسە، بىلگىنكى، ئۇلاردىن يەنە قەۋم-قېرىنداشلار پەيدا بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىمگە ۋاپا قىلساڭ، جاپاچى تەيياردۇر، جاپاچى كۆنلەرنىڭ بىرىدە ساڭا جاپا قىلىدۇ. كىمگە ياخشى مۇئامىلە قىلساڭ، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىل، ئۇ سېنى يامانلىق بىلەن پەرياد، نادامەت چەكتۈرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• پىششىق بولۇشنى خالىسا، سۆزنى پىشۇرۇش

كىرەك. ئىشەنچلىك بولۇشنى خالىسا، ئۆزىنى ئىشەنچلىك تۇتۇش كىرەك.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• قارىغىن، ئەقىل بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئېيتىدۇ، سادىق كىشى ئۈچۈن جان بەرسەڭ ئارتۇق كەتمەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• كىم ئۆزىنى ياخشى كۆرگەنلەرنى ئۆزىگە ئۆچ قىلىمەن دېسە، ۋەدە قىلغان نەرسىنى بەرمىسىلا كۇپايە.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• سادىقلىق كىشىلىكنىڭ باشلىنىشى دېمەكتۇر. سادىق كىشىلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئېسىڭدە تۇت، بۇ گەپ — سۆزلەر سەن ئۈچۈن دۆلەت، سائادەت تورى بولىدۇ، سادىق كىشىلەرنىڭ راستچىلىدۇر، سادىق كىشىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، ئۇ سېنى يۈكسەلدۈرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• مېھرىبان، سادىق خىزمەتچى تامامەن شۇنداق بولىدۇكى، ئۇ ئۆز پايدىسىنى قويۇپ، بېگىنىڭ پايدىسىنى تىلەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• ۋاپانىڭ ئېتىكىدە هايانىڭ زىكرى بار. كەرەم بىلەن مۇرۇۋۋەت، ئاتا بىلەن ئانا بولسا، ۋاپا بىلەن هايا بىر قورساقتىن چىققان بىر تۇغقانلاردۇر، بۇ ئىككى بىر تۇغقان

ئـول ئـىگىسىگە (كەرەم بىلەن مۇرۇۋۋەتكە) يېتىشكەندە، ئاندىن شۇنچە ئالىي مەرتىۋىگە يەتكەن بولىدۇ، قايسى بىر كـۆڭـۈلـدە ۋاپا ئورۇن ئالىدىكەن، هايامۇ ئورۇن ئالغان بولىدۇ، دېمەك ۋاپا تېپىلغان يەردە هايا تېپىلىدۇ، ۋاپاسىزدا هايا يوق، هاياسىزدا ۋاپا يوق.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كـۆپـچـىلـىككە ئۆزۈڭنى ياخشى كۆرسىتىشنى خالىساڭ، دىلىڭ بىلەن تىلىڭنى بىرلەشتۈر، شېرىن سۆز قىل.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• سـېـنـىـڭ ئالدىڭدا باشقىلار ئۈستىدىن غەيۋەت قـىـلـغان كىشىگە ئىشەنمە، چۈنكى، ئۇ باشقىلار ئالدىدا سېنىڭ ئۈستۈڭدىنمۇ غەيۋەت قىلغۇچىدۇر.

— ئەبۇ نەسىر فارابى

• كۆزدىن يىراقلاشسا، كۆڭۈلدىنمۇ يىراقلىشىدۇ.

— مەھمۇد قەشقەرى

• ۋاپا تەڭدىشى يوق يېگانە گۆھەردۇر، بۇ تەڭداشسىز گۆھەر يوقلۇق دېڭىزىدا يوشۇرۇن، تېپىلماسلىق گىردابىدا پىنهاندۇر، مەلۇم ئاتالغۇ سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئىسمى ئېنىق بـولـسىمۇ، لېكىن جىسمى نامەلۇمدۇر. ۋاپا شۇنداق بىر جـەۋهـەركـى، ئـۇ كـامـالـەت يۈكسەكلىكىگە چىقىشنىڭ سەۋەبچىسى، ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە ئۆرلەشنىڭ ئامىلىدۇر.

— ئېمىر هۈسەيىن سەبۇرى

• ساداقەت ئادەمگەرچىلىكنىڭ بېشىدۇر، ساداقەت كىشىلا ھەقىقىي ئىنسان بولۇشقا لايىقتۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ۋاپا قىل، يىگىتلىك بوستانى ھەمىشە مۇنداق گۈزەل ۋە كۆكلۈلۈك بولۇۋەرمەيدۇ.

— ئاتايى

• مېھىر-ۋاپاسى يوق كىشى ئەگەر قوياش بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن نېمە پايدا؟

— لۇتفى

• جاپا جۈپ كېلىدۇ، ۋاپا يالغۇز.

— ئەھمەت خوجامنىياز ئوغلى قىسۇرى

• ”ۋاپا“ ناملىق گۈزەلنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىش كىمگە نېسىپ بولسا، بۇ ئاشۇ كىشىنىڭ غەلىبىگە ئېرىشكىنىدۇر. مۇنداق ۋاپادار گۆھەرنىڭ ئاياغ ئاستىدىكى تۇپرىقىدىن ئۇمىد كۆزى يورۇيدۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن مۇددىئاسىغا يېتەلمىگەن يوقسۇلنىڭ قۇلىقىغا خۇشخەۋەر يېتىدۇ.

— ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

• جاپا ۋاپا قۇلۇبىنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

— موللا ئەلەم شەھيار

• مۇھەببەتلىك دوستلارنى ياد ئېتىپ خەت ئەۋەتمەسلىك ۋاپا يولىنى قارا قىلىشتۇر.

— ھۈسەيىنخان تەجەللى

• رەھمەت بىلەن جاپا بارچە ئەخلاقنىڭ بېشىدۇر،

پۇلنى دەپ قېرىنداشقا جاپا قىلغۇچى بولما.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئەگەر كىمنىڭكى بىر ۋاپادۇر، ئاڭا كۆڭۈل باغلىماقلىق خاتادۇر.

— ئەلشىر ناۋايى

• ساداقەتمەن ئاشىق پەرىلەر ھۆسنىگە قىيامۇ باقمايدۇ.

— مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى(گۇمنام)

• ھاياسىزلاردىن ۋاپا كۈتمەك ئاغزىدا ئوتنى يۇتمەك بىلەن باراۋەردۇر.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ۋاپا بىلەن ھايا بىر تۇتاشتۇر، شۇنداقلا ۋاپا ھايانىڭ ئۇلىدۇر.

— ئەلشىر ناۋايى

• جاھان كىشىلىرىدىن مېھىر - ۋاپا يۇسۇنلىرىنى ئۈمىد قىلماق خۇددى مۇھەببەت زەھىرىدىن ھاياتىم مۇستەھكەم بولسۇن دېگەنلىكتۇر.

— ئېمىر ھۇسەيىن سەبۇرى

## ئۆگىنىش ۋە تىرىشچانلىق توغرىسىدا

• پەزىلەتنىڭ نامى بىلىم ۋە پاراسەتتۇر، ئادەم بىلىمسىز هالدا توغۇلىدۇ، ياشاش جەريانىدا ئۆگىنىدۇ، بىلىم بىلگەندىن كېيىن بارلىق ئىشتا ئۇتۇق قازىنىدۇ.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• ئىنسان كىچىك بولسىمۇ بىلىم ئالالايدۇ، ئەمما گاس بولسا، بىلىمگە قولى يەتمەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• بىلىم بىل، ئەقىل ئۆگەن، بىكار يۈرمىگىن، گىزى كەلگەندە، ئۇ ساڭا ياخشىلىق كەلتۈرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• خوش پېئىللار سۆزى دىققەت قىلساڭ تامامەن بىلىمدۇر.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• چۈشىنىش يادلاشتىن ياخشىراقتۇر، چۈنكى يادلاش نۇرغۇنلىغان پارچە ئىبارىلەر ۋە شەخسلەرنى يادلىۋېلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ چېكى يوق، چەكسىزلىككە ئىنتىلگەن كىشىنىڭ ئەمگىكى پايدىسىز ئەمگەك، چۈشىنىش نەرسىلەرنىڭ ماهىيىتى ۋە ئومۇمىي قانۇن-قائىدىلىرىنى

بىلىش بولۇپ، ئۇنىڭ چېكى ۋە ئومۇمىيلىق قىممىتى بولىدۇ، كىشى ئۆزى يادلىۋالغان نەرسىلەرگە ئوخشاشمايدىغان نەرسىلەرگە دۇچ كەلگەندە، ئۇ مۇشۇ ئومۇمىي قانۇنلارغا تايىنىپ ئىش كۆرىدۇ-دە، ئۆز چۈشەنچىلىرىگە ئىشەنچلىك مۇراجىئەت قىلالايدۇ.

— ئەبۇ نەسر فارابى

• بەلگە بولسا يولدىن ئازماس، بىلىم بىلسە سۆزدىن ئازماس.

— مەھمۇد قەشقەرى

• ئادەم بىلەن ھايۋاننى بىلىم ئايرىدى، بىلىم بىلەن ئىنساننىڭ قولى ئۇزۇن بولدى، يۈر، ھايۋان بولما، بىلىم بىل، بىلىم ۋە ئىدراك بىلەن سۆزۈڭنى راۋان قىل.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشى بىلىم، پەزىلەت، ياخشى خۇلق ۋە قىلىقنى ئۆگەنسە، ئاندىن يۈرۈش-تۇرۇشى تۈزىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىم-پەزىلەت ئۆگەن، ئۇنى قەدىرلە، ئۇ پەزىلەت ئاخىرى سېنىمۇ قەدىرلىك قىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىدراك بولمىسا، ئادەم ئۆزىنى تۇتالمايدۇ، بىلىم بولمىسا، ئادەم ئىشنى يۈرگۈزەلمەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بارلىق چىگىش تۈگۈنلەر بىلىم بىلەن يېشىلىدۇ،

بىلىم ئىگەللە، ئىدراكلىق بول، ئەقىل بىلەن ياشا، بىلىم بىلەن ئىش قىل، يەنە تىلىڭنى توغرا تۇت، يەنىمۇ ئۆگەن، كۆڭلۈڭ بىھۇدە ئۆتمىسۇن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەي مۇلايىم، سىناپ كۆر، بىلىم ئۆگەنمىگەن كىشىنى ئادەم قاتارىدا ساناشقا بولمايدۇ..

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئانىدىن تۇغۇلغان بىلىمسىز تۇغۇلىدۇ، بىلىم ئۆگىنىپ، ئاندىن تۆرگە چىقىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشى تۇغۇلۇشىدا دانا تۇغۇلمايدۇ، ئۆگىنىدۇ، تىلىمۇ تۇغۇلۇپلا سۆزلىمەيدۇ، كېيىن سۆزلەيدۇ، كىشى ئۆگىنىپ ئاندىن دانا بولىدۇ؛ بىلىمنى بىلسە، ئاندىن ھەممە ئىش ئۇنۇملۇك بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىلىم ئېلىشنى كەسىپ قىل، بولمىسا، دۇنيانىڭ قىيىن ئىشلىرىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئىلىم ـ ھېكمەت ئىزدە، ئۆگىنىشتىن چېكىنمە، غادايما، بىرەر نەرسىنى ئۆگەنمەيلا ئۆزىنى بىلىمدان كۆرسىتىپ ماختىنىدىغان كىشى سىناقتا ھودۇقۇپ قالىدۇ.

— مەھمۇد قەشقەرى

• خەتنى يازالىسا، ئوقۇيالىسا، سۆزنى

چۈشەنسە، كىشى ئاندىن ئۆزىنى ئالىم قىلالايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• زېرەكلىك بىلەن كىشى تىلىكىگە يېتىدۇ، ئالدى بىلەن بىلىم ئۆگەن، ئەقىل تاپ، ئاندىن ئىشقا كىرىشكىن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىمگەننى سوراپ ئۆگەنگەن ئالىم بولۇر، ئارلىنىپ سورىمىغان ئۆزىگە زالىم بولۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئىچىڭنى بىزە، سىرتىڭنى بوياپ پاقىراتما، ھەممە نەرسىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى ئىچىدىن بولىدۇ، ئىچى ياخشى بولمىسا، سىرتى ھېچنېمىگە يارىمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەس - ھوشلۇق كىشى سۆزىنى ئۇنتۇمايدۇ. ئەس - ھوشى بولمىسا، سۆزىدە تۇرالمايدۇ، ئەس - ھوشى بولمىسا، كىشى دوست تاللىيالمايدۇ، ئەقلى بولمىسا، كىشى ئىشنى روناق تاپقۇزالمايدۇ، ئەس - ھوشى يوق كىشىلەر قۇرۇق جازىغا ئوخشايدۇ، كۆڭۈل قويسا ئىنسان كۆپ ئىشلارنى قىلالايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىلمى يوق كىشى جېنى يوق مۇردىغا ئوخشايدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• كىم ئىلىمنى يار تۇتسا، ئىلىمنى تەلەپ قىلىدۇ

ۋە ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىلىم ئىزدەيدۇ.

— مۇھەممەد بابۇر

• ئاز-ئاز ئۆگىنىپ ئالىم بولۇر، تامچە-تامچە يىغىلىپ دەريا بولۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• بىلىملىكنىڭ سۆزى گويا يەرگە سۆدەكتۇر، سۇ ئاققان يەردىن نىمەت ئۈنىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىملىكنىڭ سۆزىگە باقساڭ، ئۇ گويا تاۋار-دۇردۇنغا ئوخشايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشى جاھان تۇتماق ئۈچۈن ناھايىتى ئىدراكلىق بولۇشى كېرەك، خەلقنى باشقۇرۇش ئۈچۈن بىلىم بىلىشى كېرەك، بۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرگەن كىشى كامالەتكە يېتىدۇ، كامىل ئەر دۇنيا نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىم ئۆگەن، ئۆزۈڭگە تۆردىن جاي ھازىرلا، بىلىم بىلىش، ئۆزۈڭ ئۈچۈن مەزمۇت قورغاندۇر، بىلىمسىز يۈرىكىڭ، تىلىڭ نېمىگە يارايدۇ؟ بىلىم بىلەن ھەممە كىشىگە سۆدەك پايدىلىق بول، قانچىلىك بىلسەڭمۇ يەنە ئۆگەن، ئىزدەن، قارا، بىلىملىك سورا-سورا، تىلىكىگە يېتىدۇ، "بىلىمەن" دېسەڭ، سەن تېخى بىلىمدىن يىراق،

بىلىملىكلەر ئارىسىدا "بىلىمسىز" ھېسابلىنىسەن.

بىلىم تۇۋى ۋە چېكى يوق بىر دېڭىزدۇر. سۇندۇك شوراپ، ئۇنىڭدىن قانچىلىك سۇ ئالالايدۇ؟ بۇ بىلىمنىڭ بىلەنلا بېشىڭ ئۆزۈڭنىڭ بولىدۇ، بىلمەيدىغان ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇر، بىلىم ئۆگەن، ھەقىقىي ئادەم بول، ئۆزۈڭنى يۇكسەلدۇر ياكى "ھايۋان" ئاتىلىپ، كىشىلەردىن يىراقلاشقىن. بىلىملىكنىڭ كۆڭلى ئېچىلمايدۇ، خىيالچان يۈرىدۇ، بىلىمسىز خۇشال بولۇپ، قاقاھلاپ كۈلىدۇ، بىلىم بىلسە، ئوي-غەم ئىچىدە قانداقمۇ قاقاھلاپ كۈلىدۇ؟ ئەي بىلىمسىز، سەن بۇغدەك سەكرەپ يۈرىسەن! بىلىملىك كىشەنلەنگەندۇر، خالىغانچە يۈگۈرەلمەيدۇ، قارا، بىلىمسىز ئارزۇ قوغلىشىپ توختىماي يۈگۈرىدۇ، ئەي ئالىم، سەن كىشەنلەندىڭ، بىلىمسىز مېڭۋېرىدۇ، بىلىمسىز كىشەنلەنسە، كىشىنىنى بۇراپ چېقىتقىن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەرقانداق كىشى تىبابەتچىلىكنى ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلسا ياخشى، بۇنداق كىشى ياش، قابىل، زېھنى ئوچۇق، ئۆگىنىشكە ھېرىس قىلىدىغان، مىجەزى خۇشخۇي، مۇلايىم ۋە ئەدەپلىك بولۇشى، راستچىل، سەمىمىي بولۇشلىرى لازىم. كىشىگە كۆيۈنىدىغان، كېسەلنىڭ ھالىغا يېتىدىغان بولۇشى، يالغان سۆزلەر بىلەن خەلقنى ئالدايدىغان يامان ئىللەتلەردىن خالىي بولۇشى، يامان ئارزۇ ھەۋەسلەردىن خالىي بولۇشى، پۈتۈن زېھنىنى ئىلىمگە بېغىشلىشى لازىم.

چۈنكى، ئىلىم ئەھلى ئىلىمدىن باشقىنى ئېتىبارغا ئالماسلىقى لازىم، بۇنداق پەزىلەت بولمىغانلارنىڭ ھەممىسى يالغان تېۋىپلاردۇر.

— ئەبۇنەسىر فارابى

• ئىلىم ئۆگىنىپ، ئۇنى ئىشلەتمىگەن كىشى قوش ھەيدەپ ئۇرۇق سالمىغانغا ياكى ئۇرۇق سېلىپ، ھوسۇل ئالالمىغان كىشىگە ئوخشاشتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ياشلىقتا تىرىشمىسا، قېرىغاندا قايغۇرىدۇ.

— مەھمۇد قەشقەرى

• كىچىكلىكتە تىرىشسا، قېرىغاندا سۆيۈنىدۇ.

— مەھمۇد قەشقەرى

• كىمنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىسا، ئۇ ئۆلۈكتۇر، ھەر ئىككى دۇنيادا ئۇز ئۆلۈشىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئۆگىنىدىغان دانا، ئالىم كىشى بولماي قالغاندا، نادانىدىن ئۆگەنگىن، نادانىنىڭ ھەربىكىتىگە كۆڭۈل كۆزى بىلەن نەزەر سالساڭ، ئۇنىڭ نامۇۋاپىق ئىشلىرىنى كۆرسەت، سەن ئۇنداق ئىشلارنى سادىر قىلىشتىن ھەزەر قىلساڭ، بۇ دانالىقنى ناداندىن ئۆگەنگەنلىك بولىدۇ.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

## هايا، ئار-نومۇس توغرىسىدا

• هايىسىز كىشى كىشىلەرنىڭ پەسكەشىدۇر، هايىسىزنىڭ ئېغىزىدىن توغرا سۆز چىقمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• كىم هايالىق بولسا، ئۇنىڭغا هەر قانداق ئىشنى تاپشۇر، ئىنسان هايا بىلەن يامانلىقنىڭ ئىشىكىنى ئېتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• پەقىرمەن دەپ ئۇلاق-قۇراق جەندە ۋە بورىيا كەيسىمۇ، ئۇ بورىيا كىيگەن بىر ھۆكۈمرانغا ئوخشايدۇ، بىرىنىڭ ئۆزىنى گاداي دېگىنى، يەنە بىرىنىڭ پادىشاھ دېگىنى ھەر ئىككىسىدە ئەقىل بىلەن ھايانىڭ يوقلۇقىدىندۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ھايانىڭ مەنىسى يامان ئىشنى قىلىشتىن ئۇياتماقتۇر. ئۇ، ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل پەزىلەت ۋە ئوبدان ئادەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ھايا — گۈزەللىك دەرىخىنىڭ بىر شېخى، ئۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم شەرتتۇر. ئىنساندىن ھايا كۆتۈرۈلسە، ھېچ كىشى ھېچ كىشىدىن ئۇيالمايدىغان بولىدۇ، جەمئىيەت ئىنتىزامى

بۇزۇلۇپ، ياخشى رەسىم-قائىدىلەر تۈگەپ كېتىدۇ.
ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئىشلىرى ۋەيرانچىلىققا
يۈزلىنىدۇ، ئىنساپسىزلىق ئەۋج ئېلىپ، كۈچلۈكلەر
ئاجىزلارنى بوزەك ئېتىپ، نېمىنى خالىسا، شۇنى قىلىدىغان
بولىدۇ.

— مۇللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• كۆپچىلىك ئۈچۈن هايادىن پايدىلىقراق ياخشى
نەرسە يوقتۇر، ياخشىلارنىڭ ياخشىسى ئەخلاق مېۋىسى، هايا
سويى، هايا ئاپتىپىدىن پەرۋىش تاپمىسا، ئۇ ئۆزىنىڭ خام
هالىتى بويىچە قېلىپلىشىدۇ.

— مۇللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• ئۇياتسىز كىشىدىن قېچىپ، يىراق تۇر، ئۇياتلىق،
هايالىق كىشىلەرگە مەندىن مىڭلەرچە ئالقىش بولسۇن!

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• هاياسىز كىشىدىن يىراق تۇر، ئۇنىڭدىن ۋاز

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

كەچكىن.

• كىمدە هايا بولسا، هەرىكىتى يېقىملىق بولىدۇ،
هەر خىل نامۇۋاپىق ئىشلارغا قول تەككۈزمە.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• خۇدا كىمگە نومۇس، هايا بەرگەن بولسا، ئۇنىڭغا
دۆلەت ۋە چوڭ ئىناۋەت بەرگەن بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• بارلىق نامۇۋاپىق ئىشلاردىن توسقۇچى هايادۇر،

بارلىق ياخشى ئىشلارغا ئۇلاشتۇرغۇچىمۇ هايادۇر.
— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• هايا ئېمىدېگەن ياخشى نەرسە، ئۇ ئەرنىڭ كۆركى، هايا كىشىنى نۇرغۇن ياخشىلىققا يېتەكلىگۈچى چولپۇردۇر.
— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• ئەر نومۇسلۇق بولۇشى كېرەك، ئار-نومۇس ئۈچۈن ئۇ ئىنتىقام ئالماي، ئارقىغا قايتمايدۇ.
— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• كىشىلەرنىڭ ئېسىلى هايالىق كىشىدۇر، هايالىق كىشى كىشىلەرنىڭ بېشىدۇر.
— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• هايالىق كىشى يامان ئىشلارنى قىلمايدۇ، يارىماسلارغا يېقىنلاشمايدۇ، كىشىگە قوپاللىق قىلمايدۇ.
— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• قورقۇنچاقلارمۇ نومۇسنى دەپ باتۇرلۇق قىلىدۇ، ماختالماق ئۈچۈن كىشى ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئاتىدۇ.
— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• هاياسىزنىڭ يۈزىگە قارىساڭ ئەتىسىز سۆڭەكتۇر، هاياسىزنىڭ ئۆزى پۈتمەس كەمتۈكتۇر.
— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• هايا بىلەن ئىنسان ئابرۇيلۇق بولىدۇ، هايا بولغاندىلا كىشىنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ.
— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• هاياسىز كىشىدىن يىراق تۇر، يىراق، هاياسىزلىق تەقىپ قىلىنغان كۆز دېمەكتۇر.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• ئار-نومۇس قولدىن كەتسە، ھەممە تۈگىشىدۇ، شۇڭا ئاشىق-مەشۇقلار ھەر قانچە مۈشكۈل ئەھۋالغا قالسىمۇ، شەرمى-هايا، ئار-نومۇس مىزانىغا رىئايە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاھۇ-زارلىرى يەتتە قات ئاسماننىڭ پەردىلىرىنى يىرتىپ تاشلىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز يۈزلىرىدىن شەرمى-هايا پەردىسىنى ئاچمايدۇ.

— موللا سىدىق يەركەندى

• هايا-ئۇيات بارلىق يارىماسلىقلارنى تەپكۈچىدۇر، ئۇياتسىزلىق — كىشى ئۆچۈن تەگداشىسىز بىر كېسەل.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• هايا بولمىسا، ئادەم قوپال، پەس بولىدۇ، كىشىلەر هايا بىلەن ئىشەنچلىك ھەرىكەت قىلالايدۇ.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• هايا بىلەن ئەدەپ — ئىماننىڭ بەلگىسى، ھۆرمەت ۋە تەزىم ئۇلۇغلۇقنىڭ سەۋەبچىسى.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئەيش-ئىشرەت سۈرۈش كىشىنىڭ كۆڭلىنى خۇشاللاندۇرىدۇ، لېكىن بارلىق ئىشتا ئەدەپلىك ۋە هايالىق بولماق ياخشىدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• هاياسىز ـ دوستلۇققا يارىماس، پاسىق سىرداشلىققا يارىماس.

— ئەلشىر ناۋايى

• قىلىقسىز ئادەم — بەدپېئىل، مىجەزى چۇس ئادەم بىر بالاغا گىرىپتار، بىر ئاپەتكە مۇپتىلا بەدبەشىرىدۇر، ئۇلار نەگىلا بارسا، بالادىن قۇتۇلالماس، ئاپەتتىن خالىي بولالماس.

— ئەلشىر ناۋايى

## ھوشيارلىق، زېرەكلىك، پەم-پاراسەت توغرىسىدا

• كىشى پاراسەت بىلەن ئۆرلەپ، بىلىم بىلەن يۈكسىلىدۇ، بۇ ئىككىسى بىلەن ئەر قەدىر-قىممەت تاپىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەسلىك كىشى ئويلىماي ئىش قىلمايدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• پاراسەت قاراڭغۇ تۈندىكى مەشئەلگە ئوخشايدۇ، بىلىم — يورۇقلۇق بولۇپ، سېنى يورىتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• خۇشاللىق بىلەن ئەيش-ئىشرەت ھەممىسى غەپلەتتۇر، ئەپسۇسكى، بۇ غەپلەت بىلەن كىشى ئۆزىنى يوقىتىدۇ، بىخۇد بولما، غەپلەت ئۇيقۇسى سېنى ئۇخلاتمىسۇن!

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• يىگىتلىك، بايلىق ياكى بەخت مەستلىكى شاراپ مەستلىكىدىن بەتتەردۇر، ئەي ئىرادىلىك كىشى.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دۇنيانىڭ بارلىق زىننىتى —

زىرەكلىكتىن كېلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھوشيارلىق بىلەن بەگنىڭ ئېلى كۈچىيىدۇ، بىخۇدلۇق بەگلىكنىڭ ئۇلىنى بۇزىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھوشيار ئەر دائىم تەييار تۇرۇپ، بىخۇدلارنى قاپقانغا چۈشۈرىدۇ، ئەگەر دۈشمەن بىخۇد بولمىسا، ئۇنى كىم يېڭەلەيدۇ؟!

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• پاراسەت ھۆكۈمەت ئىشىنىڭ ئۇلۇغ شەرتىدۇر، مەملىكەتنىڭ زىننىتى تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا پاراسەت زىننىتىدۇر.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• پاراسەت بىر چۇلۋۇردۇر، ئۇنىڭغا ئېرىشكەن كىشى تۇمەنلىگەن ئارزۇسى بولسىمۇ تىلىگىنىگە يېتەلەيدۇ. قارا، پاراسەتنىڭ كىشىگە پايدىسى كۆپ، بىلىم بىلگەندىن كېيىن، كىشى ئەزىز بولىدۇ. ھەرقانداق ئىشنى پاراسەت بىلەن ئىشلە، ئېرىشكەن ۋاقىتلىرىڭنى بىلىم بىلەن مۇستەھكەملە.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەل ئىشلىرى ۋە ئۆزۈڭنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشۈڭ ئۈچۈن ئېھتىيات ۋە ھوشيارلىق كۆپ پايدىلىقتۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەر قانداق ئىشتا بىخۇدلۇق قىلماي، ئېھتىيات

قىل، بىلگىنكى، ئۆزىگە ئىشەنگەن كىشى بىخۇدلۇق قىلىدۇ، دۈشمەن كەلسە، ئەڭ ئاۋۋال بىخۇدلار ئۆلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەر قانداق ئىشتا ئەقىل-پاراسەتكە تايىنىش لازىم، چۈنكى ئەقىل-پاراسەت ئادەمنى باشقۇرغۇچىدۇر.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• زېرەك بولسا، مالغا موھتاج، ھېرىس بولمايدۇ، بىلىم بىلسە، ئىشتا يېڭىلمەيدىغان بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشى زېرەك بولمىسا، ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، ئىنسان ئۆز ئىشىنى زېرەكلىك بىلەن ئىشلەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• توزاقچى ئۆزى كۆرۈنمەي، يەمنى كۆرسىتىدۇ، ياسانچۇق كېلىندەك جىلۋە قىلىپ، كۆڭۈلنى تارتىدۇ، ئاچكۆز، تاقەتسىز ۋە غاپىل بولساڭ، يەمنى تېتىپ باقىسەندە، ئايىغىڭدىن ئىلىنىسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەر قانداق ئىشقا كىرىشسەڭ، ئاقىۋىتىگە كۆز يەتكۈز، ئاقىۋىتى كۆرۈنمىگەن ئىش كېيىنگە زەخمەت بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەي خۇش پېئىل، راھەت-پاراغەتتە ئۆتەي

دىسەڭ، غەپلەتنى تاشلا.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئادەمدە زېرەكلىك بىلەن بىلىممۇ بولسا، شۇ بىلىم بىلەن ھەممە ئىشقا قول ئۇزىتالايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەر قانداق ئىشتا بولمىسۇن، ماھارەت ئىشلەت، ماھارەت ئىشلەتسەڭ بەخت ساڭا يۈزلىنىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىپەرۋالىق قىلىپ ياكى خاتالىشىپ باشقىلارنى بەختتىن مەھرۇم قىلغان ئادەم ھالاك بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

— ئەبۇنەسر فارابى

• غاپىل ئادەمنىڭ ھاياتى ئۇيقۇ بىلەن خام-خىيالدىن ئىبارەتتۇر.

— زىبۇننىسا

## چىنلىق، گۈزەللىك، ھالاللىق توغرىسىدا

• گۈزەللىك ئادەمنىڭ روھىنى ئۈستۈرىدۇ، سەتلىك ئۆمۈرنى ئىزىدىن چىقىرىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• توغرىلىق بىر سەرمايە، بارچە ياخشىلىق پايدىدۇر، بۇ پايدا بىلەن مەڭگۇ لەززەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قانچىلىك ئىشەنچلىك، چىن ۋە توغرا ئادەم بولسۇن، ئۇنىڭدىنمۇ چىن، ئىشەنچلىكى — ئۆزۈڭ، بۇنى بىل.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قىلىقى توغرا بولسا، دۇنيا نېمەتلىرىگە ئىگە بولالايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەي خوش پېئىل كىشى، ئىككى جاھاندا پايدىلىق نەرسە شۈكى، بىرىنچىسى، ياخشى ئىش-ھەرىكەتتۇر؛ ئىككىنچىسى، ئۇيات؛ ئۈچىنچىسى، توغرىلىق، بۇ ئۈچ نەرسە بىلەن كىشى قۇتلۇق كۈنگە ئېرىشىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• چىرايلىق، خۇلقى ئۆز كىشى قانداقلا نېمىنى تۇتسا يارىشىدۇ، جان لەززەتلىنىدۇ، كۆز ئۆز ئۇلۇشىنى ئالىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھۆسنى-چىرايى كۆركەم، قىلىقلىرى ئۆز بولۇشى كېرەككى، ئۇ نېمىنى تۇتسا، ئۇنىڭدىن ھەممە لەززەت تاپىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قورسىقى ئاچ كىشىگە ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرۈش ئوزۇقتۇر، ئۇسساپ تەشنا بولغانلار ئۇنىڭغا قارىسا تەشنالىقى قانىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دىلىڭ ۋە تىلىڭ توغرا، ھەرىكىتىڭ ئىشەنچلىك بولسا، قەيەرنى خالىساڭ، شۇ يەردە بەختلىك ياشايسەن، كىشىلەرسىز ياشىما، كىشىلەرگە ئارىلاشقىن، باشقىنىڭ ئەيىبىنى كۆرمە، ئۆزۈڭنىڭكىگە قارا.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەگەر يۈزۈڭنىڭ دائىم يورۇق بولۇشىنى ئارزۇ قىلساڭ، توغرا بول، ئاندىن بەختلىك بولۇپ، ھۇزۇر ئىچىدە ياشايسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• توغرىلىقى ئۇچۇن ئاسمان ئاياقتا تىك تۇرالايدۇ، تەۋرىمىگەنلىكى ئۇچۇن يەردە چۆپ-زىرائەت ئۇنىدۇ. ئۆزگەرمەي، توغرا تۇر، دىلىڭنى توغرا تۇت، توغرا ئادەم

ئىككىلا دۇنيادا ئادالەتكە ئېرىشىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• توغرىلىق، ھايا ۋە ياخشى ئىش-ھەرىكەت كىمدە بىرلەشسە، ئۇ شادلىققا ئېرىشىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• چىن، پۇختا كىشىلەرگە ئىشەنچ قىلغۇلۇق، يىراق، كىشى ئۆزىگە ئېھتىياتتا بولۇپ، بېشىنى كۆزەتكۈلۈك.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• توغرا بولساڭ، كۆڭلىرىڭ سائادەتلىك بولىدۇ، خۇشاللىق ۋە بەخت بىلەن سالامەت ياشايسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئۇلۇغلار ئېيتىپتۇركى، سۆز چىمەنزارلىقىدا راستچىللىق گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇشنى كۆزلىگەن ھەر قانداق كىشى ئۆز نۇتقىنى يالغانچىلىق تىكىنى بىلەن زىننەتلىمەسلىكى لازىم. ئەگەر بۇنداق بولغاندا، قىلغان بايانىغا كىشى ئىشەنمەيدىغان ھالەت يۈز بېرىدۇ.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• راست سۆز — ئىنسانغا ئۇلۇغ ھۈنەر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• بەختلىك بولۇش ئۈچۈن كىشىگە توغرىلىق زۆرۈر، ئىشەنگىنكى، توغرىلىق كىشىلىكنىڭ نامىدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىملىك ئۆز بىلىمى بىلەن بۇنداق تەلىم بېرىدۇ!

توغرا، چىن كىشى بولسا، ئۇنى كۆزۈڭگە سۈرتكىن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشىلەر ئىچىدە كامىل ئەركەك كىم؟ مىجەزى توغرا بولسا، ئۇنى كامىل ئەر دېسە بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سەت قىز كىيىم بىلەن چىرايلىق بولۇپ كەتمەيدۇ، ئۇي قانچىكى قاراڭغۇ بولسا، چىراغنىڭ يورۇقى ئارتۇق بولىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• توغرىلىق دەپ ئېيتىشىدۇ، ئۇ توغرىلىق قايسى؟ ئۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلمىغۇچىدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• توغرىلىق ۋە چىنلىقنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىل، ھەر قانداق ئىشنى ئادىمگەرچىلىك بىلەن ئىشلە.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• توغرىلىق بىلەن جاھان تۇتقان ۋە ئەقلى يېتىلگەن كىشى ناھايىتى ياخشى ئېيتقان: "بۇ دۇنيادا ئۆزۈڭگە بايلىق تىلىمەكچى بولساڭ، توغرا ئادەم بول، توغرا سۆز قىل، يەنە بىر دۇنياغىمۇ ئېرىشەي دېسەڭ، ئۆزۈڭنى، دىلىڭ ۋە تىلىڭنى توغرا تۇت".

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• چىرايلىقنىڭ قىلىقىمۇ چىرايلىق بولىدۇ. ئىش-ھەرىكىتى چىرايلىق بولسا، ئەلگە پايدىسى تېگىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشىنىڭ كۆركىگە ئىچكى مىجەزى ھەمراھدۇر، چىراي كۆركەملىكىگە ئىش-ھەرىكىتى ماس بولىدۇ، ئىچىنى كۆرۈپ ئىچىگە گۇۋاھلىق تاپساڭ، بەس، ئىچى ئىچىدەك، ئىچى تىشىدەك بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆزى توق كىشىلەر مىلىگىگە نەزەر سالمايدۇ، ئادىل ۋە توغرا ئادەملەر ئۆزىنىلا كۆزلىمەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دىلىڭ ۋە تىلىڭنى توغرا تۇت، ئىش-ھەرىكىتىڭ ئىشەنچلىك بولسۇن، ئىشەنگىنىڭ، مال-دۇنيا، دۆلەت ساڭا كېلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• توغرا ئادەم قەيەردە بولسا، كۆڭلى قۇتلۇق بولىدۇ، كىشى توغرا ھەرىكەت قىلسا، كۆڭلى قاراڭغۇلاشمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• توغرا بول، دۇرۇس ھەرىكەت قىل، شادلىق توغرىلىق ئىچىدە بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشى كۆڭۈللىرىنىڭ ھالاۋەتلىك ئۆتىشىنى خالىسا، بۇنىڭ ئامالىنى توغرىلىقتىن ئىزدىسۇن، بايلار ئۆز ئۈلۈشىنى توغرىلىقتىن تاپقان.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• يۈرۈش-تۇرۇشتا توغرا بول، خاتالىق سادىر

قىلما، دىلىڭ ۋە تىلىڭنى كىچىك تۇت، چوڭ سۆزلىمە.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بۈيۈكلۈكنى ۋە خەلققە باش بولۇشنى ئىزدىسەڭ، ئۆزۈڭ ئۈچۈن توغرىلىق يولىنى ئاچ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئۈچ پۈتلۈق نەرسىنىڭ ھەممىسى قىڭغايمايدۇ، ئۈچىلا پۈتى تۈز تۇرسا قىمىرلىمايدۇ، ئەگەر ئۈچ پۈتتىن بىرەرسى ئېگىلىپ كەتسە، قالغان ئىككىسىمۇ قىڭغىيىدۇ، كىشى بىلىدۇ، ئۈچ پۈتلۈق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى توغرا، تۈز بولىدۇ. ئەگەر تۆت پۈتلۈق بولسا، قارا، بىرى ئەگرى بولىدۇ. قايسى نەرسە تۈز بولسا، ھەممە يېرى ئۆز بولىدۇ، بارلىق ئۆز نەرسىگە سەپسالساڭ، قىلمىشىمۇ تۈز بولىدۇ. قايسى نەرسە قىڭغايسا، ئۇ ئەگرى بولىدۇ، ئەگرى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يامانىنىڭ ئۇرۇقى بولىدۇ. ھەر قانداق تۈز نەرسە پۈكۈلسە، تېز تۇرماي يىقىلىدۇ، قايسى نەرسە توغرا بولسا، يىقىلماي مەزمۇت بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• باينىڭ ئۆز بايلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن چاپان كىيىشى ئېپلاسنىڭ يىپەك كىيىم كىيگىنىگە ئوخشاشتۇر. گۈزەل يىرتىق تون كىيسىمۇ، يەنە گۈزەلدۇر، گۈل ياماق چاپان بىلەن يەنە چىرايلىقتۇر. زۇھەل يۇلتۇزى يۇقىرىقى پەلەكتە بولۇش بىلەن قۇياش بولالمايدۇ، دىۋە بېھىشنىڭ كىيىمىنى كىيىش بىلەن پەرى بولالمايدۇ، قىرى پاھىشە

ئۇسـما بىلەن قىشنى چىرايلىق قىلسمۇ، بەربىر ئۇ بۇزۇق، پاسىقتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كىشى چىرايىنىڭ كۆركەم بولۇشى بەك ياخشى بىر هالدۇر، چىرايىنىڭ كۆركەملىكىدىن ئىككى كۆز سۇ ئىچىدۇ. بۇغداي ئۆڭ گۈزەلگە باق ۋە ئۇنى تەلەي دەپ بىل، ئىشىڭ ياخشى بولىدۇ. كۆپ سۆزنى قوي.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• ئـەگەر بىر ئۆيدە ئوت يانسا، ئۇنىڭدىن چىققان تۈتۈنگە ئەجەبلىنىشنىڭ هاجىتى يوق، ئەگەر ئۇ ئۆيدە ئوت بـولـماي، پەقـەت تۈتۈنلا چىقسا، ئۇ ئۆيىنىڭ تاملىرىنى بۇزۇۋېتىش كېرەك.

— موللا سىدىق يەركەندى

• تەقۋادار كىشى باشقىلارنىڭ قايغۇسىنى قىلىدۇ، تەقۋادار كىشى كىشىلەرنىڭ ياخشىسىدۇر.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• سـەمـىـمـي، تەقۋادار كىشى كىشىلەرنىڭ سەرخىلى بـولـۇپ، بـارچـە دەردمـەنـلـەرنىڭ دەردىگە داۋا بولىدۇ، سەمىمىي، تەقۋادار كىشى ئېهتىيات بىلەن ئىش قىلىدۇ، يارامسىزلارغا يېقىنلاشمايدۇ، ئىشىنىڭ پەيتىنى بىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• كۆڭۈل ئەينىكى غۇبارسىز بولسا، ئۇنىڭدا يارنىڭ

دىدارى كۆرۈنىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• جىسمى پاك كىشىنىڭ ئۆمرى چىمەنلىك باغقا ئوخشايدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• توغرا ئىش قىلغان كىشى ئەندىشىدىن خالىي بولىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• مۇناپىقلار ھەرگىز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە راستچىللىق ۋە پاكلىق يوق.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• نەيزە تۈز بولغاچقا، بېشى ئۈستۈندۇر، كەمەند (سالغۇ) ئەگرىلىكى سەۋەبىدىن خار ۋە پەستۇر، شام چىراغ تۈزلۈك سەۋەبىدىن مەجلىس سورۇنلىرىغا نۇر ۋە زىننەت بېغىشلاپ قەدىرلىنىدۇ، ئەگرىلىكنى تاشلىماق ۋە تۈزلۈك بىلەن ئىش قىلماق كىشىنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ.

— ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

• ئەقىدىلىك بولغىنكى، قارا كۆڭۈل بولما، سەمىمىي بولغىنكى، ئىككى يۈزلىمىلىك بولما.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• تىلى بىلەن دىلى بىر بولغانلارنى يار دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ھەر قانداق ئادەم راستلىقنىڭ تەكتىگە يېتىشنى تىلىسە ۋە كىشىلەرنى سەممىيەت بىلەن رازى قىلىمەن دېسە، ئۇ مۇنداق ئىككى شەرتكە ئىگە بولۇشى لازىم: بىرى، سۆزى توغرا، تۈز بولۇشى، سۆزىلا ئەمەس، ئۆزىمۇ تۈز بولۇشى ھەمدە يالغاننى تەئەسسۇپ بىلەن توغرا دېمەسلىكى لازىم. يەنە بىرى، سۆزدە ئېھتىياتچان بولۇشى، سۆزىنى چىنلىق گۆھەرلىرى بىلەن تولدۇرۇپ سۆزلىشى لازىم.

— ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

• راست گەپ ئېغىز ۋە تىلنىڭ بېزىكىدۇر، راست گەپ قىلىپ، تىلىڭنى بېزە.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• زەرلىك ئەتلەس ئاز، ئەرزان بۆز كۆپ بولغىنىدەك، ئادەتتە ھەزىل كۆپ، لېكىن نادىر ۋە ساپ يۈز ئاز بولىدۇ.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• تاشقى كۆرۈنۈشتىكى زىبۇ-زىننەت مەسخىرىۋازلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، مەسخىرىلەشكە تېگىشلىك زىبۇ-زىننەتتىن ھېچبىر كىشىگە ئىپتىخار كەلمەيدۇ.

— ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

• كىمكى يۈكسەكلىك مەرتىۋىسىنى خالىسا، ئۇ ئەگرىلىكتىن كېچىپ، توغرىلىقنى قانۇنغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

— ئەلىشىر ناۋايى

• توغرا كىشى مۇنارغا ئوخشايدۇ، ئەل ئۇنىڭ سايىسىدا يېنىك نەپەس ئالىدۇ، مۇنارنى قارا، دۇنيا ئۈيدە ئۇ ئەسىرلەر مابەينىدە شىپتەك تەۋرىمەي تۇرىدۇ، ئەگەر ئۇ ئەگرى بولغىنىدا، پور ياغاچتەك بويىدىن كېسىلىپ، بەش-ئون كۈندە يەكسان بولغان بولار ئىدى.

— ئەلىشىر ناۋايى

• شام ئۆزىنىڭ توغرىلىقىدىن خۇرسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ باشتىن-ئاخىر كۆيۈپ تۈگىگىچە نۇر تارىتىدۇ، چاقماقچۇ؟ ئۇمۇ يالقۇن چاچىدۇ، ئەمما، ئۇنىڭ تەبىئىتى ئەگرىلىك بولغىنى ئۈچۈن، بىر نەپەسلىك يورۇقلۇقتىن كېيىن ئۆچىدۇ. ئىنسان قەلبىدە ھېچ بولمىغاندا توغرىلىق شامى يېنىشى، ئۇ توغرىلىقنىڭ ماھىيىتىنى مانا شۇنداق مىساللار ئارقىلىق ئېنىق ئىدراك قىلىشى كېرەك.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كامان ئەگرىلىكى تۈپەيلىدىن شاھ يېنىدىن جاي ئالىدۇ، ئوق ئەسلى رۇستلىقىدىن ئۇزاقلارغا بېرىپ چۈشىدۇ.

— يەقنى

• سودىگەرنىڭ ئوزۇقى ھالال بولسا، يول ئۈستىدە يەيدۇ.

— مەھمۇد قەشقەرى

## ئىغىر-بېسىقلىق، تەمكىنلىك،
## پۇختىلىق، ئېھتىياتچانلىق،
## قەتئىيلىك توغرىسىدا

• ئالدىراقسان، يەڭگىل كىشىنىڭ خوي-پەيلى غەزەپلىك كېلىدۇ، بۇ ئادەت بىلىمسىزلىكنىڭ بەلگىسىدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تەدبىر بىلەن قىلىنغان ئىش ياخشى ئىش، قەھرى-غەزەپ بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ.

— موللا سىدىق يەركەندى

• ھېنگان تۆگە ھۆركىرەپ بۈيۈك بولالماس، ئۆچكە يۇگۇرۇپ كېيىك بولالماس.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئېرىغسىز ئىش ساپا بولماس، يىپ غۇنچىسى ھاسا بولماس.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كىمكى ئالدىرىمىسا، ياپراقتىن يىپەك، چېچەكتىن ھەسەل پۈتىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ھەر قانداق ئىشتا تەمكىنلىكنى تاللا، پەقەت

تائەت- ئىبادەتكىلا ئالدىراپ يۈگۈر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئالدىراپ قىلىنغان ئىش خام بولىدۇ، ئاش-تاماقنىمۇ ئالدىراپ يېسە، كېسەللىك كەلتۈرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تەمكىنلىك، ئالىيجانابلىق ئەقىلنىڭ ئىشى، ئەقىل-پاراسەتسىز كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھايۋاندۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• پۇختا قەدەملىك بولۇش بەرىكەت دەرىخىنىڭ مېۋىسى، نىجادلىق ۋە خۇشاللىقنى نەتىجىگە ئېلىپ بارىدىغان ئامىلدۇر. ھەر قانداق مەخلۇق ئۆز قەدىمىنى پۇختىلىق ئىچىگە سالسىلا، ئۇنىڭدىن بىسيار ھوسۇل ۋە مەنپەئەت ئالالايدۇ، ھەر قانداق كىشى پۇختىلىقنى ئۆزىگە يار قىلماي تۇرۇپ، نىجاتلىق يولىغا قەدەم قويالمايدۇ.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• قانداقلىكى ئىشقا ئالدىرساڭ، ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ، كېچىكىدۇ، ئالدىراپ قىلىنغان ئىشلار ئۆكۈنچلۈك بولىدۇ، ئەي دانا، ھەممە ئىش ئۆز ۋاقتىدا بولىدۇ، ئىشنىڭ ۋاقتىنى كۈتۈش، ئالدىرىماسلىق لازىم.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئالدىراپ خام پىشۇرۇلغان ئاشنى يېسە كېسەل بولغاندەك، ئالدىراپ قىلىنغان ئىشلار دائىم خام بولىدۇ، ئالدىراپ قىلىنغان ئىشلار يىللاپ ئۆكۈنچ بولىدۇ،

ئالدىراڭغۇلۇق — بارلىق خاتالىقلارنىڭ بېشى، ئېغىر-بېسىقلىق — ياخشىلارنىڭ ئىشى.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەر كىم ئېھتىياتچانلىقنىڭ ئالتۇن لىباسىنى كىيسە، دۈشمەننىڭ ھىيلە-مىكىر ئوقىدىن خالىي بولىدۇ، ھوشيار كىشى يىراققا نەزەر تاشلايدۇ، ئۆزىنى پىتنە-پاسات ئوقىغا تاشلىمايدۇ. جاھىل كىشى — بالايىئاپەت گىردابىغا يەتمىگۈچە غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانمايدۇ، چېقىمچىلىق قىلىپ، كىشىلەر ئارىسىغا ئاداۋەت ئوتلىرىنى يېقىپ، كۆڭۈل خانىمانىنى ئۆرتەشكە قەست قىلىدۇ، لېكىن ئاقىل كىشىلەر بۇنداق ئەھۋالغا قارىتا ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇپ، دۈشمەنگە بىلدۈرمەي، بولىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشقا چارە-تەدبىر قوللىنىدۇ.

— ئافراسسياپ

• ھەر قانداق ئىشتا ئالدىرىما، تاقەت قىل، ئۆزۈڭنى تۇت، ئىشقىمۇ ئالدىراپ كىرىشمە، سەۋر قىلىپ كۈت، ئالدىراپ قىلىنغان ئىشلار كېيىن پۇشايمانلىق بولىدۇ، بىرىسگە ھاجىتىڭ چۈشسىمۇ ئالدىرىما، سەۋر بىلەن ئېيت.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئېغىر-بېسىق ئادەم مۇلايىم دەپ ئاتىلىدۇ، خۇش پېئىل، سىلىق بولسا، سۆيگۈگە سازاۋەر بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• يېنىكلىك يادىن چىققان ئوققا ئوخشاشتۇر.

سالماقلىق قىلىچقا ئوخشاشتۇر، چۈنكى قىلىچنى خالىسا چاپقىلى، خالىمىسا، قولدا قالدۇرۇپ، زەرەر يەتكۈزمىگىلى بولىدۇ، يېنىكلىك ھېچ ۋاقىتتا ھۆكۈمەت ئەھلىنىڭ مىجەزىگە غەزەپلىك ھالىتىدەك مۇناسىپ ئەمەستۇر.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• ئۆزىنى ئەقىل ئىگىسى ھېسابلىغان ھەر قانداق كىشى ھەر قانداق ئىشتا ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىگە پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەك، مۇبادا ئۇ كىشىنىڭ ئاقىۋىتى زىيان-زەخمەتلىك بولىدىغان بولسا، ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يەتمەستىن بۇرۇن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بۇنىڭدىن ساقلىنىش لازىم، بولۇپمۇ بۇ خىسلەت ھۆكۈمەت ئەھلىگە بەكرەك لازىمدۇر.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• ھەر بىر قەدىمىڭنى بىلىپ باسساڭ، ئەلەم كۆرمەيسەن ھەم ھېچقاچان ئۆكۈنمەيسەن.

— ئەلشىر ناۋايى

• قەتئىيلىك بىلەن ئەقىلغە سىغمايدىغان يۈكسەك ئىمارەتلەر پۈتكۈسى، بۇنىڭ ئەكسىچە سۇسلۇق-لامزەللىلىكتىن دۆلەت بىناسىغا ۋەيرانلىق يەتكۈسى.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• تاغنى سالما بىلەن ئەگكىلى بولمايدۇ، دېڭىزنى قېيىق بىلەن پۈككىلى بولمايدۇ.

— مەھمۇد قەشقەرى

• ئوۋچى قانچىلىك ھىيلە بىلسە، ئېيىقمۇ شۇنچە يول بىلىدۇ.
ئۇچۈن شۇنچە يول بىلىدۇ.

— مەھمۇد قەشقەرى



## نەپس، ھاۋايى-ھەۋەس، قانائەت توغرىسىدا

• قانائەت قانچىكى راھەت كەلتۈرسە، شۇنچە تەمە-ئازاب ۋە زالالەت كەلتۈرىدۇ.

— ئەلشىر ناۋايى

• قانائەتچان كىشى تىلەنمەس پەرزانە، قانائەت

— ئەلشىر ناۋايى

تۈگەنمەس خەزانە.

• بارىڭغا قانائەت قىل، بەگ نامىنى ئال، غەم-قايغۇنى قىسقا قىل، شادلىققا يۈزلەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قانچە يۈكسەلگەنسېرى، يامانلىقنى قويۇپ، بارغانسېرى ياخشى بولسا، بۇ، كىشىنىڭ بەختلىك بولغىنىدۇر. قېرىغاندىمۇ ھەۋەس كەينىدىن يۈگۈرسە، بىلگىنكى، بۇ، تامامەن بەختسىز كىشىنىڭ بەلگىسىدۇر، كىشى ئەگەر بەختسىز بولسا، كىشىنى سوۋۇتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قانائەت — كۆڭۈلگە ئۇچۇقلۇق بېرىدۇ، كۆزگە يورۇقلۇق كەلتۈرىدۇ.

— ئەلشىر ناۋايى

• جىمى ياخشىلىققا يېتىشەي دېسەڭ، ۋۇجۇدۇڭنى قىسىپ تۇت، ھاۋايى-ھەۋەسنى باس.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قانائەتلىك دەرۋىشنىڭ قورۇق نېنى تاماخور پادىشاھنىڭ لەززەتلىك تاماقلىرىدىن ياخشىراق. پادىشاھ شۆكى، ئالمىغاي، بەرگەي. گاداي شۆكى، چاچمىغاي، تەرگەي.

— ئەلىشىر ناۋايى

• تامامەن باي بولاي دېسەڭ، روشەنكى، بارىغا قانائەتچان بول، ئۆز ئۆلۈشۈڭگە ئىگە بولىسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھاۋايى-ھەۋەس دۈشمەندۇر، ئەگەر ئۇ غالىب كەلسە، شۈبھىسىز، سېنىڭدىن كونا ئۆچىنى ئالىدۇ، ھاۋايى-ھەۋەس نەپسى تىرىلسە، قەلب ئۆلىدۇ، قەلب ئۆلسە، تائەت-ئىبادەت قېپقالىدۇ، ئەي ئوغۇل.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلمە، ئۇنى ئەقىل بىلەن رەت قىل، ۋۇجۇدۇڭ باش كۆتۈرۈپ چىقسا، بىلىم بىلەن باس.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قانائەت بىر ئۇرۇقكى، نەتىجىسى —بايلىق، دەرەخكى، مېۋىسى —بىھاجەتلىك؛ ئۇ بىر مەيدۇركى، ئاچچىق، ئەمما، نەتىجىسى تاماشاغا ئوخشاش؛ ئۇ بىر

يولدۇزكى، قاتتىق، ئەمما، مەنزىلى شادلىق.

— ئەلشىر ناۋايى

• قانائەت بىر قورغانكى، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسەڭ، نەپسىنىڭ يامانلىقىدىن قۇتۇلىسەن، ئۇ بىر تاغدۇركى، ئۇنىڭغا چىقساڭ، دوست-دۈشمەندىن بىھاجەت بولىسەن، قانائەت چۈشكۈنلۈكتەك سىزىلسىمۇ، نەتىجىسى كۈچلۈكلۈك بولىدۇ.

— ئەلشىر ناۋايى

• قانائەت بىر گۆھەردۇركى، خەلقنى مۇنداق ئىككى ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزىدۇ ۋە مۇنداق ئىككى بالادىن قۇتۇلدۇرىدۇ، بۇ ئىككى بالا — ئاچكۆزلۈك ۋە تەمەخورلۇق بولۇپ، ئۇ بەكمۇ ياماندۇر، گويا ئىككىسى تەۋئەيىن (قوشكىزەك) دۇر.

— ئەلشىر ناۋايى

• قانائەت بىر بۇلاقتۇركى، سۇيىنى ئىچىش بىلەن قۇرىمايدۇ؛ خەزىنىدۇركى، ئۇنىڭدىكى مالنى ئىشلەتكەن بىلەن ئۆكسۈپ قالمايدۇ؛ ئۇ بىر ئېكىنزارلىقتىكى چاچقان ئۇرۇق، ئىززەت-ئابروي كەلتۈرىدۇ؛ ئۇ بىر دەرەخكى، شىخى ئىستىغنا (بىھاجەتلىك) ۋە ھۆرمەت مېۋىسىنى بېرىدۇ.

— ئەلشىر ناۋايى

• نەپسىنىڭ تىلىكىنى ئورۇندىما، ھۇزۇر كۆرسەتمە، ھەممىدىن يامانراق دۈشمەن شۇدۇر. ئۇنىڭغا ياخشىلىق

قىلسا، ئۇ يامانلىق قىلىدۇ، ۋاپا قىلساڭ، ئۇنىڭ بەدىلىگە بېرىدىغان جاۋابى جاپادۇر، جاپا قىلساڭ، ئاندىن ساڭا ۋاپا قىلىدۇ، نەپسىڭنى خورلىساڭ، ئۆزۈڭ ئەزىز بولىسەن، بىلىمىڭ بەگ، ئەقلىڭ خان بولىدۇ، قارا.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەگەر يامان نەپسىڭدىن ساڭا نىمەت يەتسە، توۋا قىل، توۋىدا مەردانە بول، يول ئىككى، ئەمما گۇناھ بىر، توۋا بىر، گۇناھنى يۈيغاندىن كېيىن، توۋىنىڭ يولى تېخمۇ ئۇچۇق بولىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• نەپسانىيەتچىنىڭ ماقامى نەپسىنىڭ ئارزۇسىغا قاراشلىق بولىدۇ، ھېچكىم ئۆز كۆڭلىگە غەم تىلىمەس ۋە ئۆز نەپسىگە ئەلەم ئىزدىمەس، ئەمما، باشقا بىراۋنىڭ ئەسلى زاتىدا قاتتىق خارلىق كۆرسە، ئۆزىگە قىلچە ئېغىرچىلىق كەلگەندەك كۆرمەس، يەنە بىراۋنىڭ ئەزىز نەپسىگە چوڭ كۆلپەت كەلسە، ئۆزىگە كەلگەن ئازغىنە كۆلپەتنىڭ تەسىرچىلىك تەسىرلەنمەس، ھەممە ئادەمگە ئۆزگىدىن ئۆزى ئەزىزراق، باشقىلار سۆزىدىن ئۆزىنىڭ سۆزى ئەزىزراق، ئالەمچە ياخشىلىقنى كىشى ئۆزىدىن يىراق تۇتماس، ئەمما، باشقا كىشىگە يېقىن كەلتۈرمەس.

— ئەلىشىر ناۋايى

• قارنى ياماندىن ھۈنەر كەلمەس يېمەكتىن باشقا، نەپسى ياماندىن نەپ يەتمەس دېمەكتىن باشقا، ئۇ بىرى ھارام

تاماقتىن باشقىسىنى بىلمەيدۇ، يەنە بىرى ئۆزىنى سۆزلەشتىن باشقىسىنى بىلمەيدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• بىلىمسىزنىڭ بىلىمگە ئاشىق بولۇشى نەپسى ئۈچۈن، بىلىمنىڭ قارماققا ئىلىنىپ قېلىشى قورساق بالاسى ئۈچۈن.

— ئەلىشىر ناۋايى

• نەپسىدىن ساڭا زۇلۇم يەتسە، نادامەت ئەشكىنى چاچ، تەڭرىنىڭ پاناھىغا قاچ، توۋىنىڭ ئېتىكىگە ئىلىك ئۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئەقىل ئىگىسى بولاي دېسەڭ، نەپسىڭگە قۇل بولما.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• كىمكى ئۆز نەپسىگە زالىم بولسا، ئۇ ئالىم بولىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• قۇش داننى دەپ تۇزاققا ئىلىنىدۇ، قۇش يېمەكنى دەپ ئۆلىدۇ.

— مەھمۇد قەشقەرى

## يامانلىق، ساختىلىق، رەزىللىك، ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق توغرىسىدا

• يالغانچى — ئادەم ئەمەس، يالغان سۆزلەش ياخشىنىڭ ئىشى ئەمەس، گۆھەرنى تاش قاتاردا كۆرگەندەك، يالغان سۆز كىشىنى ئېتىبارسىز قىلىۋېتىدۇ. راست سۆزنى يالغانغا قاتقانلىق گۆھەرنى نىجاسەتكە ئاتقانلىق بولىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• سۆزنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، ئەمما، يالغاندىن يامانراق تۈرى يوقتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• يامانلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، بۇلاردىن بىرى، تۇغما يامانلاردۇر، تۇغما يامان بولسا، ئۇنىڭغا داۋا يوق، ئۇ دۇنيا ئۈچۈن بالا، خەلق ئۈچۈن جۇتتۇر، بۇنداقلار ئۆلمىگۈچە كىرى تازىلانمايدۇ. يەنە بىرى، تەقلىد يولى بىلەن يامان بولغانلار. بۇلارنىڭ دوستلىرى ياخشى بولسا، ئۇمۇ ياخشى يولغا ماڭىدۇ، يامان ياخشى بىلەن بىللە قېتىلىپ يۈرسە، بارلىق ياخشىلىقلارغا يەتمەك ئۈچۈن مەشئەلگە ئېرىشىدۇ. قارا، يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ياخشى بىلەن يامان يېقىنلىشىش تۇپەيلىدىن يولىنى توغرىلىۋالىدۇ.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• ياماندىن ياخشىلىق كۆزدە تۇتۇش پەس خىيالدۇر، ئىتتىن كېيىككە، مۈشۈكتىن كەپتەرگە شەپقەت ماھال (مۇمكىن ئەمەس) دۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• يالغان سۆزلىگۈچى گۆھەرنى ساپالدەك خار قىلار، راست سۆزنى يالغانغا قېتىش قىممەت باھا مەرۋايىتنى نىجاسەتكە ئېتىشتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• قارا، بۇ بىرقانچە نەرسە كىشى ئۈچۈن ياۋۇزدۇر، ئىنسان ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالسا، ۋۇجۇدى بۇلغىنىدۇ، بۇلاردىن بىرى، يالغان سۆزلەش؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى، سۆزدە تۇرماسلىق؛ ئۈچىنچى بىرى، ئىچىملىككە بېرىلىش، بۇنداق ئادەم شۈبھىسىزكى، تامامەن بىھۇدە ياشايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• يامانىنىڭ يېشى قىسقا، ئۇ پۇشايمان بىلەن قېرىيدۇ، ياخشىلىقنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، ئۇ پۇشايمانسىز يۈرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تىلىڭدىن يالغان سۆزلەرنى چىقارما، ئەر يالغان سۆزى بىلەن ئۆزىنى قەدىرسىز قىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• يالغانچى نادانراق ئىشتىكۈچىنى تاپسا، يالغاننى راستقا ئۆتكۈزەلىسە، مەقسىتىگە يەتكەن بولىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• يامان يولداشقا يېقىنلاشما، ساڭا زەرەر كەلتۈرىدۇ، يامانلىق يىلاندۇر، دىققەت قىل، سېنى چاقىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ياماننى يامان، ياخشىنى ياخشى دەپ بىل، ياماننى ئەگەر ياخشى دەپ گۇمان قىلساڭ، ياخشىنى ھەم يامان دەپ قالىسەن.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئۆزۈڭ ياخشى نام ئالاي دېسەڭ، يامانغا قېتىلما، سەگەك بول.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• يامانغا قوشۇلما، ساق-سالامەت بولىسەن. خوي-پەيلىڭنى توغرا تۇت، تۈلپاردەك جەۋلان قىل.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دائىم ئابرويلۇق بولاي دېسەڭ، ھەر قاچان ئېغىزىڭدىن يالغان سۆزلەرنى چىقارما.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىئەدەپكە قېتىلما، مۇلايىم، سىلىق بول، بارچە جاڭجال ئەدەپسىزلەردىن كېلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەي ئۇلۇغ كىشى، ئەسكىلىك، پەسكەشلىك، جاھىللىقنىڭ ھەممىسى يامانلارنىڭ قىلىق-ئادىتىدۇر. بالا-ئازاب، مۇشەققەت ۋە ئۆكۈنچلىك كۆز يېشى يامانلىق ئۈچۈن بېرىلگەن جاۋابدۇر، يامان كىشىلەرنى قانداقمۇ ماختاي،

ئىمىشقىمۇ يامان ئىشنى ئارزۇ قىلاي.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• يالغانچى كىشىلەر ۋاپاسىز بولىدۇ، ۋاپاسىز كىشى خەلققە نالايىق ئىشلارنى قىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• سۆزنىڭ يالغانلىقى بىلىنگەندە، سۆزلىگۈچى ئوياتقا قالىدۇ، يالغاننى راستتەك سۆزلىيەلەيدىغان سۆزمەن كۈمۈشكە ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىدىغان زەرگەرگە ئوخشاشتۇر.

— ئەلشىر ناۋايى

• سۆزى يالغاننىڭ قىلمىشى جاپادۇر، كىم بىراۋغا جاپا قىلسا، ئۇ ھايۋاندۇر.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• يالغانچى كىشىدىن ۋاپا كۈتمە، بۇ كۆپ يىللار مابەينىدە سىنالغان سۆزدۇر.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• ئەي ئوغۇل! ھەممە خالايىق مېنى ھۆرمەت قىلسۇن، مەندىن تارتىنسۇن دېسەڭ، زىنھار يالغان سۆزلىمىگىن، يالغانچى ئادەم مىڭلاپ شەمشەر بىلەن ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلسىمۇ، يالىڭاچلىنىپ تۇرغان مىڭلاپ قىلىچلار ئۇنىڭ شان-شەۋكىتى ۋە قۇدرىتىنى قوغدىسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ تىلىدا راستچىللىقنىڭ جەۋھىرى بولمىغانلىقتىن، خالايىق ئالدىدا ئېتىبارسىز ۋە

سالاھىيەتسىزدۇر.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• بىرسىگە يالغان بىلەن تۆھمەت قىلغان كىشى ئۆزىنىڭ قارايغان يۈزىنى داغلىغان بولىدۇ. يالغان سۆز ئاز بولسىمۇ گۇناھدۇر، زەھەرنىڭ مىقدارى ئاز بولسىمۇ، ئۆلتۈرىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• راست سۆزدە پاساھەت بولمىسىمۇ، راستچىللىقنىڭ ئۆزى ئۇ سۆزنىڭ زىننىتىدۇر. يالغانچى سۆزنى ياساپ ئېيتقانسېرى، ئۇنىڭ سۆزى خۇنۇكلىشىدۇ، راست سۆز قانچە تەكەللۇپسىز ئېيتىلسىمۇ، ئىبارىنىڭ ساددىلىقى بىلەن قايىل قىلىش كۈچى ئازايمايدۇ. گۈلنىڭ كىيىمى يىرتىق بولسىمۇ، گۈلنىڭ گۈزەللىكىگە زىيان يەتمەيدۇ. گۆھەرنى قوپال قاچىغا قاچىلاپ قويسىمۇ، قىممىتىگە نۇقسان يەتمەيدۇ. يالغانچىنىڭ سۆزى ئاقىلغا ناپىسەند. يالغانچىنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇش ئەقىلسىزلىقتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• يالغان سۆزلىگۈچى پىكىر قىلىشتىن ۋە ئېھتىيات قىلىشتىن چەتنىگۈچىدۇر. كىشىنىڭ سۆزى راست بولمىسا، راستلارنىڭ كۆڭلى ئۇنى قوبۇل قىلماس، يالغانچى سۆزنى بىر-ئىككى قېتىم ئۆتكۈزەلىسىمۇ، يەنە نېمە قىلغاي، يالغانچىلىق ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، رەسۋاسى چىققاي،

ئـەل كۆڭـلـىـدىـن سۆزىنىڭ ئېتىبارى قاچقاي، كۆڭۈل خەزىنىسىنىڭ قولۇپى تىل، ئۇ خەزىنىنى ئاچقۇچى سۆز دەپ بىل.

— ئەلشىر ناۋايى

• يامانلىق قىلماسلىقنىڭ ئۆزى ياخشىلىق قىلغانغا باراۋەر.

— ئەلشىر ناۋايى

• پىلىك ئوت يېقىشقا پىلتە بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ ئوت بىلەن بىللە كۆيىدۇ، كىشى يىلاندىن زەخىملەنسە، شۇ زەخىمنىڭ ئۆزى يىلاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ.

— موللا سىدىق يەركەندى

• ئەي خۇش پېئىل كىشى، يامانلىق قىلما، بۇگۇن سۆزۈڭ ۋە ھەربىكىتىڭدە ياخشىلىق قىلغىن.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• بۇ كۆرۈنمەس ئەجەل يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ، غاپىللار ئۈستىدە تۇرغاندا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ، پۈتۈلگەن ئەجەل بىر كۈنى يېتىپ كەلگەندە، ياخشى-يامان ھەممىسى قارا تۇپراققا ئايلىنىدۇ، ئەي يامانلىق قىلىشتا بوغرا تۈگمەدەك ئىنسان، يامانلىق قىلما، يامانلىقنىڭ نېسىۋىسى ئوغىدۇر.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• يامان بىلەن ياخشىنى تەڭ ئورۇنغا قويسا، بۇ ھال ياخشىنى ئۇيات-نومۇسقا قالدۇرىدۇ.

— مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى (گۇمنام)

• كىشىگە زىيان سالغۇچىلار زەھەرلىك چايانغا ئوخشايدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئۆز ئۆمرۈڭنى يامان بىلەن ئۆتكۈزسەڭ، ھايات چىرىغىڭنى ئۆچۈرگەن بىلەن ئوخشاش.

— مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى (گۇمنام)

• شىبشە ۋە ئەينەكنى دەسسەپ سۇندۇرغۇچى ئۆز پۇتىنى زەخىملەندۈرگەندەك، ئەلگە زىيانكەشلىك قىلىشقا ئادەتلەنگەن كىشى ئەلگە زىيانكەشلىك قىلالماستىن، ئەكسىچە، ئۆزىگە جەبرى قىلىدۇ.

— ئىبمر ھۈسەيىن سەبۇرى

• ئالدىراقسانلىق ھەممىگە يامانلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• يامانلارغا يېقىن يولىما، چۈنكى يامانلارنىڭ گەپلىرى سېنى تېزدىنلا يامان قىلىقلىق قىلىپ قويىدۇ.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• كىمكى كىشىلەرنى قەستلىسە، ئۇ مۇناپىقتۇر.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• بىر زەررە ئوغىمۇ كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ، بىر زەررە ئوتمۇ بەدەننى كۆيدۈرىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• يامانلار بىلەن ھەرگىز ھەمسۆھبەت بولما،

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى پىتنە قوزغاتقۇچى قاتىلدۇر.
— موللا ئەلەم شەھيار

• كىمنىڭ يارى (ئۈلپىتى) يامان بولسا، ئۇ ئاشۇ يامانىدىن مىڭلارچە زىيان-زەخمەت كۆرىدۇ.
— ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى قىسۇرى

• خەلق كىمدىن قاچسا، ئۇنى ئادەمنىڭ ئەڭ يامىنى دەپ بىل.
— ئەلىشىر ناۋايى

• يامان نىيەتلىك كىشىلەردىن ھەمىشە ئېھتىيات قىل، ئېھتىياتسىزلىق نادانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.
— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

• كىمكى بىراۋغا ئورا قازسا، ئۇنىڭ گۇناھى ئۆزىنى شۇ ئورىغا ئىتتىرىدۇ.
— مىرزامەھمۇد جۇراس

• يامانلار بىلەن بىر يەردە بولۇشتىن قاچ، ئۇلارنىڭ سۆھبىتى جان ئالغۇچى زەھەردۇر.
— موللا ئەلەم شەھيار

• كۆمۈرنى تۇتقان كىشىنىڭ قولىغا قارا يۇققاندەك، يامانلار بىلەن يۈرگەن كىشىگە ئۇنىڭ يامانلىقى يۇقىدۇ.
— ئەلىشىر ناۋايى

• ھەرقانداق ئىشنىڭ مۇكاپاتى بولىدىغانلىقى راست، يامانلىقنىڭ مۇكاپاتى يامانلىقتۇر.
— موللا مۇسا سايرامى

• دىل ئازارلىق يولى شۇملۇقنى كەلتۈرىدۇ.
— ئاياز بېك قوشچى

• يامانغا ياخشىلىق قىلىش ئۆز يولىغا ئورا قازغانلىقتۇر.
— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ھايۋان سۈپەت شەخسلەرنىڭ قولىدىن ياخشىلىق تەمە قىلىش بۆغا مۈڭگۈزىدىن گۆل ئىچىلىشنى ئارزۇ قىلغانغا ئوخشاشتۇر.
— ئىمرھۇسەين سەبۇرى

• يالغانچىلىق ئىنساننى ئاپەت تۈزىقىغا گىرىپتار قىلغۇچىدۇر، شۇڭا يالغاننى تاشلاپ، راستچىللىق، ساداقەت يولىغا كىرمەك لازىم.
— ئىمر ھۇسەين سەبۇرى

• يالغان ئېيتقۇچى غەپلەتتىندۇر.
— ئەلىشىر ناۋايى

• يالغان ئېيتقۇچى لەنەت ۋە كۈلپەتتىن قۇتۇلالمايدۇ.
— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئاڭلىغاننىڭ ھەممىسىنى تەھقىقلەپ كۆرمەستىن، سۆزلەۋېرىش يالغانچىلىققا دەلىلدۇر.
— ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى قسۇرى

• كىمكى راستچىل بولمىسا، يالغانچىلىقى ئۇنىڭ

رىزقىنى كېمەيتىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• تۈلكىنىڭ ھىيلىگەرلىكى ۋە مەككارلىقى ئۇنى ئۇۋلاشقا سەۋەبچى بولغىنىدەك، خىلمۇخىل ھىيلە-مىكىرلەر خىلمۇخىل كىشەن ۋە تۇزاقلارنى پەيدا قىلىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• دانا دەيدۇ: نائەھلى بىلەن بوستان ئارا سۆھبەتتە بولغۇچە، زىندان ئىچىدە يالغۇز تۇرغان ئەۋزەلدۇر.

— زىبۇننىسا

• تېزەك قاردا ياتماس، ياخشى يامانغا قېتىلماس.

— مەھمۇد قەشقەرى

• كېمە ھەيدىيەلمىگەن دەريانى ئەگرى دەيدۇ، ئۇخلىيالمىغان تەكىيە قىڭغىر دەيدۇ.

— مەھمۇد قەشقەرى

## بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك، تەمەخورلۇق توغرىسىدا

• ئاچكۆزلۈك نومۇسنىڭ ئۆيىنى كۆيدۈرىدىغان ئوت، ئىززەتنىڭ خامىنىنى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغان، تەمكىنلىكنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋېتىدىغان شامالدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• تەمەخورغا نەرسە بېرىش شىرغا تاماق بېرىشكە ئوخشايدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• "كەمبەغەل" دېيىشىدۇ، بۇ كەمبەغەل كىم؟ قانچىلىك باي بولسىمۇ، كۆزى ئاچ كەمبەغەلدۇر، ئاچكۆز كىشىگە پۈتۈن دۇنيامۇ ئازلىق قىلىدۇ، بارىغا قانائەت قىلغۇچى بەخت ئىچىدە ياشايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئېلىشقا ئادەتلەنگەن كىشى بېخىلنىڭ يېنىغا توپلانمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆزى توقلۇق بايلىقنىڭ بېشىدۇر، ئاچكۆز كىشى پۈتۈن دۇنياغا ئىگە بولسىمۇ، ئۇنىڭ باي بولۇشى ناتايىن،

قارا تۇپراق كۆز چانقىنى تولدۇرمىغۇچە، ئاچكۆز كىشىنىڭ مال-دۇنياغا كۆزى تويمايدۇ، ئاچكۆز كىشىگە باي بولۇشتىن پايدا يوق، ئەي كۆڭلى توق، ئاچكۆزگە ئېچىنغىن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆزى توق كىشىلەر ئەڭ باي كىشىلەردۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئاچكۆزلۈك كىمنى كەمبەغەل قىلغان بولسا، بۇ دۇنيانىڭ بارلىق نېمىتى ئۇنى بېيىتالمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئاچكۆز ئادەم تەمەخور كېلىدۇ، تەمەخورلۇق يامان ئادەت، تەمەخور ئادەملەرنىڭ نامى تىلەمچى.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تەمەخور ھەرقانچە بەگ بولسىمۇ، ئۇ قۇلدۇر. تەمەخور دائىم كىشىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنىدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئاچكۆزلۈك شۇنداق بىر كېسەلكى، ئۇنىڭغا ھېچ داۋا يوق، ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ قامانلىرىمۇ داۋالىيالمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆزى ئاچ كىشى مال-دۇنياغا تويۇپ، باي بولمايدۇ، نۇرغۇن دۇنياغا ئىگە بولسىمۇ، ئاچ-كەمبەغەل ئۆتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆزى ئاچ كىشىنىڭ قىلىقلىرى سەت بولىدۇ،

قىلىق سەتلىكى كىشى ئۈچۈن تەڭدىشى يوق كېسەلدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئادەم تەمەخور بولسا، نەپسىگە قۇل بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىككى تۈرلۈك كىشىگە قېتىلما، يىراق تۇر، قېتىلدىڭمۇ، قاراپ تۇرۇپ ماجىرا تۇغدۇرىدۇ، بىرى، تۆھمەتخور، چېقىمچىلىق قىلغۇچى، يەنە بىرى، ئىككى يۈزلىمچى، تەمەخور.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• يېقىنلىقنىڭ بارغانسېرى ئۈستۈن بولۇشىنى خالىساڭ، تەمەگەرلىكتىن خالىي بولۇپ ياشا، ئەي دانا.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆزى توق قانچىلىك قۇل بولغان ھالەتتىمۇ بەگدۇر، ئاچكۆز ئادەمنىڭ بەگلىكىدىن قۇللۇق ياخشىدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆزى توق كىشى مال-دۇنياغا ھېرىسلىق قىلمايدۇ، كىشى مال-دۇنيا بىلەن ئالدىماقچى بولسا، ئالدانمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆزى توق ئادەم كەمبەغەل بولسىمۇ، باي ھېسابلىنىدۇ. چىدامىلىق، قانائەتچان كىشى ھەممە ئىشقا قادىر بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تەمەخوردىن كەرەم تىلىمە، گادايدىن دەرەم (ئاقچا) تىلىمە.

— ئەلشىر ناۋايى

• كىمنى تەمەخورلۇق قۇل قىلىۋالغان بولسا، ئۇنىڭدىن پەقەت ئۆلۈم بىلەنلا ئازاد بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھۆكۈمالاردىن بىرى سورىدى: "ئەيىبلەرنىڭ ئەڭ يامىنى نېمىدۇر؟" ھۆكۈما: "بېخىللىق" دەپ جاۋاب بەردى. سوئال سورىغۇچى يەنە سورىدى: "بۇ ئەيىبنى نېمە ياپالايدۇ؟" ھۆكۈما: "پەقەت سېخىيلىقلا ياپالايدۇ. بۇنىڭدىن ئۆزگە نەرسە ھەرقانچە چىرايلىق بولسىمۇ، بېخىللىقنى ياپالمايدۇ" دېدى، شۇڭا كىشى مالنى بېخىللىق بەنددىن بوشاتمىسا، ھەرگىزمۇ ئۇلۇغلۇق ۋە سائادەتمەنلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلمەيدۇ.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• بېخىلنىڭ مال ساقلىماق يولىدىكى جاپاسى قاتتىق، ھەسەتخورنىڭ ئۆز خوي-پەيلىدىن راھەتمۇ ئاچچىق، ئالدىنقىسى ئۆز جاپاسى بىلەن خار، كېيىنكىسى ئۆز قىلىقى بىلەن زاردۇر.

— ئەلشىر ناۋايى

• كۆزى ئاچ كىشى تويماس كېلىدۇ، كۆزى ئاچقا پۈتۈن دۇنيانىڭ ئېشىمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تەمەخورلۇق خارلىقا ئېلىپ بارىدۇ. باي بولۇپ تەمەخور بولسا، ئۇ خار، زەلىلدۇر، قولغا كېلىدىغان بولسىمۇ، تەمەخور بولمىسا، ئۇ ھېچ ساخاۋەتتىن قېلىشمايدۇ، بۇ خىل سېخىيلىق ئۇلۇغلۇقتۇر، تەمەخورلۇق پەستلىكتۇر.

— ئەلشىر ناۋايى

• تەمەخورلۇقنى خارلىقنىڭ بېشى، قانائەتنى شەرەپ ۋە ئۇلۇغلۇق دەپ بىلگىن.

— ئەلشىر ناۋايى

• كىمكى بىر تاۋاق ئاش ئۈچۈن قول بولىدىكەن، ئۇنىڭ يۈزىگە قازاننىڭ قارىسىنى سۈرتۈش كېرەك.

— ئەلشىر ناۋايى

• ئەگەر سەن تەمەخور بولمىساڭ، بۇ شۇنداق ئۇلۇغ ئىش بولىدۇكى، پۈتۈن ئالەمدىكى كىشىلەر بىر تەرەپ بولسىمۇ، يالغۇز ئۆزۈڭ ئۇلارغا تەڭ كېلەلەيسەن.

— ئەلشىر ناۋايى

• خەسىسكە ھېچكىم يېقىنلاشمايدۇ، سېخىيغا بەك يېپىشىدۇ، بارلىق پەزىلەتلىك كىشىلەر خەسىستىن قاچىدۇ، سېخىينىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، تىلەك - ئارزۇلىرىغا يېتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تەمەخورلارغا يېقىن يولىما، شۈبھىسىزكى، ئۇ ساڭا دۈشمەن بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەگەر تەمەخور تەمە قىلغىنىغا ئېرىشسە، ئۇ سېنى ئاكام ياكى ئۇكام دەپ ئاتايدۇ، ئەگەر ئېرىشەلمىسە، يۈزىنى ئۆرۈيدۇ، تۇغۇلۇپ سېنى كۆرمىگەندەك ئۆزىنى يىراقلاشتۇرىدۇ. تەمەسىزلەرنى يارۇ-بۇرادەر، دوست تۇتقىن، ئۇلارغا ئىشەنگىن، ئۇلار خۇشاللىق ۋە قايغۇدا، ياخشىلىق-يامانلىقتا كىشىگە ھەمدەم بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىم بېخىللىق ھەققىدە نېمە دەيدۇ ئاڭلا: "ئەي بىچارە، ئەي ھەسەتخور، ئەي قولى يۇمۇق! ئالتۇن يىغىشنى بىلدىڭيۇ، يېيىشنى بىلمىدىڭ، بۇ ئالتۇنلارنى يىغىپ، نېمىشقا بىرەر كىشىگە بەرمىدىڭ، ئەي، دۇنيانى يىغىپ يېيەلمىگۈچى ئىنسان، يېگۈچىلەر تەييارلاندى، ئەمدى ئاش-تاماق تەييارلا."

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• يىغىشنى بىلىپ، بېرىشنى بىلمىگەنلەر نەپرەت بىلەن قارغىشقا قالىدۇ.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• بېخىللىق شۇنداق نەرسىدۇركى، ئۇ بەزى كىشىلەرنىڭ تەبىئىتى ھەم ۋۇجۇدىغا تاش نەقىش ئويغاندەك ئورناپ كەتكەن، ئۇنى ئويۇپ چىقىرىۋېتىش تاش ياسىغۇچى ئۇستىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەنمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. بېخىلنىڭ كۆز چانىقى گۆرنىڭ توپىسىدىن باشقا نەرسە بىلەن

تولمايدۇ.

— ئېمىر ھۈسەيىن سەبۈرى

• ساڭا يامانلىق قىلغان كىشىگە سەن ياخشىلىق قىل. ياخشى بىلگىنكى، بۇ كەڭ قورساقلىقنىڭ ئۈستۈن پەللىسىدۇر.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• بېخىللىق داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەل. بېرىشكە كەلگەندە، بېخىلنىڭ قولى ئىنتايىن چىڭ كېلىدۇ. بېخىل ئاچكۆز بولغانلىقتىن، يىغىش بىلەن نەپسى تويمايدۇ، ئۇ مال-دۇنيانىڭ قولى، مال-دۇنيا ئۇنىڭغا ھۆكۈمراندۇر.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• بېخىل كىشى ئۆز ھاياتىدا خۇشاللىقنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەيدۇ. خۇشاللىق روھى ئازاد، مەرد ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر. چۈنكى جاھاننىڭ مۈلكى خەزىنىسى بۇلارنىڭ ئالدىدا زەررىچە كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ، مال-مۈلۈك ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىر تامچە سۇغا ئوخشايدۇ.

— ئېمىر ھۈسەيىن سەبۈرى

• ئاچكۆز ئادەم تويماس كېلىدۇ، ئاچكۆزگە بۇ دۇنيانىڭ بارلىق نېمەتلىرىمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تەمەخور بولما، تەمە ئارىسىغا ئەجەل يوشۇرۇنغاندۇر.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• كىمكى ھەسەتخور بولسا، ئۇنىڭدا قانائەت بولمايدۇ، كىمكى تەمەخور بولسا، راھەت كۆرمەيدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئاچكۆزلۈك ئىنساندىكى ئەڭ قەبىھ خىسلەتتۇر، ئاچكۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتى كىشىگە غەم، ئۆكۈنچ، ھەسرەت كەلتۈرىدۇ.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• قانائەتچان ئادەمنىڭ كۆزىگە قان تولسىمۇ، يەنىلا ئىززىتى بار، تەمەخور ئادەم ئالتۇن تەخت ئۈستىدە راھەتلىنىپ ئولتۇرسىمۇ، خارلىق ئۇنىڭغا ھەمراھدۇر.

— ئۆمەر ھۈسەيىن سەبۇرى

• بەدنىيەت بىلەن بىللە ئورۇق چاچساڭ، ھوسۇلدىن قۇرۇق قالىسەن.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئىززەتنى دېسەڭ تەمەنى تەرك ئەت، تەمەنى دېگەچ گادايلار خار بولۇشتى.

— ئەلشىر ناۋايى

• تەمە خارامدۇر، تەمەدە رەزىللىك ۋە ئازاب-ئوقۇبەت بار.

— ئەلشىر ناۋايى

• تەمەخور ئۆز ئۆمرىنى زايە قىلغۇچىدۇر.

— ئەلشىر ناۋايى

# پىتنە-پاسات، ئاداۋەت، چېقىمچىلىق، ھەسەتخورلۇق توغرىسىدا

• غەيۋەتخورلارنى ئۆزۈڭگە يېقىن يولاتما، چېقىمچىلاردىن ئۆزۈڭنى يىراق تۇت، ئۇلاردىن ساقلان. بۇنداق كىشى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىرىدۇر. كىشىگە زىيانكەشلىك قىلىدىغانلارنى سەن دۈشمەن بىل.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەسەتسىز كىشى ئەر سانىدا ئەمەس، روھسىز بەدەننى كىشى تىرىك دېمەس.

— ئەلىشىر ناۋايى

• غەيۋەتخور كىشىگە قېتىلما، يىراق تۇر، غەيۋەتخورنىڭ تىلىدا ئوت كۆيىدۇ، دۇنيانىڭ پىتنە-پاساتلىرى غەيۋەتخوردىن چىقىدۇ، غەيۋەتخورنىڭ بېشىنى كەس، ئەي مەرد سېخىي.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• چېقىمچىلىقنى خالىمايدىغان قانچىلىك ياخشى كىشى بولسىمۇ، غەيۋەتخورلار ئارىسىغا كىرسە، سەۋر قىلالمايدۇ، پىكرى ئۆزگىرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەسەتخورلۇق بىماردۇر، بەلكى، ئۇ ساقايماس

كېسەلگە گىرىپتاردۇر.

— ئەلشىر ناۋايى

• ھەسەت بىر كىشىنىڭ راھىتى ئۈچۈن يەنە بىر كىشىنى ئازابقا سالىدۇ، ھەر سائەتتە مىڭ غەم-غۇسسىنىڭ زەھەرىنى كىشىگە ئوتلاتتۇرىدۇ، بىرەر ئادەم راھەت قەدىمىنى يەرگە قويسا، ھەسەتخور ھەسەت قولى بىلەن بېشىغا كاچاتلايدۇ.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• كىشىنى كۆرەلمەسلىكنىڭ ئاقىۋەت پايدىسى نېمە؟ كىشىنى كۆرەلمىگۈچىلەرنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزىنى كېسەل قىلىشتۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەسەتخورلۇق بىر كېسەلدۇركى، ئۇنى داۋالاشقا ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ، ئۇ ئادەمنى يەيدۇ، ۋۇجۇدۇڭنى قۇرۇتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىرىنىڭ يەنە بىرىگە گەپ توشۇغانلىقى باشقىلارنىڭ گۇناھىنى ئۆز بويىنىغا ئېلىۋالغانلىقى بولىدۇ، نەمماملىق (گەپ توشۇغۇچىلىق) راست سۆزنىڭ توسالغۇسىدۇر، سۆز توشۇغۇچىنىڭ كىچىكى دوزاخنىڭ تۇترۇقى بولسا، چوڭى دوزاخنىڭ ئوتىدۇر.

— ئەلشىر ناۋايى

• دائىم قەدىر-قىممەتلىك بولاي دېسەڭ، پىتنە پاساتلارغا قوشۇلما، ئەي خۇشخۇي، پىتنە-پاسات ھەر ئىشنىڭ نېگىزىنى بۇزىدۇ، پىتنە-پاسات ياخشى ئىشلارنى

ئىززىدىن چىقىرىدۇ، پىتنە-پاساتنىڭ ئەتراپىدا يۈرمىگىن، ئۇنىڭغا يېقىنلاشما، پىتنە-پاسات قەيەردە بولسا، شۇ يەردە خارلىق بولىدۇ، پىتنە-پاسات بار يەردە دۆلەت تۇرمايدۇ، قاچىدۇ، ئەگەر تۇرسا، ھەيران بولما، ئۇ بىر كېچىلىك مېھمان، خالاس.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قۇرۇق سۆزنى قىلما، كىشىنى كىشىگە چاقما، ئۇششاق سۆز تاراتما ۋە ئاداۋەت ساقلىما.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• غەيۋەت زىنادىن قاتتىقراق گۇناھدۇر، كىمكى غەيۋەت قىلسا، غەيۋەتنى قىلىنغۇچىنىڭ گۆشىنى يېگەنگە ئوخشاش بولۇپ، ئادىمىيلىك تەبىئىتىنى يوقاتقان بولىدۇ، چۈنكى يېيىشكە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەرنى يېيىش ئادەمگە خاس قىلىق ئەمەستۇر.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• كىشىلەرگە ھەسەت قىلما، ئارتۇقچە يەپ-ئىچمە، بۇ ئىككى ئىشنى قىلغۇچىلار داۋاملىق دەرتكە قالىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قەيەردە پىتنە-پاسات بولسا، ئۇ يەردىن بەخت تېزىپ كېتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• غەيۋەت قىلغۇچى زىيانكاردۇر، بەلكى نىجاسەت يېگۈچىدۇر. ئۇلار ئەپيۇن ۋە بەڭ (نەشە) بىلەن ئۆمرىنى

زايا قىلغانلاردۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• بېخىللىنىڭ مېلىنى ئاسراشتىن مېھنىتى قاتتىق، ھەسەتخورنىڭ خوي-پەيلىدىن تۇرمۇشى ئاچچىق. دېمەك، بىرىنچىسى ئۆز بايلىقىدىن خار، ئىككىنچىسى ئۆز قىلىقىدىن مۇسىبەتدار.

— ئەلىشىر ناۋايى

• خۇشال ھاياتقا ئېرىشەي دېسەڭ، كىشىگە ھەسەت قىلماسلىققا غەيرەت قىل.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• غەيۋەتخور كىشى ئۆزىمۇ ئامانلىق تاپالمايدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• كىمكى خەلق ئارىسىدا غەيۋەتخورلۇق قىلىدىكەن، ئۇنداقلار دېۋە بىلەن شەيتانغا سىرداشتۇر، كىمكى خەلق ئارىسىدا گەپ توشۇغۇچى، سۇخەنچى بولسا، شۈبھىسىزكى، ئۇ ئىپلاستۇر.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• پىتنىخورلۇق قىلىش ناھەق قان تۆكۈشتىنمۇ يامان.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• پىتنىخورنىڭ رىزقى كەم بولىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلغۇچىلار بىلەن بىر يەردە تۇرما.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئالىي ھەممەتلىك كىشىلەر پىتنە-پاساتتىن خالىي بولىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئىلىمسىز كىشى ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى پىتنە-پاسات تېرىشتىنلا ئىبارەتتۇر.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ناھەق قان تۆكۈش پىتنىدىن پەيدا بولىدۇ، پىتنىخورلۇقتىن ئالەمدە كۆپ غوۋغا تېرىلىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئالەم پىتنىدىن خاراب بولىدۇ، پىتنىدىن كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ جېنىغا ئازاب يېتىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• پىتنىنى دوست تۇتقان كىشىگە لەنەت ياغىدۇ، پىتنىدىن قول ئۈزگەن كىشىگە رەھمەت ياغىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• پىتنىنى تەرك ئەتكەن كىشى ئىززەتكە ئېرىشىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• پىتنە-پاسات ئىچىدە يۈرگەن ئادەم توپان ئىچىدە يۈرگەندەك بولىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• پىتنە-پاساتقا مايىل كىشىلەر ئۆمرىنى بىھۇدە زايا

قىلىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• جاھىللارنىڭ جاھىللىقىغا ئۆلارنىڭ ھەسەتخورلۇقى سەۋەبچىدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئوتنى يالقۇن بىلەن ئۆچۈرگىلى بولمايدۇ.

— مەھمۇد قەشقەرى

# تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق، مۇلايىملىق، كەمتەرلىك توغرىسىدا

• تەكەببۇرلۇق شەيتاننىڭ ئىشى، مەنمەنلىك نادانىنىڭ ئىشى.

— ئەلشىر ناۋايى

• ئەي راھەتلىك كىشى، بەكمۇ ئارتۇق سۆيۈنۈپ كەتمە، راھەتكە يارىشا، ئاخىرى مۇشەققەتمۇ كېلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تەكەببۇرلۇق بىلەن كۆككە ئۆرلىگىلى بولمايدۇ، ئەگەر كەمتەر بولسا، ئىشى بۇزۇلمايدۇ، تەكەببۇرلۇق پايدىسىز، كۆڭۈلنى سوۋۇتىدۇ، كەمتەرلىك كىشىنى يۇقىرى ئۆرلىتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مۇلايىملىق ۋە يۇمشاقلىق خەلققە مادار بەرمەكلىك ئۈچۈندۇر، ھەر ئىشقا مۇلايىملىق يار بولسا، ئۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىگە ئېرىشىشنىڭ ئېھتىمالى زور بولىدۇ، قوپاللىق، ئاچچىقلىنىش ھەمراھ بولسا، ۋەيران بولىدۇ.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر

• ئۆزىنى چوڭ تۇتقان كىشى بىخۇدلۇق قىلىدۇ،

بىخۇد كىشى نابۇت بولىدۇ ياكى ۋاقىتسىز ئۆلىدۇ.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ساغا ئۇلۇغلۇق نېسىپ بولۇپ، بەگلىككە ئېرىشسەڭ، بېشىڭ ئاقارغىچە ئۆزۈڭنى كىچىك تۇت.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مۇلايىملىق — ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ مېۋىلىك بېغى، ئادىمىيلىك دۇنياسىنىڭ گۆھەرلىك تېغىدۇر. يۇمشاقلىقنى ھادىسىلەر دەرياسىدا كىشىلىك كېمىسىنىڭ لەنگىرى (كېمە توختايدىغان جاي) دېسە بولىدۇ ۋە ئىنسانىيەت تارازىسىنىڭ تېشىغا ئوخشاتسا بولىدۇ.
— ئەلشىر ناۋايى

• ئۇلۇغلۇق، دۆلەت، بەخت-سائادەت كىشىنى تەكەببۇرلۇققا تارتىدۇ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلغۇزمايدۇ.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كەمتەر كىشى ئۆزۈن مۇددەت ئېتىبارلىق بولىدۇ، تەكەببۇر كىشى بۈيۈكلۈككە ئېرىشەلمەيدۇ.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تىلەك، ئارزۇ-نېمەتلەردىن سەن تۈگەل بەھرىمەن بولساڭمۇ، ئابىھاياتنى تېپىپ ئىچىۋالغان بولساڭمۇ، قولۇڭنى سوزۇپ، ئەگەر ئاسمان گۈمبىزىنى تۇتساڭمۇ، بېشىڭ ئاسمانغا تاقاشقان بولسىمۇ، يەنە يەردە تۇرىسەن.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كەمتەر كىشى خەلق ئىچىدە سۆيۈملۈك بولىدۇ،

كۆڭلى قاتتىق كىشى سۆيگۈگە سازاۋەر بولالمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كەمتەرلىك كىشىنى خەلقنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ۋە دوست تۇتۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئەنە شۇنداق دوستلۇقنىڭ گۈلشەنىدە گۈزەل گۈللەر ئېچىلىدۇ، ئۇ گۈللەر ئىناقلىق ۋە ئۈلپەتچىلىك بەزمىسىگە چېچىلىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• دىلى كەمتەر بولسا، كىشىنىڭ سۆيگۈسىگە سازاۋەر بولىدۇ، سۆيگۈگە سازاۋەر بولغان كىشى دوستلىرىنى خۇشال قىلىدۇ، دىلى كەمتەرلىك كىشى ئۇچۇن نېمىدېگەن ياخشى-ھە!

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كەمتەرلىك ئۇرۇقىنى تېرىغان كىشى تېرىغان دانىغا گۆھەردىن ھوسۇل ئالىدۇ، ئەدەپ ۋە كەمتەرلىك ياخشى ئەخلاق جۈملىسىدىن بولۇپ، كىشىلەردە بۇ خىسلەت مۇستەھكەم ئورۇن ئالغان بولسا، ئۇنىڭغا مۇھەببەت بىلەن قارىمايدىغان كىشى بولمايدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• تەكەببۇر، مەغرۇرلىنىدىغان، ماختانچاق كىشى ئېتىقسىز بولىدۇ، تەكەببۇر كىشىنىڭ ئېتىبارى كۈندىن-كۈنگە تۆۋەنلەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىچىك پېئىل، كەمتەر كىشى نېمىدېگەن ياخشى،

نىمىدېگەن گۈزەل بولىدۇ-ھە! دائىم ئىشى يۈرۈشىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىمكى نام-شۆھرەتكە بېرىلسە، غەمدىن قۇتۇلالمايدۇ، ئۆزۈڭنى غەمدىن خالاس قىلاي دېسەڭ، نام-شۆھرەتنى تەرك ئەتكىن.

— ئايازبېك قوشچى

• ئارتۇق تەكەببۇر بولما، تېتىقسىز بولىسەن، ئارتۇقچە پىخسىق بولما، نەپرەتكە قالىسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كەمتەرلىك تەكەببۇر دۈشمەننى يۈمشىتىدۇ، ئادەتلىرى غەلىتە بولغان كىشىلەرنىڭ خاتىرىگە ئىنساننىڭ زەۋقىنى ئۆلتۈرغۇزىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• مۇلايىم كىشى ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەيدۇ، تىلى قوپال، قەھرلىك، يامان كىشى ئادەملەرنى يىراقلاشتۇرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئۇلۇغلۇقنى ئارتۇقچە مەغرۇرلىنىپ كەتمە، ئۇلۇغ بولساڭ باش ئاغرىقى كۆپ بولىدىغانلىقىنى بىل، قەيەردە شادلىق بولسا، ئاخىرى بىر بالا كېلىدۇ، قەيەردە راھەت بولسا، مىڭ خىل جاپامۇ بىللە بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تەكەببۇرلاناق ئۆز قەدرىنى بىلمىگەن، ئادەم

سىياقىدىن چىققان كىشىلەرنىڭ سۆپىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلانماقتىن مۇددىئاسى ئۆز نۇقسانلىرىنى يېپىش ئۈچۈندۇر، ئۇلار تەكەببۇرلانغانسېرى ئۆزىنىڭ يامان ۋە قەدىرسىزلىكىنى شۇنچە ئاشكارىلايدۇ.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• ئەگەر كەمتەرلىك تەكرارلىنىۋەرسە، ھاياسىز مۇددەئى (دەۋا قىلغۇچى) نى ئاخىرىدا ئۇياتچىللىققا ئېلىپ بارىدۇ، كەمتەرلىكنىڭ يەنە بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىنىشى بىلەن ئىنساپسىز دۈشمەن يامانلىقتىن يانىدۇ.

— ئەلشىر ناۋايى

• تەكەببۇرلۇق ھەممە تىلدا ئەيىبلىنىدىغان قىلىق، ئەڭ ياخشى ئادەت كىچىك پېئىللىقتۇر.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• ئاجىزلىق، پەقىرلىق يولىغا كىرىپ، فەنا رەسىم-يوسۇنلىرىنى تۇتساڭ، چوڭ دېڭىزنى سەير قىلمايمۇ مۇرات-مەقسىتىڭگە ئېرىشەلەيسەن.

— ئۆمەر ھۈسەيىن سەبۇرى

• پەقىرلىق ۋادىسىدا شەخسىيەت قانچە ئاز بولسا، شۇنچە ياخشى، چۈنكى، يۈكى يەڭگىل يولۇچىنىڭ يول يۈرۈشى ئاسان بولىدۇ.

— ئەلشىر ناۋايى

• مۇلايىملىق، ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ قىممەت باھا لىباسى ۋە كىيىم تونلىرىنىڭ ئەڭ چىدامىلىق

رەختىدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كەمتەر كىشىلەر كۆپ سۆزلەشتىن قاچىدۇ، ئۇلار كۆپ ئاڭلاشنى خالايدۇ ۋە ياقتۇرىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• مەغرۇر كىشى ئۆز بىلىمى بىلەن ماختىنىدۇ، ئەمما، بىلىمدان كىشىلەر ئالدىدا بولسا ئەيىبدار.

— ئەلىشىر ناۋايى

• تەۋەززۇ قىلساڭ، مەرتىۋەڭ ئۈستۈن بولىدۇ، تەكەببۇر بولساڭ، ئاخىرى شەرمەندە بولماي قالمايسەن.

— تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى



# مەردلىك، سېخىيلىق، ھىممەت، خەيرى-ئېھسان توغرىسىدا

• سېخىي ئۆلسە، ئۇنىڭ نامىنى تىرىك دەپ بىل.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئۇزۇنراق ياشاشنى خالايدىغان بولساڭ، سېخىي بول، باشقىلاردىن تۇز-تائامىڭنى ئايىما.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قارا، كىشىلىكنىڭ نامى ئىككى نەرسىدىن ئىبارەتتۇر، بىرى، مېھرىبانلىق، يەنە بىرى، سېخىي بولۇپ، مال بېرىش.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مەرد شۇنىڭ ئۈچۈن مەردكى، ئۇ ئېغىرلىقنى كۆتۈرۈپ، ئۆلۈمنى يوشۇرۇپ، سەۋر بىلەن يۈرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ياۋۇز، يارىماسلارنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن كىشى ھىممەتلىك ھەم مۇرۇۋۋەتلىك بولۇشى كېرەك.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سېخىيلىق، ئادەمگەرچىلىك، مەنپەئەت ۋە ياخشىلىق، ئېنىقكى، ياخشى كىشىلەردىن كېلىدۇ، ياخشى

كىشى دوستلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەۋزىلىدۇر، ياخشى ئىش ئىشلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر، دوستۇڭ ياخشى بولسا، نېمە خالىساڭ قىلالايسەن، ياخشى يول تېپىش ئۈچۈن ياخشى دوست كېرەك، ھوزۇر-ھالاۋەت، ئارزۇ-نېمەت، غورۇر ۋە خۇشال-خۇراملىق ياخشىلىقنىڭ جاۋابى بولىدۇ.

قارا، بۇ ياخشى كىشىلەرنى قانداقمۇ سۆيمەي، بۇ ياخشى ئىشلارنى قانداقمۇ ماختىماي؟!

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كەرەم بىر جاپاكەشنىڭ قاتتىقچىلىق يۈكىنى كۆتۈرۈشتۇر ۋە ئۇنى بۇ قاتتىقچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتۇر، بىراۋ ئۈچۈن خارلىق يۈكىنى كۆتۈرۈشكە ماقۇل بولۇشتۇر، تىكەننىڭ ئارىسىدىن گۈلدەك ئېچىلىشتۇر، يەنە قىلغاننى دەپ يۈرمەسلىك ۋە ئېغىزغا ئالماسلىقتۇر، كەرەم قىلىنغان كىشىگە مىننەت قىلماسلىق ۋە ئۇنىڭ يۈزىگە سالماسلىقتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ساخاۋەتسىز ئەر يېغىنسىز باھار بولۇپتىدۇر، مېۋىسىز دەرەخ ھامانە ئوتۇندۇر، يېغىنسىز بۇلۇت ھامانە تۇتۇندۇر، ساخاۋەتسىز كىشىنى گۆھەرسىز سەدەپ دېسە بولىدۇ، گۆھەرسىز سەدەپ بىلەن ئۆلۈپ قۇرىغان كەشەپ (سۇ جانىۋارى) نىڭ نېمە ئەتىۋارى بولسۇن؟!

— ئەلىشىر ناۋايى

• مەرد كىشى نان-تۇز ھەققىگە دىققەت قىلىپ،

يېگۈزگەن كىشىگە بېشىنى پىدا قىلىدۇ.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئۇلۇغلۇق ۋە سائادەتمەنلىك يۇقىرى ھىممەتلىك بولۇشتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدۇ.
— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• كىشىدىكى ھەممە ياخشى ئەخلاقنى خۇلاسە قىلىپ "ئېھسان" دېسە بولىدۇ، يەنە سېخىيلىق ۋە مۇرۇۋۋەت بولمىسا، ئىنساندا ئېھسانمۇ بولمايدۇ.
— ئەلشىر ناۋايى

• ماللىرىنى ئۇلۇشتۇرسىلا سېخىيلىق بولمايدۇ، جان-تېنىنى خەلققە پىدا قىلغانلىق ھەقىقىي سېخىيلىقتۇر.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشىلەر ئىچىدە ماختاشقا لايىقلار كىم؟ مەرد، سېخىي ماختىلىدۇ، بېخىل سۆكۈلىدۇ.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سورىغاندا بەرگەننى ھەم سېخىيلىقتىن يىراق بىل، مىننەت بىلەن بەرگەندىن بەرمىگەننى ياخشىراق بىل.
— ئەلشىر ناۋايى

• سېخىي دېيىشىدۇ، سېخىي دېگەن كىم؟ سېخىي جېنىنى پىدا قىلىپ، كىشىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغۇچىدۇر، ئالتۇن-كۈمۈش ئۇلۇشتۇرسىلا سېخىي بولىۋەرمەيدۇ، سېخىي جېنىنى خەلققە پىدا قىلغۇچىدۇر. سېخىي ئادەم خەلققە مال-تاۋىرىنى سۇدەك ئېقىتسا، خەلقمۇ يۈگۈرۈشۈپ

بېرىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىدۇ.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• ھېممەتلىك كىشىلەر خەلق ئارىسىدا ھۆرمەتلىك بولىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كۆلۈپ تۇرۇپ بېرىش سېخىيلىقنىڭ ئۈستىگە سېخىيلىقتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئۇلۇغ بولۇشنى تىلىسەڭ، يېمەك-ئىچمەك ئۇلۇشتۇر، ئۆزۈڭ ياشاشنى تىلىسەڭ، ئۇنىڭغا ئاش-تائام بىلەن ئېرىشىسەن.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• تاماقنى تۆگمىسۇن دېسەڭ، يېگۈز، چاپىنىنى ئەسكىرمىسۇن دېسەڭ، كىيگۈز، سېخىيلىق توغرىسىدا سۆزلەنگەن سۆزنى ئاڭلا.

— ئەلىشىر ناۋايى

• سېخىيلىق بەك ياخشى، ئۇنى تاشلىماسلىق كېرەك. لېكىن بىراۋنىڭ مېلى بىلەن سېخىي بولماسلىق كېرەك.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• ئاش-تاماق، نان، تۇز كىشىنىڭ نامىنى يايىدۇ، تىرىكلىكنىڭ داۋاسى يېمەك-ئىچمەكتۇر، داڭ-شۆھرەت خالىساڭ، باشقىلارغا نان، تۇز بەر، ياشاشنى خالىساڭ، ئەنە

شۇنى قىل.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ساخاۋەت ئادەمگە بەدەندۇر، ئىرادە ئۇنىڭ جېنى، غايىلىك كىشىلەر دۇنيادا كۆرمىگەن سىرلارنى ئاچالايدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ھەممەتلىك كىشى ئەگەر ئالدىغا بىرەر ئادەم ھاجەت تىلەپ كەلسە، ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە غەمخورلۇق قىلىشقا تىرىشىدۇ.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• بىر توقاچنى ئىككىگە بۆلۈپ، يېرىمىنى ئاچقا بەرگەننى سېخىي دېگىن، ئۆزى يېمەي، بارىنى موھتاجغا بەرگەننى ئەخى (بىر تۇغقىنىم) دېگىن.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئىنسانىيەت بېغىنىڭ دىلغا يېقىملىقراق دەرىخى ئېھساندۇر، ئەلگە ماقۇل سۈپەتلا ۋە ياخشى ئەخلاقلا ئېھسانغا تەۋەدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• سېخىيلىق ھۇنەر بىلەن تېپىش ۋە يېگۈزۈشتۇر، ئەيىبلەرنى يېپىش ۋە كۆيدۇرۇشتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• جايىدا بەرگەن ئەسكى چاپان تونغا تەڭ ساخاۋەتتۇر، جايىدا بېرىلمىگەن زەرباپ تون شاقاۋەتتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ھىممەت ئىگىسى ئېپلاسلىق بىلەن پەس بولماس،

ھېممەتسىز كىشى پۇل تاپسا چوڭلارغا ھەمدەس (ياردەمچى) بولماس.

— ئەلشىر ناۋايى

• ھېممەتسىز كىشى پەستۇر، كىشىنىڭ ھېممىتى بولمىسا، ئۇنىڭ ھۆرمىتىمۇ بولمايدۇ.

— ئەلشىر ناۋايى

• چىنارنىڭ غولىنىڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن ئېگىزلىكىگە زىيان يەتمەيدۇ، تۇپراق خەزىنىلەرنى يوشۇرۇش بىلەن ئالىي بولۇپ كەتمەيدۇ، ئىرادىلىك كىشىلەرگە بۈيۈكلۈك بەك يارىشىدۇ، ئەمما، ساخاۋەت ئېگىلىرىگە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق يارىشىدۇ.

— ئەلشىر ناۋايى

• ساخاۋەت خالايىققا مەنپەئەت يەتكۈزمەك، ئېھسان ياخشىلىق قىلماقتىن ئىبارەتتۇر، ساخاۋەت ياخشى نام چىقارماقنىڭ سەۋەبچىسى، ئېھسان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ ۋاسىتىسىدۇر، ھېچقانداق سۈپەت ۋە خىسلەت ئادەمگە، خۇسۇسەن كاتتىلار ۋە دۆلەتمەن كىشىلەرگە ساخاۋەت ۋە ئېھساندىن ياخشىراق ئەمەستۇر.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• ئېھسان ياخشى سۈپەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەجەپ بىر سۈپەتتۇركى، ئۇ ئادەمنىڭ بارلىق ياخشى سۈپەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئېھسان بارلىق ياخشى سۈپەتلەرنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، باشقا ياخشى سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى

ئىپھساندىن تۇغۇلىدۇ.

— ئەلشىر ناۋايى

• يوقسۇللارغا مۇرۇۋۋەت (ئادەمگەرچىلىك) سېخىيلىقنىڭ ئۇرۇق-قاياشى، بەلكى بىر گىېزەك قېرىندىشىدۇر، بۇ ئىككىسى ئادەملەرنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى بىلىپ، يوقلۇق مەملىكىتىگە سەپەر قىلىپ كەتمىشتۇر.

— ئەلشىر ناۋايى

• مەسىلىلەردە ئىپتىلىپتۇركى، ھايۋانات ۋە قۇشلارنى دام (قىلتاق) بىلەن قولغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ، ئادەمنى بولسا، ئىنئام، ئىپھسان بىلەن قولغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• كۆپ خۇشاللىقنى خالايدىغان بولساڭ، كىشىلەرگە ئوچۇق چىراي بىلەن نان-تۇز بەرگىن، شىرىن سۆز بىلەن يۈزۈڭنى يورۇق تۇت.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەممە تىل سېخىي ئەرنى ماختايدۇ، سېخىيلىق ھەممە ئەيىبنىڭ كىرىنى يۇيىدۇ، تىل-ئاھانەتكە قالماي دېسەڭ، سېخىي بول، چۈنكى سېخىيلىق تىل-ئاھانەت يولىنى توسايدۇ.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• ئۆزى يېمەي تۇرۇپ كىشىگە بەرسە، مۇرۇۋۋەت، ئادەمگەرچىلىك، ئەركەكچىلىك بولىدۇ؛ دېمەي تۇرۇپ

ئىشلىسە، مەردلىك بولىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• تىرىكلا بولساڭ، ساخاۋەتنى ئۆزۈڭگە كەسىپ ئەتكىن.

— موللا ئەلەم شەھيار

• ئىبگىلمەس كۆڭۈلنى مەردلەر ئىگىدۇ، يەتكىلى بولمايدىغان مۇرادقا مەردلەر يېتىدۇ.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• سېخىيلىق مەڭگۈلۈك بەخت-سائادەتتۇر، ئۇ كىشىنى ئۆز مەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ.

— ئۆمەر ھۆسەيىن سەبۇرى

• مەرد بولىدىكەنسەن، ياخشىلار سۆھبىتىگە جان پىدا قىل.

— سابىر ئىبنى ئابدۇقادىر ناقىس

• ئالىي ھىممەت سائادەتنىڭ نىشانىدۇر.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• خەير-ساخاۋەت ئۇسۇلى شۇدۇركى، ساخاۋەت قىلغۇچى ئۆزىنىڭ قىلغان ساخاۋىتىدىن سۆزلىمەسلىكى كېرەك، خەلققە ياخشىلىق قىلىشنىڭ ھۆرمىتى ۋە گۈزەللىكى شۇ يەردىكى، ياخشىلىق قىلغۇچى قىلغان ياخشىلىقى توغرىسىدا ئېغىز ئاچماسلىقى كېرەك.

— ئۆمەر ھۆسەيىن سەبۇرى

• تىرىكلا بولساڭ، ساخاۋەتنى ئادەت قىل.

— موللا بىلال ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى

• ھىممىتى يوق شاھتىن ھىممەتلىك گاداي ياخشى.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• كىشىلەرنىڭ پۈتۈن قىلىق-ھەرىكىتىنى ياخشى كۆزەتكىن، كىم كەڭ قورساق بولسا، شۇنى ئادەم دېگىن، قورسىقى تار كىشى گوياكى مېۋىسىز دەرەختۇر، مېۋىسىز دەرەخنى كېسىپ قالىغىن.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• ئىنساندىكى ئەڭ ياخشى تەبىئەت ۋە ئەڭ پاك ئادەت سېخىيلىقتۇر، ئەڭ سەت ئىش بېخىللىقتۇر.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• قىلغان ياخشىلىقىڭنى دەرياغا تاشلا، ئەجرىنى باياۋاندىن ئىزدە.

— موللا مۇسا سايرامى

• ھىممەتتىن ئايرىلغان كىشى روھتىن ئايرىلىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• نوھ بىلەن لوقمان بولغان تەقدىردىمۇ، ھىممىتى يوق ئادەم ئەر ھېسابلانمايدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ساخاۋەت قۇياشنىڭ نۇرى، ئۇ ئۆلۈك تەنگە جان ئاتا قىلىدۇ.

— ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

• بېشىغا تاج كىيگۈچى ھەقىقىي پادىشاھ ئەمەس، بەلكى، تاجغا ئېھتىياجى يوق كىشى ھەقىقىي پادىشاھتۇر.

— ئېمىر ھۇسەيىن سەبۇرى

• نامەرد قانداق بىمەنا گەپلەرنى ئېيتمايدۇ؟ توخۇ قانداق نىجاسەتلەرنى يېمەيدۇ؟ ياخشىلارنىڭ ھۈنىرى سۆزنىڭ مەناسىدا، بوزچىلارنىڭ ھۈنىرى ماتاسىدا، پاكىنا، پەس ئادەم ماختانغىنى بىلەن بۈيۈك بولالماس، ئۆچكە يۇگۇرگىنى بىلەن كېيىك بولالماس.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ھىممەت ئەھلىنىڭ ئىختىساسى — ساخاۋەت؛ بۇ ئۇلۇغ سۈپەت، پاك كىشىلەرگە خاستۇر، ئادەم بىر بەدەن بولسا، ھىممەت ئۇنىڭ جېنىدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• سېخىيلىق ئادەمنىڭ بەدىنىدۇر، ھىممەت بولسا، ئۇنىڭ جېنىدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئىسراپ قىلىش سېخىيلىق ئەمەس، ئورۇنسىز بۇزۇپ-چېچىشنى ئەقىللىق ئادەملەر سېخىيلىق دېمەس.

— ئەلىشىر ناۋايى

## مال-دۇنيا، بايلىق توغرىسىدا

• مال-دۇنيا ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئوتقا ئاتما، باشقىلارنىڭ مېلىنى ئالما، زورلۇق قىلما.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بۇ دۇنيا مېلى گويا تۇزلۇق سۇغا ئوخشاشتۇر، قانچە ئىچسىمۇ كىشى قانمايدۇ، تىلىمۇ نەم بولمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مال-دۇنياغا كۆل بولما، ئۇ يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۆتۈپ كېتىدۇ، بۇ دۆلەتكە ئىشەنمە، ئۇ تېزلا قېرىيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشى ئۆز مېلىدىن قانچىلىك پايدىلانسا، ئۇ مال ئۇنىڭدۇر، نېمىنى ئاسرىغان بولسا، ئۇ ئۆزگىنىڭدۇر. مۇشەققەت بىلەن تاپقان مېلىڭنى ئۆزۈڭدىن ئايىما، ئەمگەك بىلەن يىغقىنىڭنى دوستلار بىلەن دۈشمەنلەر ئۈچۈن ئاسراپ قويما!

— ئەلىشىر ناۋايى

• قارا، سېنىڭ بايلىقىڭ گادايلىقتۇر، ساڭا قارىغاندا كەم گاداي بولسا، شۇ بايدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• غاپىل ئىنسان كۆپ نەرسە توپلايدۇ، يېيىش نېسىپ بولالمىدۇ-يوق، بۇنى ئويلىمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆپ ياخشىلىقلارغا يول ئاچقۇچى نەرسە بايلىقتۇر، ھەر خىل كىبىسەللەرنىڭ داۋاسىمۇ بايلىقتۇر. كىشىنىڭ دۇنياسى بولسا، بىلىم، ئەقىلغە ئىگە بولالايدۇ، ھەر خىل ياخشىلىقلارغا قول ئۇزىتالايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مال-دۇنيا بىلەن ئىنسان خالىغان ياخشىلىقلارغا قول ئۇزىتالايدۇ، كىشىنىڭ ئېلىپ-بېرىدىغان مال-دۇنياسى بولمىسا، ھەر خىل ياخشىلىقلارنى قىلىشتا قولى قىسقا بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئادەم بالىسىنى بىچارە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ، چۈنكى، كۆن بويى دۇنيا يىغىدۇ، يېيىشكە نېسىپ بولمايدۇ، بەزىسى تىنماي يۈگۈرۈپ دۇنيا كېزىدۇ، بەزىسى جېنىنى تىكىپ دېڭىزغا كىرىدۇ، بەزىسى تاغ قېزىپ، قىيالار تۆۋىگە بارىدۇ، بەزىلىرى يەر غولاچلاپ، يالىڭاياغ يۈگۈرەيدۇ، بەزىسى داۋان ئېشىپ، دەريالار كېچىدۇ، يەنە بەزىلىرى يەر قېزىپ، قۇدۇقتىن سۇ ئىچىدۇ، بەزىسى جەڭلەردە قىلىچ-پالتا يەپ، ھالاك بولىدۇ، بەزىسى قەلئە-تورالاردا ئىشلەپ قېرىيدۇ، بەزىسى ئوغرى، ئالدامچى، قاراقچى، ھىيلىگەر، بەزىسى باسمىچى، قاتىل، قىرغىنچى بولىدۇ. بۇ مۇشەققەتلەرنىڭ ھەممىسى نەپسى، كىيىم-كېچەكنى

ئۇچۇندۇر، مال-دۇنيا توپلاش، يېمەسلىك، ئۆلگەندە پۇشايمان قىلىش — بۇلارنىڭ ھەممىسى بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر، بىلىمسىز كىشىلەر تامامەن ھايۋانغا ئوخشايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

## ئەپسانىيەتچىلىك ۋە پاكلىق توغرىسىدا

• پاك بولۇشنى خالىساڭ، كۆڭلۈڭنى تازىلا، كۆڭلۈڭ پاك بولسا، پايداڭ دەريادەك بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىمنىڭ كۆڭلى ۋە ئەخنى پاك بولسا، ئۇ گۇناھىدىنمۇ پۈتۈنلەي پاك بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تۆزخەت ھەر يانغا مايىل قىلىنسا ئەگرى بولىدۇ، تارنىڭ نورماللىقى بۇزۇلسا، سازنىڭ ئاۋازى بۇزۇلىدۇ، قازىنىڭ ھۆكۈمى مالغا قاراپ چىقىرىلسا، ئۇنىڭ بۇ ئادىتى شەرىئەتنى بۇزىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ھارام بىلەن كۆڭۈل قارىداپ كېتىدۇ، بۇنى چوڭقۇر چۈشەن، ھارامغا قوشۇلما.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھارامنى يېگۈچىنىڭ ئورنى جەھەننەمنىڭ تېگىدۇر، ھارامغا ئارىلاشما، ئۆزۈڭنى تۇت.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىنسان كۈمۈشنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل

بەرمىسە، ئۇنى چىن پەرىشتە دېسىمۇ بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• خىيانەتچى قەيەرگە قەدەم قويسا، پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يىراققا قاچىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• خىيانەتچى كىشى قەيەرگە قول ئۇزارتسا، دېڭىز بولسىمۇ سۇغۇلىدۇ، يەرلەر قۇرۇيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ناپاك، بىۋاپا، قىلىقلىرى پەس ئادەم ۋەدە قىلسىمۇ سۆزىدە تۇرمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ناپاك كىشىلەرگە دائىم شېكەر ۋە ئىلىك يېگۈزسەڭمۇ، ئۇنىڭ قىلمىشى يەنىلا ۋاپاسىزلىق، جاپا بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• پاسىقتىن ھايا تىلىمە، زالىمدىن ۋاپا تىلىمە.

— ئەلىشىر ناۋايى

• پاسىق زىيانغا خۇمار بولغۇچىدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئۇرۇقى ساپ كىشىلەر ۋاپادار بولىدۇ، ناپاك كىشىلەرنىڭ ئىشى جاپا كەلتۈرۈشتۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• پارا ئوغۇشلۇق ئىشنى بۇزىدۇ، پارا پىشقان ئىشنى

خېمىغا ياندۇرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بەخت-ئىقبال پاك نەرسە، ئۇ پاكلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، دۆلەت — ساپ، تازا نەرسە، ئۇ ساپ، تازىلارنى يۆلەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئادەمنىڭ ياخشىراقى شۇكى، تەقۋادار ۋە پاك بولغاي، ھەق سۆزنى ئېيتىشتا قورقماس بولغاي، ئۆزى پاك، كۆزى پاكنى ئىنسان دېسە بولىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• پاكلىق كېچىدە يېقىلغان چىراغقا ئوخشايدۇ، چىراغ بار ئۆيگە ئوغرى كىرەلمەيدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• پاكلىق، تەقۋادارلىقى بار ئادەم ئالماس شەمشىرى بار ئادەمدۇر.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• مال-دۇنيانى گۈزەل كېلىندەك قوغلىشىش ئارزۇسى بىلەن بەختلىك بولۇپ، ئاچكۆزلۈك ھەۋىسىنىڭ تورىغا باغلىنىپ قېلىش ئاقىلانىلىق ئەمەس.

— ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

• نەپسىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتمەكلىك ھايۋاننىڭ قىلىقى، نەپسىنى تىزگىنلىمەكلىك مەردانىنىڭ قىلىقى.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• نەپسى ھاۋاغا مەپتۇن بولماق دانا ۋە ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس.

— ئۆمەر ھۇسەيىن سەبۇرى

• كور كىشى دەريادا بىكار قولۋاق تاپالمىغاندەك، ھارامخور كىشى ھاياتتا روناق تاپالمايدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• نەپسىنىڭ ئازدۇرۇشى كۆڭۈلنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ.

— ئۆمەر ھۇسەيىن سەبۇرى

• مۇزدەك سۇ قورساققا خوش ياقماس، قورۇق قوشۇق ئېغىزغا خوش ياقماس، قورۇق گەپ قۇلاققا خوش ياقماس.

— مەھمۇد قەشقەرى

## پايدا-مەنپەئەت، ئۆزىنى ئومۇمغا بېغىشلاش، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش توغرىسىدا

• مالدىن خەلق پايدىلانسا، دۈشمەن زەھەر يېگەندەك بولسا، ئۇ مالدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كىمكى ياخشىلىق تىلىسە، ئېغىر يۈك كۆتۈرىدۇ، ئېغىر يۈك كۆتۈرگەنلەر تىلىكىگە يېتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەي سېخىي، يالغۇز يۈرگۈچى كىشى بىر ناداندۇركى، ئۇنىڭ باشقىلارغا پايدىسى تەگمەيدۇ، كىشىگە پايدىسى تەگمەيدىغان ئادەم ئۆلۈكتۇر. سەن پايدىلىق بول، ئۆلۈك بولما، ئەي مەرد يىگىت.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قارا، كىشىلەرنىڭ سەرخىلى كىشىلەر ئۈچۈن پىدائىي بولىدۇ، سۆيۈملۈك جېنىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە كىشىلەرگە شادلىق تىلەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئۆز پايداڭنى كۆزلىمە، خەلق پايدىسىنى كۆزلە،

ئېغىزىڭنى خەلققە ئارتما، ئۆز يوكوڭنى ئۆزۈڭ كۆتۈر.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى كىشى دۈشمەنلىك ئۇچقۇندۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئۆزۈڭنىڭ پايدىسىنى ئىزدىمە، خەلق پايدىسىنى ئىزدە، سېنىڭ پايداڭ خەلق پايدىسى ئىچىدە بولىدۇ.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• ئەگەر بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەممە ئادەم بىر-بىرىگە ياردەم قىلىشىدىغان بولسا، پۈتۈن يەر يۈزى پەزىلەتلىك بولۇپ قالىدۇ.

— ئەبۇنەسىر فارابى

• ئۆز پايدىسىنى تىلەيدىغانلار ئادەم بولامدۇ؟ ئەل پايدىسىنى كۆزلىگەنلەر ھەقىقىي ئادەمدۇر.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• كىشىنىڭ ئىشىنى باشقا كىشىنىڭ ئىشى دەپ تونىغان ئادەم ئۆزىنى كىشى دەپ ھېسابلىماسلىقى كېرەك.

— ئەلىشىر ناۋايى

• بېشىڭغا پەلەكتىن تاش ياغسىمۇ، ئەل خىزمىتىدىن باش تارتما، ئۇ تاشلار بىلەن بېشىڭ يېرىلىپ، تارتۇق بولۇپ قالسا، ئۇ بەختىڭ بەلگىسى بولۇپ قالىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• قارا، كىشىلەر ئارىسىدا ھەقىقىي كىشى شۇكى،

ئۇنىڭدىن خەلق پايدا كۆرىدۇ، پايدىسىز كىشىلەردىن كىشىلەر بىزار بولىدۇ، پايدىلىق كىشىلەرنىڭ پايدىسى ئەلنى تولدۇرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• ئاچلىق ھېكمەتنىڭ دەسمايىسىدۇر، توقلۇق غەپلەتنىڭ زىبۇ-زىننىتىدۇر، توقلۇققا ھېرىس بولۇشنى كۆڭلۈڭدىن يوق قىل، ئۆزۈڭ ئاچ بولۇپ، يەنە بىرىنى توق قىل، ئۆزۈڭنى چىرايلىق كىيىم كىيىشنى خىيال قىلىشتىن ساقلا، كىيىمنىڭ چىرايلىقىنى ئىزلىسەڭ، بىر يالىڭاچنى كىيگۈز، كىيىم ھەرقانچە زىبادۇر، كىيگىنىڭدىن كىيگۈزگىنىڭ ئەلادۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كىمكى ئەل خىزمىتىگە ئۆمرىنى سەرپ ئېتەر، ئەگەرچە ئۆمرى كېتەر، مەڭگۈلۈك ئۆمۈرگە يېتەر، ئۆزۈڭنى بۇ توپتىن يىراق تۇتما، بېشىڭ كەتسىمۇ، بۇ مۇددىئانى ئۇنتۇما.

— ئەلىشىر ناۋايى

• پايدىسىز، نەپ بەرمەس قېرىنداشىڭ بولسا، ئۇنى تاشلا، پايدىلىق ئاداش تۇت، پايدىسىنى كۆرۈپ توي.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزگۈچىلەر پېشانە تەرى بىلەن گۆھەردەك نۇر چاچىدۇ، بۇلۇتلار ئارىسىدىكى چاقماق نۇرىدەك يۈزلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەختى

-ئىقبالى قۇياشتەك زاۋال تېپىپ ئولتۇرۇپ كېتمىشتىن خالىي بولىدۇ، بەخت يۇلتۇزى سائادەت-بەختىيارلىق ئىلكىدە مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدۇ، ئىززەت ۋە دۆلىتى زىيادە، ئۇلۇغلۇق شەرىپى مۇئەييەن بولىدۇ، مۇراد-مەقسىتىنىڭ كۆزى روشەن بولغاچ، مەقسەت باغچىسىدا ئۇلارغا خەلقنىڭ مېھىر گۈللىرى ئېچىلىدۇ.

— ئۆمەر ھۈسەيىن سەبۇرى

• خەلققە ھەم ئۆزۈڭگە ياخشى خۇسۇسىيەتلىرىڭ بىلەن پايدا يەتكۈزگىن.

— ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى قىسۇرى

• خەلققە ياخشىلىق قىلغۇچىلار ئۆزىنىڭ يوقسۇللۇقىدىن باشقىلارغا ساخاۋەت قىلىشنى تاشلىمايدۇ، يوقسۇللۇق ۋە بايلىقنى ئۆزىنىڭ سېخىيلىقىغا توسالغۇ پەردە قىلىۋالمايدۇ.

— ئۆمەر ھۈسەيىن سەبۇرى

• ساڭا بىر كىشىنىڭ ھاجىتى چۈشسە، قۇدرىتىڭنىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغىن، كىشىلەر ياخشى كۆرمەيدىغان خۇيدىن يىراق بول، كىشىلەرگە زىيىنى يېتىدىغان ئىشنى قىلىشتىن ساقلان.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

• كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزگەن ئادەم ئاخىرى مۇرادىغا يېتىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• كىشى سۆز بىلەن بولسىمۇ ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزەلمىسە، كۆڭلىدە بولسىمۇ ياخشىلىق قىلىش، مەنپەئەت يەتكۈزۈش نىيىتى بولۇشى لازىم.

— ئۆمەر ھۆسەين سەبۇرى

• ئۆز مەقسىتىدىن كېچىپ، كىشىلەرنى ھەقىقەت يولىغا باشلىغۇچىلار ھەقىقىي رەھبەر بولالايدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ھەر ۋاقىت ئەل-جامائەتكە يار بول، كىشىنىڭ مۈلكىگە كۆز قىرىڭنى سالما، مىننەت ئوتىدا كۆڭلۈڭنى ئازابلاپ جاراھەتلەندۈرمە.

— موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى

## ھۆرمەت-ئىھتىرام، ئاتا-ئانىلار ۋە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا

• ئاتىسىغا بويسۇنمىغان ئادەم ئۇستاز بىلەن خوجايىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر ئويۇندەك ھېسابلايدۇ، ئۇ تەڭرى يولىدىن چەتنىگەنلىك بولىدۇ، ئاتىسىغا، ئۇستازىغا، خوجايىنىغا ئاسىي بولغان كىشى تەڭرىگىمۇ ئاسىي بولغان بولىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• سالام قىلغۇچى كىشىگە ئامانلىق تىلەيدۇ، سالامنى ئىلىك ئالغۇچى سالامەت بولىدۇ، سالام كىشىلەرنىڭ يامانلىقىدىن سالامەت ساقلايدۇ، سالامغا جاۋاب بەرگۈچىنىڭ سالامەتلىكى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىپلاس ئادەملەرگە لۇتفۇ-مەھەمەت قىلما، ئۇنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ قويىسەن.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• ئەزىزلەرگە ئىززەت كۆرسەتكۈچىلەر ھەقىقىي ئەزىز بولىدۇ، شۇڭا ئىززەت ۋە ئەزىزلىك قەدىرلىكتۇر، ئۇ قەدىرسىزگە قىممەت، كىچىككە ئۇلۇغلۇق، يامانغا

يۆلەنچۈك، چوڭغا يۈكسەكلىكتۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دۇنيادا ئۇلۇغلۇققا ھۆرمەت قىلىش يۈسۈنى بار، ئۇلۇغ كەلسە، ئورنىڭدىن قوپ، ئۇلۇغقا كىچىكنىڭ ھۆرمىتى بەك يارىشىدۇ، ئۇلۇغمۇ بۇنى كۆرۈپ، كىچىككە ھۆرمەت قىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەدەپلىك ۋە ھۆرمەتلىك كىشىلەرگە تەزىم ۋە ئەدەپنىڭ بىناسىنى يىقىتما، ھايا ۋە ھۆرمەتنىڭ خىلۋىتىدىن تاشقىرى چىقما.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئاتا پەندىنى سەن بەكمۇ چىڭ تۇت، كۆڭۈلڭ قۇتلۇق بولغاي ۋە كۆڭلىرىڭ ھالاۋەتلىك ئۆتكەي، ئاتا-ئاناڭنى خوش قىلىپ، ئۇلارغا خىزمەت قىل، بۇ خىزمىتىڭ بەدىلىگە تۇمەنىڭ پايدا كەلگەي.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئۇلۇغلارنى ئۇلۇغلاپ، ھۆرمىتىنى قوغدا، ساڭا دۆلەت ۋە ئۇلۇغلۇق بەختى كېلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەرقانداق ئېسىل تەبىئەتلىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلىسەڭ، سەنمۇ ھۆرمەتكە ئىگە بولىسەن، ئەگەر ئېپلاس ئادەملەرنى ھۆرمەتلىسەڭ، ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ، سېنى يەرگە ئۇرىدۇ.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• ئۇلۇغلار كىچىكلەرگە سالام قىلىشى كېرەككى، ئاندىن بارچە ئىشلار ئۆز يولىدا بولىدۇ، كىچىكلەر چوڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئەمەل قىلسا، سالامەت ياشايدۇ ۋە بالادىن قۇتۇلىدۇ، كىچىكلەر ئۇلۇغلارنىڭ يامانلىق قىلىشىدىن ئەمىن تاپسا، ئۇلاردىن ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلىپ، سالامەت ياشايدۇ.

— **يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

• سالام كىشى ئۈچۈن سالامەتلىك يولىدۇر، سالام قىلسا، سالامەتلىكنىڭ ئۇلى قۇرۇلغان بولىدۇ، سالام كىشى ئۈچۈن تىنچلىق ۋە ئەمىنلىكتۇر، سالام قىلسا، كېيىن جان ئەمىن تاپىدۇ.

— **يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

• دۆلەت ئەھلىگە تەۋازۇلۇق بولۇش ئاۋام خەلققە نىسبەتەن تېخىمۇ مۇھىمدۇر، چۈنكى تەۋازۇ ئۇلۇغلۇقنىڭ زىننىتىدۇر.

— **موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى**

• تەۋازۇ ئىگىسى ئۆزىگە قارىغاندا باشقا كىشىلەرنى قەدىرلىك بىلۇر ۋە ئۆزىدىن باشقا ئادەمنى ئەزىز ۋە مۆھتەرەم ھېسابلار. زاتىدا (ۋۇجۇدىدا) ئۇلۇغلۇق، كەمتەرلىكتىن ئەسەر بولمىغان كىشى تەۋازۇ قىلىشتىن باش تارتار، تەۋازۇ كىشىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ بەلگىسىدۇر، تەۋازۇ بىلەن خالايىقلار كىشىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىدۇ.

— **موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى**

• ئۆزۈڭدىن ئۇلۇغلارنىڭ سۆزىنى رەت قىلما، جاۋاب

بىرىدىغان يەردە قوپال سۆزلىمە، ئۇلۇغلارنى قەدىرلە، ھۆرمىتىنى ساقلا، ساڭىمۇ ئۇلۇغلۇق نېسىپ بولىدۇ، بەخت يۇقىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەي باللار، پۈتۈن خەلققە مېھرىبان بولۇڭلار، ئۇلارغا مەرھەمەت، شەپقەت نەزىرىڭلار بىلەن قاراڭلار، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەپ، بارلىق ئىشلاردا ياراتقان زاتنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىڭلار.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• ئاتا-ئانىنىڭ ئەڭ ئاددىي ھەققى شۇدۇركى، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن سەن دۇنياغا تۆرەلدىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا-ئاناڭنى ھەمىشە ھۆرمەت قىل ۋە ئۇلۇغ بىل.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

• ئاتا-ئاناڭنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلا، ئۇنى قايتۇرما، مال-دۇنيا ۋە بەختكە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ تەكەببۇرلىشىپ، قۇترىما.

— مەھمۇد قەشقەرى

• ئاتا-ئاناڭنىڭ كۆڭلىگە ھەرگىز ئازار بەرمە ۋە ئۇلارنى رەنجىتمە. سەن ئۇلارنى رەنجىتسەڭ، بۇ دۇنيادا پۈتۈن ئىنسان ساڭا نەپرەت ياغدۇرىدۇ، ئاتا-ئاناڭ سېنى كىچىكىڭدىن تارتىپ مېھرى-مۇھەببەت بىلەن پەرۋىشلەپ چوڭ قىلدى، ياخشى ئىش، ياخشى كەسپلەرنى ئۆگەتتى، مۇندىن كېيىنمۇ ياخشى ئادەم بولۇشۇڭنى تىلەيدۇ، مېنىڭ

مۇشۇنداق ئادەم بولالىشىم ئاتا ـ ئانامنىڭ سەۋەبى ۋە تەربىيە قىلىشىدىن بولغان دەپ تونىغىن. ئاتا ـ ئاناڭنى ھەرگىز پەس كۆرمە ۋە كەمسىتمە، ئۇلارنى پەس كۆرۈپ، ھۆرمەت قىلمىساڭ، سېنى ھەرگىز ياخشى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

• ئاتا ـ ئانىلارنى ئىززەتلەش، جان ـ دىل بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلماق زۆرۈرىيەتتۇر.

— موللا ئەلەم شەھيار

• ئۇستازلىرىنى ھۆرمەت قىلغان كىشى ئەزىزلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• بىلىملىك ئادەمنى ئىززەتلەپ، سۆزىنى ئاڭلا، ئۇنىڭ پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ، ئىشقا ئاشۇرغىن.

— مەھمۇد قەشقەرى

• ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەش، خىزمىتىنى جان ـ دىل بىلەن بېجىرىش كېرەك. ئۇستازلارنى ئاتا ـ ئانىلاردىنمۇ ئەلا بىلىپ، ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىش لازىم.

— موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى

• ئاتا ـ ئانا دەرەخنىڭ ئۇلىغا، پەرزەنت دەرەخنىڭ شېخىغا ئوخشايدۇ، شاخ ئۇلىنىڭ قەدرىنى بىلمىسە، شاخنىڭمۇ قىممىتى بولمايدۇ.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

• بىر كىشى بىلەن ھەمسۆھبەت بولساڭ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىل، ھەممە ئىشتا ئۇنىڭغا مۇۋاپىقلاشقىن، ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشما، باشقىلارنى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن چاغلىما.

— مەھمۇد قەشقەرى

• بىلىم بەرگەن ئۇستازىڭنى ئاتاڭدىنمۇ ئارتۇق بىل، ئۇنىڭغا ئىززەت ـ ئىكرام قىل.

— موللا ئەلەم شەھيار

• كۆركەم، چىرايلىق تونۇڭنى ئۆزۈڭ كىي، تاتلىق ئىچىشىڭنى باشقىلارغا بەر، مېھماننى ئىززەتلە، ئۇ شۆھرىتىڭنى ھەممىگە يايسۇن.

— مەھمۇد قەشقەرى

• بۇغداي تېرىغان كىشى بۇغداي، ئارپا تېرىغان كىشى ئارپا ئالغانغا ئوخشاش، كىمكى ئاتىسىغا چوڭچىلىق قىلسا، ئۆز پەرزەنتىدىن شۇنىڭغا ئوخشاش ئاقىۋەتنى كۆرىدۇ.

— موللا موسا سايرامى

• قولۇڭدىن كەلسە باشقىلارنىڭ ھەم ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغىن، سەندىن ياشقا چوڭ بولغان پېشقەدەملەرنى ھۆرمەتلە.

— مۇھەممەد سدىق يەرشدى

• چوڭنى ھۆرمەتلىسەڭ بەخت تاپىسەن.

— مەھمۇد قەشقەرى

• خارلىقنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمە، ئىززەتمۇ يولىدا

بولۇشى كېرەك.

— ئەبەيدۇللا لوتفى

• ئۇلۇغ ۋە كىچىكلەرنىڭ ھەرقايسىسىغا ئۆز مەرتىۋىسىگە لايىق ھۆرمەت بىلدۈر، قېرى كىشىلەرنى ئاتا مەرتىۋىسىدە كۆرۈپ، ئۇلارغا ھۆرمەت قىل، يېقىنلىرىڭنى ئاكا ۋە ئىنى قاتارىدا كۆرۈپ، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە، يېقىنچىلىق بىلدۈرۈپ، ئىززەت قىل، كىچىكلەرنى ئۆز پەرزەنتىڭ قاتارىدا كۆرۈپ، شەپقەت ۋە نەسىھەت قىل، ياخشى ئىشلارغا دالالەت قىل، لېكىن، يامانلارنىڭ سۆھبىتىدىن پەرھىزدە بول، ناۋادا ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىشىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، كۆزۈڭنى ۋە ئاغزىڭنى (كۆڭلۈڭنى) ئۇلاردىن ساقلا.

— موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

• ئىنسانلار بىر-بىرىنىڭ ھالىنى سوراشماق مۇۋاپىقتۇر، بۇ ئىنسانلاردا ئۇلپەت ۋە مۇھەببەتنى ئۇلغايتىدۇ.

— موللا مۇھەممەد سادىق قەشقىرى

## تەلىم-تەربىيە توغرىسىدا

• تەربىيە خەلقنى ۋە شەھەرلەرنى نەزەرىيەۋى پەزىلەتكە ئىگە قىلغۇچىدۇر، تەلىم خەلقنى بىلىم ئاساسىدا ئەخلاق-پەزىلەت ۋە سەنئەتكە ئىگە قىلغۇچىدۇر.

— ئەبۇنەسىر فارابى

• قابىلىيەتكە تەربىيە بېرىش نىجاسەتكە چۈشۈپ كەتكەن گۆھەرنى يۇغانغا ئوخشايدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئوغلۇڭنى داۋاملىق سۈرۈشتە قىلىپ تۇر، بىكار يۈرۈشكە، ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمە، بىكار يۈرگەن بالا ئۆز بېشىمچى، ئالدىراڭغۇ بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بالىغا ئاتىنىڭ ئەمگىكى سىڭگەن بولسا، ئوغلىنىڭ مىجەز-خۇلقى ئوبدان بولۇپ يېتىشىدۇ، ئانا ئوغلىغا قاتتىق قول بولسا، ئوغلى ياخشى بولىدۇ، ئاتا ئانىسىنىڭمۇ يۈزى يورۇق بولىدۇ. ئوغلى بار ئاتا ئالىم، زېرەك بولسا، ئوغلىنى دائىم قاتتىق تۇتۇشى كېرەك، ئىشنىڭ چارىسى مۇشۇ.

كىمنىڭ ئوغۇل-قىزى ئەركە بولسا، ئۇ يىغلايدۇ ۋە قايغۇ-ھەسرەتلىك بولىدۇ. ئاتا بالىنى كىچىكىدىنلا بوش

قويۇۋەتكەن بولسا، ئوغۇلدا گۇناھ يوق، ئەيىب ئاتىدا.
ئوغۇل-قىزنىڭ مىجەز-خۇلقى يامان بولسا، بۇ يامانلىق قىلغان ئوغۇلنى ياخشىلىقتىن مەھرۇم قىلغان ئاتىسى بولىدۇ. ئاتا ئوغلىغا قاتتىق قول بولۇپ، ئۇنى ئوقۇتسا، ئوغۇل-قىزى يېتىلىپ، چوڭ بولغاندا سۆيۈنىدۇ.

ئەي ئاتا بولغۇچى، ئوغلۇڭنى قاتتىق تۇت، كېيىنكىلەر سەندىن كۈلمىسۇن، ئوغۇل-قىزغا پەزىلەت، بىلىم ئۆگىتىش لازىمكى، شۇ پەزىلەت بىلەن خۇي-پەيلى گۈزەل بولسۇن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئوغۇل-قىزنىڭ بۇزۇلۇشى ياكى تۈزۈلۈشىنىڭ سەۋەبى ئاتا ۋە ئانىدۇر. ئوغلاننى چىڭ تۇتسا، بەختكە ئېرىشىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئوغۇل-قىزىڭغا بىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگەتكىن، ھەر ئىككى دۇنيا ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئوغۇل-قىزنىڭ غېمى تۈگىمەس دېڭىزدۇر، قىزىل يۈزنى ئوغۇل-قىزنىڭ غېمى سارغايتىدۇ، كىمنىڭ ئوغۇل-قىزى ۋە خوتۇنى بولسا، ئۇ كىشىنىڭ قانداقمۇ ئۇيقۇسى كەلسۇن؟! ئوغۇل-قىز تۇپەيلىدىن ئاتا زەخمەت چېكىدۇ، ئوغۇل - قىز بولسا ئاتىسىنىڭ ئىچىنىمۇ ئاتمايدۇ، ئوغۇل-قىزنى كۆرەر كۆز نۇرى دەپ بىل.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئوغۇل كىچىك ئىكەن، ئۇنىڭغا بىلىم ئۆگەت، كىچىكلىكىدە بىلىم بىلسە، قولى ئۈستۈن بولىدۇ. ئايىما، ئوغۇل-قىزغا قامچا تەگكۈز، قامچا ئوغۇل-قىزغا بىلىم ئۆگىتىدۇ، ئوغۇل-قىز كىچىكلىكىدە نېمىنى بىلسە، قېرىپ ئۆلگىچە ئۇنى ئۇنۇتمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئوغۇلغا ھەر خىل ھۈنەر-پەزىلەتلەرنى ئۆگەت، بۇ ھۈنەر-سەنئەت بىلەن ئۇ مال-دۇنيا يىغالايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قابىلىيەتلىك ئادەمنى تەربىيىلىمەسلىك — زالىملىق؛ قابىلىيەتسىز ئادەمگە تەربىيەت قىلىش بىھۇدە. ئالدىنقىسىدىن تەربىيىنى ئاياپ نابۇت قىلما، كېيىنكىسىگە تەربىيىنى زايا قىلما.

— ئەلىشىر ناۋايى

## كېڭەش، مەسلىھەت توغرىسىدا

• ئۆز پايدىسىنى تىلىگۈچى ئەقىل بىلەن كېڭەشمەيدۇ، ئەي قۇتلۇق چىراي، ئۆز پايدىسىنى كۆزلىگۈچىلەردىن كېڭەش سورىما، چۈنكى، ساڭا پايدىسى بولمايدۇ.

ئەي قېرىنداش، كېڭەشنى شۇنداق كىشى بىلەن كېڭەشكىنكى، ئۇ ئۆز پايدىسىنى كۆزلىمەيدىغان كىشى بولسۇن، ئۆز پايدىسىنى كۆزلىگۈچى ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن لايىق كۆرۈلگەن نەرسىنىمۇ نالايىق دەپ تورۇۋالىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەقلىڭدىن مەسلىھەت سورا، ئەقلىدىن باشقىسىنى كېرەكسىز ھېسابلا.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• ھەر قانداق ئىشتا مەسلىھەت ياخشى چارىدۇر، ئۆز يېقىنلىرىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىشىڭ كېرەك، مەسلىھەت بىلەن ھەر قانداق ئىش راۋاج تاپىدۇ، مەسلىھەتلەشسە كىشى ئۆز ئىشىنى ئوڭشايدۇ، مەسلىھەتلەشمىگەن كىشى ئاخىرى پۇشايمان قىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• غەرەزسىز ھالدا توغرا مەسلىھەت بەرگۈچىلەر

دۇنيادا تېگى تېپىلماس كىشىلەردۇر.

— ناۋايى

• نەسىھەت كىشىگە پايدا كەلتۈرىدۇ، نەسىھەتنى ئۇلەشتۇر، بىلگۈچىلەر ئالسۇن، ئەگەر بىرىلگەن نەسىھەتنى ئاڭلىمىسا، ئارىلاشما، ئۆز مەيلىگە قويۇۋەت، يېنىپ تۇرغان ئوتنى تۇتمىسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مەسلىھەتلەشسە كىشىنىڭ بىلىمى كېڭىيىدۇ، مەسلىھەتكە بىلىم قوشۇلسا، قول ئۇزۇن بولىدۇ، كىشى ئۆز ئىشىنى مەسلىھەت بىلەن پۈتتۈرىدۇ، نىمە ئىش قىلىشنىڭ ھەققىدە كىشىلەر بىلەن كېڭەش، كېڭەشمەيدىغان كىشىگە قېتىلما، يىراقلاش، قانداقلا ئىشنى قىلماقچى بولساڭ كېڭىشىپ، ئاندىن قىل، تىلەك-ئارزۇلىرىڭنى كېڭەش بىلەن ئەمەلگە ئاشۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كېڭەشنىڭ بۇنداق پايدىسى باردۇر: بىرىنچى، ئىشلارنى قىلىشتا ياخشى چارە-ئامال تېپىلىپ، بۇ ئارقىلىق ئىشنى ئاسان، تېز ۋە نەتىجىلىك ئىشلىگىلى بولىدۇ؛ ئىككىنچى، ئىش ئورۇنلانمىغان، ھەتتا، پايدا-مەنپەئەتنى كۆرۈلمىگەن تەقدىردىمۇ خالايىقنىڭ تاپا-تەنە قىلىشىدىن خالىي بولغىلى بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئەقىل ئۆگىتىدۇ، ياخشى-يامانىنى تونۇتىدۇ. كېڭەش-مەسلىھەتنى ئادىل، ھەققانىي، چارە-تەدبىرلىك ۋە بېشىدىن ئىسسىق-سوغۇقنى

ئۆتكۈزگەن كىشىلەر بىلەن قىلىش كېرەك.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• سۆزنى يوشۇرۇپ قىلسا، ئاخىرى خام بولىدۇ، قايسى نەرسە خام بولسا، تېگى دەرد بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە، ئۇنى پۈتۈنلەي هەل قىلالايدىغان دەرىجىدە بولساڭمۇ، ئۆزۈڭگە ئىشىنىپ كەتمىگىن، باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىشتىن نومۇس قىلمىغىن، ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كەتكەن كىشى هەمىشە پۇشايماندىن خالىي بولالمايدۇ، شۇڭا هەر قاچان ئاقىل قېرىلاردىن مەسلىھەت ئالغىن، چۈنكى، بىر كىشىنىڭ بىلگىنى هامان ئىككى كىشىنىڭ بىلگىنىگە يەتمەيدۇ، بىر كۆزنىڭ كۆرگىنىمۇ هامان ئىككى كۆزنىڭ كۆرگىنىگە يەتمەيدۇ.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشدى

## ئىشق - مۇھەببەت توغرىسىدا

• مۇھەببەت ئالدىدا شاھ بىلەن گاداھ تەڭدۇر. ئىشق - مۇھەببەت ئالدىدا شاھلىقنىڭ نىمە لەززىتى بولسۇن، گاداھلىقنىڭمۇ ئۆزگىچە ھالەتلىرى بار ئەمەسمۇ؟!

— موللا سىدىق يەركەندى

• مەھبۇب دىگەن ۋاپاسىزدۇر، ئۇنىڭدىن ئەبەدىلىك ۋەسىل كۈتكىلى بولمايدۇ.

— ئەلشىر ناۋايى

• ئىشق ئەھلى بولغان كىشىلەر بىھۇدە سۆزلەرگە قۇلاق سالمايدۇ، چۈنكى، ئاشىق دىگەن ئۆز جىنىنى مەشۇقى ئۈچۈن پىدا قىلىشى كىرەك.

— موللا سىدىق يەركەندى

• دىلىنىڭ كىمنى سۆيسە، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسى سۆيۈملۈك بولىدۇ.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• دىلىنىڭ كىمنى سۆيسە، ئۇنىڭ نۇقسانى پەزىلەتكە ئايلىنىدۇ، بارلىق نەتۇر ئىشلىرى ئۇلۇغ، كەم يىرى تولۇق كۆرۈنىدۇ.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• ئاشىقلار ھىجران ئازابىدا قىينالغىنىدا، ئۈمىدۋار بولىدۇ، مەشۇقىنى تاپقاندا بولسا، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، بەخت-سائادەتكە ئۆلىشىدۇ.

— موللا سىدىق يەركەندى

• سۆيگەنلەرنىڭ سۆيگۈسى يۈزىدىن مەلۇم بولىدۇ، ئەگەر سۆزلىسە، سۆزىنىڭ مەنىسى بەلگە بېرىدۇ، بىرسىنىڭ سۆيگەن-سۆيمىگەنلىكىنى بىلەي دېسەڭ، ساڭا تىكىلىپ باققاندا كۆزى بەلگە بېرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مۇھەببەت ئەھلى بولمىغان كۆپ كىشىلەر مۇھەببەت دەۋاسى قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۇھەببەتتىن بەكمۇ يىراق. مۇھەببەت دېگەن قورقۇنچاق ۋە ئەخمەقلەرگە نەدە تۇرۇپتۇ، سىماسى تولۇن ئايدەك مەھبۇبقا پەم-پاراستى يۇقىرى، ئۆتكۈر پىكىرلىك كىشىلەر ئاشىق بولۇپ، مۇھەببەت دەردىدە ئۆرتىنىدۇ.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• كىشى سۆيگۈگە سازاۋەر بولسا، نۇقسانى پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دەريانىڭ تېگىگە يەتمىگۈچە تەڭداشسىز گۆھەرنى قولغا ئالغىلى بولمىغىنىدەك، كىمكى، ئۆزلۈكىدىن كەچمىسە، ئۆزىنىڭ ئەسلى زاتىنى تاپالمايدۇ. ئاۋۋال ئۆزىدە مىجەزى ئىشق ھاسىل قىلىش ئۆزلۈكىدىن كېچىشنىڭ

بىرىنچى چارىسىدۇر، بۇ غەم كېچىسىگە گىرىپتار بولغان كىشىنىڭ نىسبەتەن گوياكى تاڭ قاراڭغۇلۇقى گۇركۇپ كەتكەندىن كېيىن قۇياش پارلاپ چىققىنىغا ئوخشايدۇ.

— موللا سىدىق يەركەندى

• كۆڭۈل كىمنى سۆيسە، شۇ كۆز ئالدىدا بولىدۇ، كۆز قەيەرگە تىكىلسە، شۇ يەردە ئۇنىڭ قىياپىتى ئۇچۇپ يۈرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىمنى ياخشى كۆرسە، كۆڭۈل شۇنى ئارزۇ قىلىپ، تىلى شۇنىلا سۆزلەيدۇ، نامى ئېغىزدىن چۈشمەيدۇ، سۆيۈملۈكنىڭ يۈزى كۆڭۈلنىڭ ئوزۇقىدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشى سۆيگەن ياكى سۆيمىگەنلىكىنى بىلەي دېسە، كۆڭۈلنىڭ رايىغا باقسۇن، ئاندىن چۈشىنىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىمنى سۆيسەڭ، ئۇنىڭ ئەيىبى پەزىلەت تۇيۇلىدۇ، كىمنى سۆيمىسەڭ، ئۇنىڭ پەزىلىتى قۇسۇر بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سۆيۈملۈكلەر يۈزىدە نىشان بولىدۇ، كۆزنى كۆزگە تىكسە، بىر-بىرىنى بىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشى سۆيۈملۈك يۈزگە قارىسا، سۆيگۈنىڭ

نېمىلىكىنى بىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەر كىمگە سۆيگۈدىن قۇۋۋەت يەتسە، ئۇ كىشى سۈت ئىچسە گۆھەر، قان يۇتسا ياقۇت بىلىنىدۇ.

— موللا سىدىق يەركەندى

• ئەگەر ئاشىققا كېسەل ۋە ئاجىزلىق يەتسە، ئۇنىڭ داۋاسى مەشۇقىنىڭ ئىتىنى يادلاشتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئايرىلىش سۆزى ئاشىقنى ئۆلتۈرسە، كۆرۈشۈش سۆزى ئاشىقنىڭ تېنىگە جان كىرگۈزىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• مۇھەببەت ۋاپادارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، مۇھەببەت ئەھلىگە گۈزەل ئەخلاقلىق، ئېسىل تەبىئەتلىك كىشىلەردىن باشقىسى كېرەك ئەمەس.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• كۆزنىڭ لەززىتى سۆيۈندۈرگۈچى يۈزنى كۆرۈش، جاننىڭ لەززىتى كۆڭۈل ئارزۇسىغا ئېرىشىش.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تەننى بىر كان دېسەك، مۇھەببەت ئۇنىڭدىكى ياقۇتتۇر، كىم جاپا چەكسە، بۇ كاندىن ياقۇتنى شۇ ئالالايدۇ.

— مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى

• بىر زەررە ئەقىل-ھوشۇڭ بولسا، ئىشق جامىدىن

بىر قەترە مەي ئىچ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• شەكىلدىلا ئاشىق بولغانلارنىڭ ئاشىقلىقى ئاساسسىزدۇر، يالغان مەھبۇبنىڭ ھۆسنىدىكى گۈزەللىك قان ۋە بەلغەمنىڭ تەسىرىدۇر، بۇنداق ھۆسن-جامال ئاخىرى بەربات بولىدۇ، بۇنداق مەھبۇبنىڭ ۋاپاسى ھەم مەڭگۈلۈكلىكى يوق، شۇڭا ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇش، ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلاش ئاخىردا دۇچ كېلىدىغان رەسۋاچىلىققا ئەرزىمەيدۇ.

— ئۆمەر ھۇسەيىن سەبۇرى

• يار ئۇچۇن كۆيمىسە، جاپا چەكمىسە، جان پىدا قىلمىسا، مۇنداق كىشىنى ھەقىقىي ئاشىق دېگىلى بولمايدۇ.

— موللا بىلال نازىمى

• يوشۇرۇن مۇھەببەت ئايرىلىش كۈنى ئاشكارا بولىدۇ.

— مەھمۇد قەشقەرى

• ھەر قانداق ھىجران سۆزى ئاشىقلارنى ئۆلتۈرسە، ۋىسال بىشارىتى يەنە ئۆلارنىڭ ئۆلگەن جىسمىغا جان كىرگۈزىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋائىي

• سۆيگۈگە ئېرىشكەن كىشى ئۆلۈمنى ئويلىمايدۇ.

— لوتفى

• ئىشق قايغۇغا ئايلانغاندا، ئاشىقنى ساداقەتمەن قىلىدۇ.

— سەككاكى

• ھىجران ئەجەل پەردىسىنى يۈزىگە يېپىپ، ۋىسال كۈندۈزىنى قاراڭغۇ كېچىگە ئايلاندۇرىدۇ.

— ئايازبېك قوشچى

• ئىشق يولىدا بىرەر قېتىم ئاھ ـ ھەسرەت چەكمەي تۇرۇپ، ئۆزىنى ئاشىق دېيىش بىھۇدىلىكتۇر.

— رەشدى

• رىيازەت چەكمىگۈچە، ھېچ كىشى يار ۋەسلىگە يېتەلمەيدۇ.

— نۆبىتى

• ياردىن يىراقتا تۇرساڭ، بالمۇ زەھەرگە ئايلىنىدۇ.

— مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى

• ئاشىق ئۆلۈمدىن باش تارتمايدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كىمدە ـ كىم بىجاندىل ئاشىق بولسا، مەشۇقىنىڭ ۋۇجۇدىغا جانغا ئوخشاش قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

— مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى

• كىشى يارى ئۈچۈن جاپا چەكسە، ئاخىرىدا ئۇنىڭ بەدىلىگە ۋاپانى يار قىلالايدۇ.

— موللا ئەلەم شەھيار

• چىرايىنى سېرىق، كۆزىنى قان قىلمىغۇچە، ۋىسال

باغلىرىنىڭ خوش ھىدى ئاشىق دىمىغىغا يەتمەيدۇ، كىمكى يار ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلمىسا، ئۇ دىدار دۆلىتىدىن نېسىۋىسىزدۇر.

— قەلەندەر

• ئىشقنىڭ پۇرىقى ھوش-ئەقىلنىڭ سەرمايىسىدۇر. ئىشقى يوق كىشى ھەر قانچە ئەقىللىق بولۇپ كەتسىمۇ، بەرىبىر سەۋدايى تىلەمچىگە ئوخشايدۇ.

— سابىر ئاخۇن ناقىس

• ئىشق ئەگىسىنىڭ نەزەرىدە مال-دۇنيا خۇددى بىر خەسكە ئوخشاشتۇر.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• دۇنيادا ھەر قانداق ئادەمنىڭ بىر ئاپىتى بولىدۇ، مۇھەببەت ئەھلى جېنىنىڭ ئاپىتى ھىجراندۇر.

— قەلەندەر

• بۇلبۇلنىڭ پىغانىنى ھەر بىر گۈلنىڭ ياپرىقى چۈشىنىپ كېتەلمىگەندەك، چېھرى زىبا كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئىشق سىرلىرىنى بىلىپ كېتەلمەيدۇ.

— سابىر ئاخۇن ناقىس

• ئىشق مەملىكىتى ئىچىدىكى زىندانىنىڭ بۇلۇڭى ئاشىقلار ئۈچۈن پادىشاھلىق تەختىدىنمۇ گۈزەلرەكتۇر.

— مەھزۇن

• ئالتۇن ئالتۇننى خالىسا، چىۋىن نىجاسەتنى خالىغاندەك، جاھاندا ھەر كىم ئۆز ھىممىتىگە تۇشلۇق يار

ئىزدەيدۇ.

— ئابدۇللا شېرىپ ئوغلى خەستە

• جاھاندا تىكەنسىز گۈل بولمىغىنىدەك، مۇشەققەت تارتمايدىغان ئاشىقمۇ بولمايدۇ.

— مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى

• مۇھەببەتتىن سانجىلغان تىكەن دەرتكە داۋا بولىدۇ.

— مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى

• كىمكى دەرد، بالا كۆرمىسە، ئۇنى ئاشىق دېگىلى بولمايدۇ. بۇلبۇل شۇنداق بولىدۇكى، ئۇ قەپەزگە بەنتتۇر، ئۇ دائىم ئۇچۇش ئۈچۈن تەلپۈنىدۇ، نالە-پەريادىدىن كىشىلەر ھوزۇر ئالىدۇ.

— مۇھەممەد سىدىق زەلىلى

• قورقۇنچاق بولمىسىلا، ۋەسل ئىزدىگەن كىشى جاندىن كېچىدۇ، كۈندە مىڭ بالاغا يۈزلەنسىمۇ، جاناندىن ۋاز كەچمەيدۇ.

— گۇمنام

• ھەسەل بىلەن شاراپ ھىجران بىلەن ۋىسالغا ئوخشايدۇ، ئۇنى تېتىپ كۆرمىگەن كىشى قايسى تاتلىق، قايسى ئاچچىق، بۇنى نەدىن بىلسۇن؟!

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئاشىق ئوتتىن يانماس.

— مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى

• ئىشق ئىگىسى مەڭگۈلۈك ھالاۋەتكە ئېرىشىدۇ.

— سابىرئاخۇن ناقىس

• جاپادىن قاچقان ئاشىق ئەمەس.

— موللا ئەلەم شەھيار

• مەشۇق بولغۇچى ئۆز ئاشىقىنى جان بىلەن سىنايدۇ، ئىشق يولىدا جان بېرەلىگەن كىشىلا ھەقىقىي ئاشىق ھېسابلىنىدۇ.

— مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى

• كىمكى ئاشىق بولسا، ئۇ جاھاندىنمۇ، مال-دۇنيا، ئۆي-ماكاندىنمۇ كېچىدۇ، مال-دۇنيالا ئەمەس، ھەتتا ئۆز جېنىدىنمۇ كېچەلەيدۇ.

— خىسلەت قەشقەرى

• ئۆزۈڭنى دانا ھېسابلىساڭ، بۇ ئالەمدىن مۇھەببەتسىز ئۆتۈپ كەتمە.

— سابىرئاخۇن ناقىس

• ئاشىقلىق رەۋىشى، مەشۇقلۇق ئالامىتى شۇنداق بولىدۇكى، ئۇ پەسىيىش، ئۆزگىرىپ كېتىش ئەھۋاللىرىغا دۇچ كەلمەستىن، مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

— ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

• مۇھەببەت يولىغا ئاتلانغانلارنىڭ ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولۇشى لازىم، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلار مۇناپىق دېيىلىدۇ.

— مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى

• مۇھەببەت ئەھلى يارسىز دائىم ھەسەل يېگەن بىلەنمۇ ئۇنىڭ ھەسەل دەپ يېگىنى ئاغرىق- كېسەلدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەمما، كىشى يارى بىلەن بىللە بولۇپ، دائىم زەھەر يېسىمۇ، ئىشق ئەھلى ئۇنى زەھەر ئەمەس، شېكەر دەپ بىلىدۇ.

— مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى

• راستچىللىق ئاشىقلارنىڭ ۋۇجۇدى خامىنىغا چۈشكەن بالا ئوتى ئۇچقۇنلىرىنى ئۆچۈرىدۇ ۋە ئاشىقلارنىڭ غەم-قايغۇلۇق ۋۇجۇدىنى ئالەمنى كۆيدۈرىدىغان ئىشق شولىسى بىلەن ئۇرتەيدۇ.

— ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

• ئىشق پارلاپ تۇرغان بىر يۇلتۇزكى، ئىنسانلارنىڭ كۆزىگە نۇر ۋە روشەنلىك بېغىشلايدۇ؛ ئۇ جۇلالاپ تۇرغان بىر گۆھەركى، ئادەملىك تاجىغا زىننەت ۋە قىممەت بېرىدۇ؛ ئۇ تولۇپ چىققان قۇياشتۇركى، مىسكىن دىللارنىڭ تىكەنزارلىقىنى گۈلشەنگە ئايلاندۇرىدۇ؛ ئۇ نۇر چېچىپ تۇرغان ئايدۇركى، قاراڭغۇ كۆڭۈللەر زۇلمىتىنى روشەنلەشتۈرىدۇ؛ ئۇ پايانسىز بىر دېڭىزدۇركى، ھەر بىر دولقۇنى يۇزلەپ ئەقىل-ھوش كېمىسىنى چۆكتۈرىدۇ؛ ئۇ ئوتلۇق شولادۇركى، كۆپلىگەن خەستە جان ۋە كۆڭۈللەرنى ئېرىتىپ سۇغا ئايلاندۇرىدۇ؛ ئۇ يالتىراپ چېقىلغان چاقماقتۇركى، كۆپلىگەن جان ۋە كۆڭۈللەرنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدۇ؛ ئۇ قانخور ئەجدىھادۇركى، ئالەمنى دەم

تارتماقنى نىيەت قىلىدۇ؛ ئۇ غەزەپلىك پادىشاھدۇركى، ئالەم ئەھلىنى بىر يولى ئۆلتۈرمەكنى مەقسەت قىلىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئوت ئىچىدە كۆيۈش ئاشىقلارنىڭ ئىشى، جېنىنى قۇربان قىلىشتىن مەقسەت ياخشىلارنى سۆيۈشتۇر.

— مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى

• ئىشق يولىغا كىرگۈچىلەر ئالدى بىلەن ئۆزىنى ياخشىراق بىلىشى كېرەك.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئەي كۆڭۈل، كۆپ ئاۋارە بولما، ئىشق بەربىر مەخپىي قالمايدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئاشىق ئۇچۇن ئەڭ ئېغىر كېلىدىغىنى بالا كەلتۈرگۈچى ھىجران تۈنىدۇر، ئىشق ئەھلىنىڭ ھاياتى ۋىسال پەيتىدىكى يارنىڭ ئىلتىپاتىدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• چىن ئاشىقلار ئۆز ئىشقىنى ئىزھار قىلماقچى بولسا، پەلەك قاچان بولمىسۇن، ئۇنى سۇبھىدەك ئوچۇق-ئاشكارا قىلىپ تاشلايدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئىككى ئاشىق بىر يەردە بولسا، تۇگۈنلەر يېشىلىپ كېتىدۇ.

— نۆبىتى

• ھېچ كىشى مۇشەققەت چەكمەي، يار ۋەسلىگە يېتەلمەيدۇ.

— نۆبىتى

• ئىشقتا زىياندىن باشقا نەرسە بولمىسىمۇ، مەجنۇنلار ئۇچۇن شۇنىڭ ئۆزى پايدا... ھىجران جىنىڭ بىلەن ئۆچەكەشسىمۇ، ئەمما، ۋىسال ئۈمىدى بىلەن خۇشاللان.

— ئەلىشىر ناۋايى

• گۈزەللەر پەقەت مۇھەببەت ئەھلىدىن مېھىر-شەپقەت تاپىدۇ، ياقۇتمۇ قان تۆكمەي تورۇپ ياقۇت بولالمايدۇ.

— قەلەندەر

• كىمكى مۇھەببەت دەردىگە يولۇقمىغانىكەن، بۇ دېڭىزدا مەقسەت گۆھىرىنى تاپالمايدۇ.

— قەلەندەر

• جان جانانى بىلەن بولسا، ئاندىن ئۇنى ھەمىشەجان دېگىلى بولىدۇ، ئۇنىڭسىز مىڭ يىل ياشىسىمۇ ئۆلۈككە ھېساب.

— قەلەندەر

• ھەرقانچە يامانلىق بولسىمۇ، نازۇك كىشىنىڭ قىلغان ھەرقانداق ئىشى ياخشى كۆرۈنىدۇ.

— ئەبەيدۇللا لوتفى

## قايغۇ-ئەلەم، جۇدالىق توغرىسىدا

• جۇدا بولغان كىشىلەر بىر-بىرى بىلەن كۆرۈشسە، قايغۇسى قىسقا، خۇشاللىقى ئۇزۇن بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دۇنيادا پىراق ئەلەمىدىنمۇ قاتتىق نېمە بار؟ پىراق ئەلەملىرى دېڭىزدىنمۇ چوڭقۇر. تىرىك تۇرۇپ ئايرىلسا، يەنە تېپىشىدۇ، ئىزدەپ ئاختۇرۇپ قايتا دىدار كۆرۈشىدۇ، ھەممىدىن قاتتىقراق جۇدالىق ئۆلۈمدۇر، ئۆلۈمگە ئامال يوق، ئۇنى قورال بىلەنمۇ توسۇپ بولمايدۇ، ھەر نەرسىنىڭ پىراقى يېقىن ياكى يىراق بولىدۇ، ئۆلۈمنىڭ پىراقى بولسا، ئۇزۇن پىراقتۇر، چۈنكى، ھەممىدىن قاتتىقراق جۇدالىق ئۆلۈمدۇر، ئۇنىڭدىن كۆز قارىچۇقلىرى پىراق ئىچىدە ياش تۆكىدۇ. تىرىك ئۈچۈن جۇدالىقتا ۋىسالدىن ئۈمىد بار، ئۆلگەن كىشى شۈبھىسىز، ۋىسالدىن يىراقتۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

## خاتالىق، كەمچىلىك، تەنقىد توغرىسىدا

• ئەيىبىڭنى كۆرسىتىپ بەرگەن كىشىگە خاپا بولما، چۈنكى، ئۇ سەن ئۈچۈن ئەينەك. ئەينەك بولمىسا، يۈزۈڭدىكى قارىنى كۆرەلەمسەن؟!

— ئەلىشىر ناۋايى

• شەكسىزكى، خاتالىقنى تۈزەشنىڭ چارىسى خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىشتۇر، ئەگەر خاتالىققا سەۋەب كۆرسەتسە، گۇناھنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• "تۇۋا" يامانلىق يولىنىڭ تۈگەنچىسىدۇر، ھىدايەت يولىغا مېڭىشنىڭ باشلىنىشىدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• توغرا سۆزنى كۆتۈرەلىگەن كىشى ئەقىللىق ئەردۇر، توغرا سۆزدىن باشقا سۆزنى سۆز دېمە، توغرا بىلەن ئەگرىنىڭ پەرقى ئاق بىلەن قارىنىڭ پەرقىدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• توغرا سۆز قوپال بولىدۇ، كۆڭۈلگە ئاچچىق تېگىدۇ، ھەزىم قىلسا، ئۇنىڭ پايدىسى لەززەت بېرىدۇ، قاتتىق تەگسىمۇ، قوپال سۆزگە غەزەپلەنمە، توغرا سۆز قوپالدۇر، بۇنىڭدىن رەنجىمە.

توغرا سۆز ئاچچىق بولىدۇ، ئۇنى ھەزىم قىل، پايدىسى كېيىن بولىدۇ، سېنى لەززەتلەندۇرىدۇ.

قارا، توغرا سۆز كۆڭۈلگە ئاچچىق، قوپال تېگىدۇ، قوپال سۆز توغرا بولىدۇ. قوپال بولسىمۇ توغرا سۆز قىنى؟!

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• "تـوۋا" گۇناھكارنىڭ ۋاقىت ئەيىنىكىنى گۇناھ داتلىرىدىن سۈرتۈپ تازىلايدۇ، ۋاقىت ئەيىنىكىنى نىياز (ئاجىزلىق بىلدۈرۈش) ئېكىكى بىلەن ئېكەكلەپ پارقىرىتىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئادەم بالىسىدا كەمچىلىك، خاتالىق بولىدۇ، كەمچىلىكىنى ۋە خاتاسىنى تونۇپ ئويغانغان كىشى بەختلىك كىشىدۇر، كىمكى ئېتىراپ تەرەپكە قايتسا، گۇناھىنى يۇيۇۋېتىدۇ، كىمكى بىمەنە سۆزلەر بىلەن سەۋەب كۆرسىتىپ تاكاللاشسا، گۇناھىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. مۇبالىغىسى قانچە كۆپ بولسا، خاتالىقىمۇ كۆپ بولىدۇ، كىبرى قانچە ئۇشۇق بولسا، رەسۋالىقىمۇ كۆپ بولىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• قـارشى كىشىلەرگە تولىمۇ قاتتىقلىق قىلىنسا، يېقىن كىشىلەرنى ئىشەنچسىز قىلىپ قويىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

## ئەيىب، نۇقسانلار توغرىسىدا

• ئەگەر كۆزلۈك باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرسەتسە، سەن ئۇ كۆزلۈككە: "باشقىلارنىڭمۇ كۆزى بار" دېگىن. ئەگەر ئەقىل ئىگىسى بولساڭ، باشقىلارنى ئەيىبلىمەيتتىڭ، ئەگەر ئۆزلۈكىڭدىكى ئەيىبنى كۆرەلىسەڭ، بۇ ئەيىبىڭ بىلەن جىم بولاتتىڭ.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• كىشى دىققەت قىلسا، ئۆز ئەيىبىنى كۆرەلەيدۇ، لېكىن باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرۈشكە كۆز ئاچمىسۇن.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كۆزنى ئۆز ئەيىبىڭدىن ئالما، باشقىلارنىڭ ئەيىبىگە كۆز سالما.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئەيىب-نۇقساننى تونۇغۇچىلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى كەچۈرۈش ئۇستۇن ھىممەتلىك كىشىنىڭ بەلگىسىدۇر.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• ئىنسانلار ئىچىدە ئۆز ئەيىبىنى ئۇنتۇپ،

قىرىندىكى ئۆتتۈلۈپ كەتكەن ئەيىب-نۇقسانىنى ئەسكە ساللىدىغان قەبىھ، يامان ئادەت بار. بارلىق ئەخلاق تەبىئىتىدىن رازى بولىدىغان كىم بار؟ چەكلىك ئەيىبى بولۇشىنىڭ ئۆزى پەزىلەتلىك ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەشنىڭ ئۆزى ئەيىبتۇر، كىشىنىڭ ئەيىبىنى سۆزلەپ يۈرۈش پەسلىكتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• راست بولىسىمۇ دوستۇڭغا شۇم خەۋەر يەتكۈزمە، بىراۋنىڭ ئەيىبىنى يۈزمۇيۈز دېمە، ئۇ شۇم خەۋەرنى دۈشمەن يەتكۈزسۇن، دوستۇڭ خەۋەرنىڭ ئەھۋالىنى دۈشمەندىن سورىسۇن.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئەلنىڭ يوشۇرۇن ئەيىبىنى ئاشكارا قىلىش — ئۆزىنى ئىشەنچسىز ۋە ئۆزىدەكىنى رەسۋا قىلىشتۇر، بەلكى، ئۆزىدەكىنى ھەم ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئەيىبىنى ئاشكارىلاشتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• بىلگىنكى، ئەلنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى ئېچىشتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ساڭا سۆزلەپ بېرىدىغان

كىشى سىنىڭ ئەيىبىڭنىمۇ باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• خەلقنىڭ ئەيىبىنى سۆزلىگىچە، ئۆزۈڭنىڭ ئەيىبىگە كۆز سالغىن.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئەيىبىنى ياپالمايسەن.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى



## كۆڭۈل ۋە ۋۇجۇد توغرىسىدا

• دەردلىك كۆڭۈل — نۇرلۇق چىراغ؛ ياشلىق كۆز — سۇلۇق بۇلاق.

— ئەلىشىر ناۋايى

• سېنى تۇگەشتۈرگۈچى ۋۇجۇدۇڭنىڭ لەززىتىدۇر، ۋۇجۇدۇڭنىڭ قىلمىشى ساڭا بويسۇنماسلىقتۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بۇ ۋۇجۇد جاپا سالغۇچى ۋە ياماندۇر، جاپاغا جاپا قىلىپ، ئۆزنى تۇتۇش كېرەك، ۋۇجۇدنى ياخشى كۆرۈپ، قانچىلىك ياخشىلىق قىلسا، ئۇ شۇنچىلىك يامانلىق ۋە جاپا قىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆڭۈلنىڭ دەردىگە نەسىھەت دەرمان بولىدۇ.

— موللا سىدىق يەركەندى

• مۇنۇ ئۈچ نەرسىنىڭ سېمىزى ياماندۇر، بېرى، ئىت، بېرى، قۇش، يەنە بېرى، ۋۇجۇد. بۇلارنى ئاچ قويۇش يولىنى تۇتۇش كېرەك، ئۇلار ئاندىن يولغا چۈشۈپ، بويىنىنى ئېگىدۇ، قۇش گالدىن قىسىلمىسا، دان ئىزدىمەيدۇ؛ ئىت توق، سېمىز بولسا، ئوۋ كەينىدىن قوغلىمايدۇ؛ ۋۇجۇد

تويسا، ھەممىگە قانسا، بۇغرا تۆگىدەك بولىدۇ، ھەر يانغا قاچىدۇ، ياخشىلىقنى ھەيدەيدۇ، ئۇنى قويۇپ بەرمە. قۇشۇڭ ئۇۋلىمىسا، زىيىنى ناھايىتى بىر ئۆردەك، ئىتىڭ ئۇۋنى تاشلىسا، زىيىنى ناھايىتى بىر سۆسەر، ۋۇجۇدۇڭ بۇغرا تۆگىدەك بويىنىنى ئېگىز كۆتۈرسە، سېنى ئوتقا ئىتتىرىپ، نادامەت چەكتۈرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ۋۇجۇدۇڭنىڭ تۈز بولۇشىنى خالىساڭ، ھەۋەسنىڭ بويىنىنى كەس، ھاۋايى-ھەۋەس ئۆلسە، ۋۇجۇدۇڭنىڭ ئەگرىسى تۈزلىنىدۇ، ھاۋايى-ھەۋەسكە قۇل بولماسلىققا تىرىشقىن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشىنىڭ كۆڭلى بولمىسا، كۆزنىڭ پايدىسى يوق، ئەقلى بولمىسا، كىشى كۆڭلى تەدبىرسىز قالىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ۋۇجۇدنىڭ ئېسىلى بۇغۇزدىن كىرىدۇ، روھنىڭ ئېسىلى بولغان چىن سۆز قۇلاقتىن كىرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆز ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى كۆرۈش تويسالغۇسىز بولمايدۇ، شۇنى بىلگىنكى، كۆڭۈل ئۈچۈن تويسالغۇ يوقتۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دوستنىڭ كۆڭلى سۇنسا، ئۇ ئەشەددىي دۈشمەن بولىدۇ، دۈشمەن بار يەردە مىڭ خىل ئاداۋەت ساقلىنىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كـۆڭـۈل ئارزۇ قىلغان، قاتتىق بېرىلگەن نەرسە لەززەتتۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ۋۇجـۇدۇڭـنىـڭ ئارزۇ-تىلەكلىرىنى قاندۇرما، ۋۇجۇد ئارزۇ-تىلىكىگە يەتسە، ئىگىسىنىڭ بېشىنى يەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆز كۆرگەندىن كېيىن، كۆڭۈل ئارزۇ قىلىدۇ، كۆڭۈل ئارزۇ قىلسا، ئۇنى كىم يىغالايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كـۆڭـۈل نازۇك بولىدۇ، بۇنىسى سىنالغان. ئۇ ئىسسىقتا تېز ئېرىيدۇ، سوغۇقتا توڭلايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كـىـشـىـنـىـڭ كۆڭلى قالسا، ھوزۇر كېتىدۇ، يېقىنلىق يىراقلىشىدۇ، پايدا ئۈزۈلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئـادەمـنـىـڭ كـۆڭلى نازۇك، ئۇ بىر ئەينەككە ئوخشايدۇ، بەك ئېھتىيات قىل، ئۇنى قوزغىما، سۇنۇپ كەتمىسۇن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كـۆڭـلـىـدە دەردى بـار كىشىگە كۈلكە ھارام،

دۈشمىنى شاھنىڭ يېنىدا بولغان كىشىگە ئۆيقۇ ھارام.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كۆڭۈل خالىمىغان ئىشنى قىلىش خەتەرلىك، ئۆزۈڭ قايسى ئىشنى قىلىشنى خالىساڭ، ئاۋۋال كۆڭلۈڭ بىلەن كېڭەش قىلغىن، كۆڭلۈڭ خالىمىسا، ئۆزۈڭنى يىراق تۇت.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ۋۇجۇد يەتتە ئەزا كۆڭۈلگە ئەگىشىدۇ، ئىنسان كۆڭۈل بىلەن ئېغىر يۈكنى كۆتۈرىدۇ، كۆڭۈل-تۇيغۇسىز كىشى تامامەن بىر سۈرەت-بېزەكتۇر، كۆڭۈل - تۇيغۇسىز كىشى دانا دېگەن نامنى يوقىتىدۇ، ئەي يىگىت، كۆڭۈل ۋە كۆزۈڭگە ئېھتىياتتا بول.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆڭۈل يېقىن بولسا، يىراق يەرمۇ يېقىن بولىدۇ، يېقىنلىق ۋاپاسىنى كۆرۈش ئۈچۈن كۆڭۈلگە قارا، ئەگەر يېقىنلىق بەدىلىگە ۋاپا بىلەن قارالسا، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئارىلىق بىرلا داۋاندۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ۋۇجۇدنىڭ ئارزۇسىغا بېرىلگەن كىشى ھاۋايى-ھەۋەسكە ئەسىر بولىدۇ، سەن ئەسىر بولما، بولغان بولساڭ، ئۆزۈڭنى قۇتۇلدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئېنىقكى، تولۇق باي بولاي دېسەڭ، ئەي مەرد،

شەۋكەتلىك كۆڭۈل بايلىقىنى تىلىگىن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆڭۈل ھاياجانلىنىپ، باشقىلارنى رىغبەتلەندۈرسە، سىغىنىپ تىلىگەن ئىشى پۈتمەن بولىدۇ، كىشى ئارزۇ-تىلەك بىلەن ماڭسا، ھېرىپ يولدا قالمايدۇ، تىلىكىگە يېتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىر پارچە گۆشنىلا كۆڭۈل دېگىلى بولمايدۇ. كۆڭۈل روھانىيەت گۈلىستانىدىن دوستلۇق گۈللىرىنىڭ خۇشبۇيى ھىدىنى ھىدلىغۇچى ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ئىدراك قىلغۇچىدۇر؛ ئىشق ئوتىنىڭ يالقۇنىغا يېقىلىدىغانمۇ كۆڭۈل، گۈزەللەرنىڭ ئىشقىدا كاۋاپ بولغۇچى، گۈزەللىكنىڭ خەزىنىسىنى خاراب قىلغۇچى ھەم كۆڭۈل؛ كۆڭۈلدىن چىققان ياشنىڭ دەرياسىدىن ئىشق مەملىكىتى ئاۋاتلىق تاپىدۇ، قاراڭغۇ كېچىلەر ئۇنىڭ شولىسىدىن يورۇقلۇق تاپىدۇ.

— ئەلشىر ناۋايى

• ئەقىللىق كىشى جان-تېنىگە نېسىۋە بەرمەيدۇ، جان-تېنىگە دائىم نېسىۋە بېرىۋېرىدىغان بولسا، ئۇ ئېنىق بىلىمسىز كىشى بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشىنىڭ كۆڭلى دائىم ئارزۇغا يېتىشنى تىلەيدۇ، ئۇ ئۆزىنى ئارزۇغا يېتىش ئۈمىدى بىلەن بەزلەيدۇ، ئەگەر

ئارزۇ-تىلىكىگە تولۇق ئېرىشسە، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى كۆتۈرۈلىدۇ، سۆزىمۇ تولۇق بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سۆز ئۈنچىدۇر، ئۇنىڭ دېڭىزى كۆڭۈلدۇر، كۆڭۈل پۈتۈن مەنىلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغۇچىدۇر، گۆھەر دېڭىزدىن غەۋۋاس ۋاستىسى بىلەن چىقىپ، ئۆز جىلۋىسىنى نامايىش قىلىدۇ ۋە گۆھەرشۇناسلار ئىچىدە ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، كۆڭۈلدىكى سۆز ئۈنچىلىرىمۇ نۇتۇق شەرىپىگە شۇ ئىشنىڭ ماھىرلىرى ۋاستىسى بىلەن ئېرىشىپ، ئۆز كۆركىنى تاپىدۇ ۋە ئۆز قىممىتى ھەم مەرتىۋىسىگە قاراپ يېيىلىدۇ، شۆھرەت قازىنىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كىشىنىڭ كۆڭلى گۆشتۇر، ئۇ ھىدلاپ قالىدۇ، بۇزۇلىدۇ، ئۇنى بەك ئاسراش كېرەك، ئەي ئىرادىلىك كىشى.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆز كۆرمىسە، كۆڭۈل ئارزۇ قىلمايدۇ، ئەي ئوغلان، كۆزۈڭ كۆرگەندە كۆڭلۈڭ خالايدۇ، كۆزۈڭنى باشقۇرغىن، كۆڭلۈڭ خالىمايدۇ، كۆڭۈل ئارزۇ قىلمىسا، كىشى مەپتۇن بولمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• چىرايىنىڭ كۆركەملىكىنى ئىزدىمە، قىلىقىنىڭ

ياخشىلىقىنى ئىزدە. خۇي-پەيلى ياخشى بولسا، سېنى روناق تاپقۇزىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆڭۈل بەگدۇر، ۋۇجۇد بولسا ئۇنىڭغا قول-ئەسىردۇر، ئۇ سۆزگە گايىدا ئىسسىيدۇ، گايىدا سوۋۇيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىزەكلىك ئۆيۈڭ ۋۇجۇدىڭنىڭ ئۆيىدۇر، سۈرەتتەك تېنىڭ بولسا، تازاجانىڭنىڭ ئۆيىدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قېرىندىن چىققان ۋۇجۇد قېرىنغا كىرىسەن، شېكەر بىلەن يېتىشتۈرگەن ۋۇجۇدنى يىلانغا بېرىسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆڭۈل ئارزۇ قىلسا، يىراق يېقىن بولىدۇ، كىشى تىلىكىگە ئەلۋەتتە تېز يېتىدۇ. كىشى چىن كۆڭۈلدىن ئارزۇ قىلىپ يول ماڭسا، ئۇ ئارزۇسىغا يېقىنلىشىپ، تېز يېتىدۇ، كۆڭۈل خالىمىغان ھەر قانداق يەرگە قەدەم باسسا، ئۇ قانچىلىك يېقىن بولسىمۇ يىراقلىشىدۇ، قەدەم تاشلىغان كىشى جاپا چېكىدۇ، لېكىن كۆڭۈل خالاپ ماڭسا، جاپا بىلىنمەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• لەززەت قوغلاشما، لەززەتنىڭ ئازابى قاتتىق بولىدۇ. لەززەتلىنىش بەدىلىگە يېتىدىغان ئورنۇڭ چوڭ پاتقاقلىقتۇر. ئاچچىق-چۈچۈك تائام گالىڭ لەززىتىدۇر،

گال لەززىتىنى قوغلاشقان كىشى ھايۋاندۇر. يىپەك، زەر كىيىم-كېچەكلەر كىشىلەر كىيىدىغان نەرسىلەردۇر، بەدىنىڭنى ياپالىسىلا بەس قىل، ئەي كىشىلەرنىڭ ياخشىسى.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

## تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر توغرىسىدا

• ئادەمزات تەپەككۇر قىلىپ تۇرىشىسا، ھەر قانداق ئىشنى بىلەلەيدۇ، مۇشكۇل ئىشلار ئىلىم-پەن ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ھەل بولغۇسى.

— موللا سىدىق يەركەندى

• تاللاش پەقەت ئىنسانغىلا خاستۇر، چۈنكى تاللاش ئەقلىي بىلىشكە تايىنىدىغان مۇھاكىمە ھېسابلىنىدۇ.

— ئەبۇنەسىر فارابى

• ئەستە ساقلاش كۈچى ئاجىز بولسا، سۆزىدە باغلىنىش بولمايدۇ. سۆزى چېچىلاڭغۇ بولسا، ئۆزى پۇشايمانغا قالىدۇ.

— ئەلشىر ناۋايى

• كىشىلەر ھەرقانداق ئىشقا ئاتلانسا، ئۇنىڭ يولىنى تەپەككۇر ئارقىلىق بىلەلەيدۇ.

— ئەلشىر ناۋايى

• كىچىكلەرنىڭ تەپەككۇرىمۇ كىچىكلەرچە بولىدۇ، چوڭلارنىڭ تەپەككۇر، قىياسلىرى ئۇلۇغدۇر.

— موللا سىدىق يەركەندى

• ھەر قاچان پىكىر قىلساڭ كەسكىن پىكىر قىل.

چۈنكى سۆرەلمىلىك كىشنى ئېككىلەندۈرىدۇ.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• ئىنسانلار ئۇيلاش قابىلىيىتىنىڭ كۈچى بىلەن تاشقى ۋە ئىچكى تۇيغۇلارنى تۇپلاپ، مېڭىنىڭ ھەرىكىتىنى ھاسىل قىلىدۇ.

— ئەبۇنەسىر فارابى

• ھەر قانداق ئىشقا دۇچ كەلسەڭ، ئۇنى ئوبدانراق كۆزدىن كەچۈر، ئۇ ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى ئويلا، سۆيۈنۈشلۈك بولسا، ئۇنىڭغا كۆڭلۈڭنى بەر، ئۆكۈنچلۈك بولسا، ئوبدانراق ئويلان.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• پىكىر-خىياللار گويا بىر مېھمان، كۆڭۈل ئۇنىڭ ئايۋان-سارىيىدۇر.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• بەزىدە ئىنساننىڭ پەيلى كۆپرەك خىيال سۈرۈشكە باغلىق بولىدۇ، بۇ شۇنداقكى، ئىنسان شۇ بىر نەرسىنى باشقا بىرەر نەرسىدە بار دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ.

— ئەبۇنەسىر فارابى

# دوست ـ دۈشمەن توغرىسىدا

• دوست تۇتۇش ئاسان، قوغداش قىيىن، دوست بولماق ئاسان، ياراشماق قىيىن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قېرىنداش ۋە تۇغقانلارغا يېقىنچىلىق قىل، چوڭىغىمۇ، كىچىكىگىمۇ خۇش چىراي ئېچىپ، سۆيۈملۈك بول.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سىنىغان، ئىشەنگەن كىشىڭنى مەھكەم تۇت، ئۇنىڭدىن ساڭا تۈمەنمىڭ لەززەت تېگىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• پاسىقلىق بىلەن ئۆزۈڭنى ياخشىلاردىن يىراق ئەتمە، يامانلار ئارىسىغا قوشۇلۇپ كەتمە. ئەقىل ئالدىدا سەت كۆرۈنگەن نەرسە نەپس ئالدىدا چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• دۈشمەنگە پايدا يەتكۈزسەڭ، ئۇ يېقىنلىشىدۇ، دۈشمەنلىك زېمىنى ئورنىغا پايدىسى تېگىدۇ، بۇ ئېنىق. تىرىشىپ دۈشمىنىڭنى يېقىن قىل، ياراشقىن، شۇنداق

قىلساڭ، سالامەت ياشايسەن، بېشىڭ ئامان بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• دۈشمەن بىر بولسىمۇ، زىيىنى مىڭدۇر. مىڭ دوستۇڭ بولسىمۇ، يەنە بىرى كەمدۇر. كىشى دۈشمىنىدىن پايدا كۆرمىدى، ئەگەر كۆرگەن بولسا، ئۆزىنىڭ ئەپچىللىكىدىن كۆردى.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• دۈشمەندىن ئۈمىد كۈتۈش، ئۈنىڭدىن قورقۇش ئادەت بولۇپ قالمىسۇن، شۇنداق ياشىغىنىكى، كىشى ساڭا دۈشمەن بولۇپ قالمىسۇن.

— ئەلشىر ناۋايى

• كىشىنى چۈشەنمەي، ئۆزۈڭگە دۈشمەن قىلما، دۈشمىنى بولغان كىشىلەر شادلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. دۈشمەن هەرقانچە ئاز بولسىمۇ، زىيىنى كۆپ، دۈشمەندىن پايدا كېلىدۇ، دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• دوستۇڭنىڭ كۆڭلىنى بىلىشنى خالىساڭ، سۆز بىلەن غەزىپىنى كەلتۈرگىن، قاپىقىڭنى تۈرۈپ باق، ياخشى كۆرىدىغان-كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلەي دېسەڭ، ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنى سوراپ باق، ئاندىن مەلۇم بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• ئۇچار قۇشلارمۇ ئۆز هەمراھىنى بىلىدۇ، توپىنى

بىلىدۇ. سەن — ئادەم. ئارىلىشىدىغان كىشىڭنى تاللا.
— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• دۈشمەندىن پايدا يوق، بۇنى ياخشى بىل، پايدىسى يوق ئىشقا قول تەككۈزمە.
— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• ئۆز خىزمىتىڭنى ياخشى ئۆتە، ئۆزۈڭگە دۈشمەن تېپىۋالما، دۈشمەنلىك — كىشىنى مىڭ خىل دەردكە مۇپتىلا قىلىدۇ.
— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• ئۆزۈڭگە تەگكۈشلارنى ئاداش تۇت، ئادەم ئۆز تەگكۈشلىرى بىلەنلا ھەمنەپەس بولالايدۇ.
— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• دۈشمەنىنىڭ ھىيلىسىگە پەرۋاسىز قارىما، مەدداھىنىڭ خۇشامىتىنى راست دېمە. بىرىنچىسى، سەندىن ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىزدەيدۇ؛ ئىككىنچىسى، سەندىن ئىنئام ئېلىشنى كۆزلەيدۇ؛ ئىككىلىسىگە ئېتىبار قىلمىساڭ، دۈشمەنىنىڭ قەستى بىكار بولىدۇ-دە، مەدداھىنىڭ ماختىشى تىللاشقا ئايلىنىدۇ.
— ئەلىشىر ناۋايى

• يامان بىلەن دوست بولما، ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى يىراق تۇت، يامان دوست سېنى يولدىن ئازدۇرىدۇ.
— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• سەمىمىي، سادىق كىشىلەرنى ئۆزۈڭگە يېقىن

تۇت، ئۇياتسىزلارنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇر، ئۇلاردىن ساقلان.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىمنىڭ دوست-بۇرادىرى، قولدىشى كۆپ بولسا، ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى مۇستەھكەم، تىك قىيادەك بولىدۇ، كىمنىڭ ئارقا تىرىكى بولسا، ئۇ كۈچلۈك بولىدۇ، كۈچلۈك كىشى بەختكە ئاساس سالالايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىچىك بالىنىڭ قىلغىنى ئىش بولمايدۇ، بادامنىڭ شاكىلى كېمە بولمايدۇ، دۈشمەننىڭ سۆزى بەڭگىنىڭ خىيالى.

— ئەلىشىر ناۋايى

• يېقىن قەۋم-قېرىنداشلار سەندىن ئالاقىسىنى ئۈزسە، سەن ئۇلارغا يېقىنلىق قىلغىن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قېرىنداشلىق كىشى ھەممىدىن كۈچلۈك بولىدۇ، قېرىنداشلىق كىشىنىڭ داڭقى-شۆھرىتى بۈيۈكتۇر، دوستلىرى بار كىشىنىڭ نامى، سۆزى بۈيۈكتۇر. قېرىندىشىڭ بولمىسا، يۇر، دوست تۇت، دوستۇڭ ياخشى بولسا، شۇ قېرىنداشتۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەگەر دوست دۇنيا مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بولسا، بۇنداق دوستقا قېتىلما، ئايرىلىپ كەت.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دوستنىڭ جاپاسىدىن تويۇپ كەتمە، دۈشمەننىڭ زۇلمىنى ئۇنتۇپ قالما.

— ئەلىشىر ناۋايى

• جاھىل، تەرسالار بىلەن بەك يېقىن بولما، ئەگەر جەھلى تۇتۇپ قالسا، يېقىنلىق ھۆرمىتىنى بۇزىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دۈشمەندىن بىر قېتىم ھەزەر ئەيلىگۈچى، دوستتىن مىڭ قېتىم ھەزەر ئەيلىسە بولغۇدەك، چۈنكى دوست ئۆزگەرسە، بۇ دوست زىيانكەشلىك قىلىشقا تولىمۇ ماھىر بولىدىكەن.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• كىشىنىڭ دوست، يولداشلىرى كۆپ بولسا، نامى ئەلگە يېيىلىدۇ، ئىشى يۈرۈشىدۇ. بۇ دۇنيادا ئۇ تىلىكىگە ئېرىشىدۇ، ئەلەم-قايغۇغا يولۇققاندا ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ، شادلىققا شادلىنىپ، كۆزىنى ئاچىدۇ، پەزىلەتلىرىنى يېيىپ، بارچە خەلققە سۆزلەيدۇ، نۇقسانلىرىنى كۆرسە يوشۇرىدۇ، ھەرگىز ئېغىز ئاچمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دۈشمەن ئۇخلاپ ياتقان باتۇرنى ئويغاتقۇچىدۇر، نۇقسان ۋە پەزىلەتلىرىنى ئەلگە مەلۇم قىلغۇچىدۇر، دۈشمىنى بولمىغۇچە ئەرنىڭ مەردلىكى، نامى ۋە جاسارىتى ئايان بولاتتىمۇ؟

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قايسى ئەرگە قارشى كۆپ دۈشمەن يىغىلسا، ئۇ ئەرنىڭ پەزىلىتىنى باشقىلاردىن ئارتۇق بىل، دۈشمەن بىلەن ئېلىشقان ئەرنىڭ نامى بۈيۈك بولىدۇ، دۈشمەنسىز كىشىنىڭ نامى چىقمايدۇ، يەردە ياتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سېنىڭ دۈشمىنىڭ قانچىلىك كىچىك بولسىمۇ، ئۇنى سەن چوڭ دەپ بىل، ئەي مەرد باتۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بارلىق نەرسىلەرنىڭ تەمىنى قايتا-قايتا تېتىپ كۆردۈم. لېكىن، مەن تېتىغان نەرسىلەر ئىچىدە گادايلىقتىن تەمى ئاچچىق نەرسە يوق ئىكەن. مېنى قايغۇغا تاشلىغان نەرسىلەر ئىچىدە دۈشمەننىڭ شادلىقىدىن غەيرىنى تاپالمىدىم.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• كىشىلەرنىڭ ئەسلىنى بىلمەكنى خالىساڭ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە قارىغىن، شۇ زامان مەلۇم بولىدۇ، ئۇنىڭ دىلى، تىلى ۋە ھەرىكىتى بۇ ئىشقا دەلىل بولىدۇ، قىلمىقلىرى ياخشى بولسا، دىلى ۋە تىلى توغرىدۇر، روشەنكى، بۇ ئۇنىڭ ئەسلى زاتىغا گۇۋاھچىدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دۈشمىنىڭ بار ئىكەن، تەن-جېنىڭنى قوغدا، دۈشمەنلىك كىشىلەرنىڭ قۇتۇلمىقى ئازدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دوستلۇق دۈشمەن بولۇپ قالسا، جېنىڭغا قەست قىلىدۇ ياكى تېرىپ توپلىغان مال-دۇنيالىرىڭغا قەست قىلىدۇ. چۈنكى، دوستلۇق ئىچ-تېشىڭنى بىلىدۇ، ئىچ-تېشىڭنى بىلگەن كىشى نەرسەڭنى ئالىدۇ، خالىسا مال-دۇنيالىرىڭغا قول تەگكۈزىدۇ، خالىسا جېنىڭغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ، يىلىكىڭنى شورايدۇ، ئۆزۈڭنى ئۆزلۈك قانچىلىك قوغدىساڭ، دوستلۇقنىمۇ شۇنداق قوغدا.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەرقانداق نەرسە ئۆز توپىغا قوشۇلىدۇ، سەن تۈز تۇرغىنىڭكى، ئەگرى بىلەن قوشۇلما.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دۈشمەنگە بىخۇد بولما، ئۇنىڭغا يېقىنلاشما، نېرى تۇر، دۈشمەننى سەن بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئاندىن تورغا چۈشۈر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دۈشمەننى سىناپ كۆرمەن دېمە، ئۇنى زور، ھەيۋەتلىك بىل، تاياق تۇتقان دۈشمەنگە تۆمۈر قالقان ئىشلەت.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مەيخورنى دوست تۇتما، ئۇ ۋاپا قىلمايدۇ، كۆڭلۈڭنى زىدە قىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دوستۇڭنى پايدا-زىيان ئىچىدە سىنا، مۇشۇ

ساھىدە چىلىق تۇرسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا يېپىش.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئۆز پايدىسىنىلا تىلەيدىغان دوستقا كۆڭۈل بەرمە، پايدىڭ تەگمىسە، دۈشمەن بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سەن كىشىنىڭ سىرتىنىلا كۆرمە، كىشىنىڭ ئىچىگە، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىرىغا قارا. قوغۇننىڭ سىرتقى پوستى قانچىلىك كۆركەم بولسىمۇ، پۇرىقى، شەكلى، رەڭگى چىرايلىق كۆرۈنسىمۇ، ئىچىنىڭ تەمى بولمىسا، ئۇ قوغۇن بولمايدۇ، ئۇنى سىرتقا چۆرۈپ تاشلاش كېرەك.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشىلەرنىڭ سەرخىلىنى تاللاپ دوست تۇت، دوست-بۇرادەرلىرىڭ ياۋۇز بولسا، كېيىن پۇشايمان قىلىسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دوستلارنىڭ قەدرىنى بىلىش كېرەك، ئەگەر مەرتىۋەڭ كۆككە تاقاشقان بولسىمۇ، دوستلىرىڭ بولمىسا، ئۇ مەرتىۋەڭنىڭ نېمە پايدىسى بار؟

— ئەلىشىر ناۋايى

• چىۋىنلەر ھەر قاچان يارا ۋە جاراھەتلەرگە توپلانغىنىدەك، قارا نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ھەر خىل خاۋاتىرلاردىن خالىي بولمايدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• دۈشمەن ھەرقانچە كىچىك، ئاجىز بولسىمۇ، ئۇنى مەنسىتمەسلىك توغرا ئەمەس، ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ، ئۇنى نەزەرگە ئالمىساڭ، ئۇ ئەلنى سەندىن تارتىۋالىدۇ.

— مەھمۇد قەشقەرى

• دۈشمەننىڭ ئېگىلىپ تەۋەززۇ قىلىشى ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن تەييارلىغان ئەگرى قىلىچىنى نامايان قىلىشتۇر.

— ئېمىر ھۈسەين سەبۇرى

• گەرچە سۆزلىرى يېقىملىق، جانغا راھەت بېغىشلايدىغان بولسىمۇ، ئۇ سېنىڭ كونا دۈشمىنىڭ بولىدىكەن، ئۇنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ھوشيار بول.

— ئەلىشىر ناۋايى

• دۈشمەنگە قارشى جەڭ مەيدانىدا بەدىنىڭگە ئوق تەگسە، بۇ ئوقنى دۆلەت باغچىسىدىن ئۈچۈپ كەلگەن بەخت قۇشى دەپ بىلگىن.

— ئېمىر ھۈسەين سەبۇرى

• دوستلارنىڭ خىزمىتىنى قىل، لېكىن ھەرگىزمۇ پايدا كېلەرمىكىن دېگەن تەمەدە بولما.

— ئەلىشىر ناۋايى

• يار-دوستلارنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىش ئۆز جېنىنى مېھمان قىلغانلىقتۇر.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• كىشىنىڭ دوستى ياخشى بولسا، ئۆزىمۇ ياخشى

بولىدۇ، ياخشى كىشى دوستىنىڭ شاراپىتىدىن كۆپ ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• نادان دوستنى دوستلارنىڭ ھېسابىغا كىرگۈزمە، ئەقىل چىرىغىنى ئۇنىڭ بىمەنە ئەپسانىسى شامىلىدىن ئۆچۈرمىگىن.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كىشىنىڭ قەدرىگە يەتكەن ئادەمنى كىشىلەر ئۆزىگە دوست تۇتىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• دۈشمەننىڭ تەكەببۇرلۇقى ئالدىدا دوستلۇق ئىزھار قىلما، ئېگىلمە ھەم ئۇنىڭ غورۇرىنى كۆزگە ئىلما، ھەتتا ئۇ ساڭا تەۋەززۇ قىلسىمۇ ئېتىبارغا ئالما.

— ئۆمەر ھۈسەيىن سەبۇرى

• دۈشمەنلىكى ئالدىڭدىن ئۆتكەن كىشىگە قارىتا بىخۇد بولما، چىراغنى ئۆچۈرگەن شامال ساڭا كۆرۈنمىگەندەك، ئۇ ساڭا تۇيۇقسىز زىيان سالمىسۇن.

— ئەلىشىر ناۋايى

• يات بىلەن دوست بولساڭ، جىنىڭغا جاپا يېتىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• دانا دۈشمەندىن پايدىنىڭ ئىمكانىيىتى بار، نادان دوستتىن زەرەر ئىمكانىيىتى كۆپرەك، بۇنىڭغا ئاساسەن

ئۇلارنى پەرقلەندۇرۇش كېرەك.

— ئەلىشىر ناۋايى

• دۈشمەندىن قورقما، ئۇنىڭغا دەلمۇدەل تاقابىل تۇر، ئۇنىڭ باتۇرلىرىنى يوقىتىپ، قەغەزنى پۈكلىگەندەك پۈكلەپ تاشلا.

— مەھمۇد قەشقەرى

• شىرنىڭ ئالدىدا شىر جېڭى قىلىش كېرەك، ئەگەر شىر بولالمىغان تەقدىردىمۇ چوقۇم يولۋاس بولۇش كېرەك.

— ئەلىشىر ناۋايى

• دىيانەتلىك كىشى بىلەن دوست بول، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى يىراق تۇتقان كىشى ئارزۇ-ئۈمىد ئىگىسى ئەمەس.

— مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى (گۇمنام)

• شىجائەت ۋە جاسارەت مەيدانىنىڭ چەۋەندازلىرى مىنگەن ئېتىنى چاقماقتىن كەم ھېسابلىمايدۇ، ئۇرۇش مەيدانىدا ھەرقانچە مۇشەققەتلەرگە دۇچ كەلسىمۇ، پەسەنت قىلمايدۇ، دەشت-چۆللەردە يۈرگەندە ئات ئۈستىدە يولۋاستەك مۇستەھكەم ئولتۇرۇپ، دۈشمەن سەپلىرىنى يېرىپ ئۆتىدۇ.

— ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

• جاھاندا يار كۆپ، ئەمما سىرداش تېپىلماس، كۆڭۈلدىكى سىرنى ئېيتىشقا ئەڭ يېقىن يولداش تېپىلماس.

— مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى (گۇمنام)

• كۆرگەنلا كىشى بىلەن ئۈلپەت بولۇپ،

دوستلۇق ئورنىتىشقا ھەۋەس قىلما،
دانىشمەنلەرگە يار بول، نادانلاردىن قاچ.

— موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى

• دۈشمەننىڭ ھەسەتچى بولغىنى ياخشى، بەت پېئىللى ئۆزىگە ئازاب يەتكۈزىدۇ، ئۆز پېئىلى ئۆزىگە دوست-دۈشمەن بولۇپ، قەسىدىدە جىسمى جان خاراب بولىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

# ياشلىق، قېرىلىق توغرىسىدا

• ئەسلى نەسلىم مەڭگۈلۈك داۋام قىلىدۇ دېمە، چۈنكى مەڭگۈلۈك نەسەپ ياشلار قولىغا كەلتۈرگەن نەرسىلەردۇر. بەزىدە دادا تەربىيىسىدىن مەھرۇم قالغان ئىنسانلارمۇ خوجا بولالايدىغۇ؟! . بىلىش لازىمكى، غەلىدىغەشتىلەر ياخشى بوتىدا تاۋلاش ئارقىلىق چېقىرئۆپتىلىدۇ، قىزىلگۈل چوقۇم تىكەندىن ئېچىلىدۇ، نەرگەس گۈلمۇ پىيازدىن ئۆسىدۇ. — ئابدۇقادىر ئەزىزى

• قارا، يىگىتلىك مەزگىلىدە ھەممە ياخشىلىقلاردىن ئۆز ھەسسىسىنى ئالسا، قانداق ياخشى بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ياشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى شۇكى، ئۇلارنىڭ قىلىقى قېرىلارغا ئوخشمايدۇ، قېرىلارنىڭ يامىنى شۇكى، ئۇلارنىڭ قىلىقلىرى كىچىك باللارغا ئوخشمايدۇ.

— ئەبۇنەسر فارابى

• يىگىتلىكىڭدە قېرىلىق ئۈچۈن ئىشلە، قېرىغاندا كۈچتىن قالىدۇ، كىشى ئۈنىڭغا ئۆلگۈرەلمەيدۇ، كىچىك، يەنى ئوغۇل ۋاقتىڭدىلا ئىش-ھەرىكىتىڭنى ياخشى قىل، قېرىلىق يەتكەندە بۇ ئوت ئۆچىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قارا، كىشى قېرىغاندا يىگىتلەرچە ئىش قىلىپ، بىمەنە بولسا، نېمىدېگەن يارىشمايدۇ-ھە!

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ياشلار قېرىشنى ئۈمىد قىلسا بولىدۇ، لېكىن، قېرىلار يىگىتلىككە قايتىشنى ئۈمىد قىلالمايدۇ، قېرىلىق دەرمانسىزلىقتۇر، كۆڭلىدە كۆپلىگەن ئارزۇ-ئارمانلار بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدۇ.

— موللا سدىق يەركەندى

• ھەي ياش، ئىلىم ئۆگەن، چۈنكى، نادانلىق نومۇس، نادانلىقتا ئىشەكتىن باشقا نەرسە رازى بولمايدۇ.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• گۈزەللىكنى ياشلىقتا دەلىل قىلما، بارلىق ھەل بېرىلگەن تۆمۈر كېرەكلىك ئەمەس.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• يىگىتلىكىڭنى غەنىمەت بىلىپ، ئۆزۈڭنى قېرىلىق جاپاسىدىن قۇتقاز، ئاداۋەت ھەم ھەسەتنى يۇيۇپ، ھەر قانداق قىلىپ بولسىمۇ، بىر نەچچە كۈن ئۆزۈڭنى خۇش تۇتقىن.

— ئەلىشىر ناۋايى

## ئارزۇ-تىلەك توغرىسىدا

• ئىنسانلار ھاياتلا بولىدىكەن، ئارزۇ-تىلىكى بولىدۇ، جان-تېنى ئامان بولسا، ئارزۇسىغا يېتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مەيلى پادشاھ بولسۇن، مەيلى پۇقرا بولسۇن، ئۇنىڭ ئىشىنىڭ ئالغا بېسىشى ئۇنىڭ تەلەپ-ئىستىكىگە باغلىقتۇر.

— ئەلشىر ناۋايى

• كىشى بېيىسا، ئارزۇسىغا تولۇق ئېرىشسە، ھاياتنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ، جېنى ئۇچۇپ كېتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كېرەك پەيتىدە كىشى ئۆزى ھاجەت بولغان نەرسىگە ئېرىشسە، ئۇ خەس بولسىمۇ، پىلگە تەڭ بىلىنىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەي دانا، ئىنسان تىلىكىگە ئېرىشسە ھايات ياشىيالمايدۇ، ھايات بولسا تىلىكىگە يېتەلمەيدۇ، ئازراق ياخشىلىققا يېتىشسە، ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ، سۆزىنى يېشىل كۆكتىن ئۈستۈن چاغلايدۇ، مەرتىۋە قازانسا، مەغرۇر، كۆرەك بولۇۋالىدۇ، ئۆلۈم تۇتقاندا ئويغىنىدۇ ۋە ئۆكۈنچ بىلەن ئۆلىدۇ. يەپ تويسا، قىلىقلىرى بۇغرادەك بولىدۇ،

ئەگەر قارنى ئاچسا، بىلىپ تۇرۇپ، زەھەرنى يەيدۇ، كۆلپەتتىن قاچىدۇ، راھەتكە ئەگىشىدۇ، سۆيگىنىگە يېتىدۇ، يەتكەندىن كېيىن يەنە ۋاز كېچىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قايسى ئىشقا ئارزۇ-تىلەك بىلەن ماڭسا، ئاياغ باسقاندىلا ئارزۇسى يار-يۆلەك بولىدۇ. تىلەك بىلەن ماڭسا، يىراق يەر يېقىنلىشىدۇ، ئارزۇ قىلغاننىڭ يۈزىنى كۆرگەندە، جان ئىگىسىنى تاپىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشى ئىستىگەندە تىلىگەن نەرسىسىگە ئېرىشسە، ئۇنىڭ بەدىلىگە جېنىنىمۇ پىدا قىلىدۇ. ئەي قەھرىمان، ھاجەتمەنىنىڭ ھاجىتىگە يارا!

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تىلەپ ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسىنى تىلەش، يامان، ئۆتمەيدىغان سۆزنى قىلىش قەدىرسىزلىكتۇر. ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدىغان نەرسىنى زورمۇزور ئىزدىمە، تىلەپ ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسىنى زورمۇزور تىلىمە، مېڭىپ يەتكىلى بولمايدىغان يەرگە پىيادە بارما، ئەگەر بارساڭ، ئۆزۈڭنى قىيناپ قويىسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تىلەك-ئارزۇلارغا ئىنتىلىش بەك شېرىندۇر. لېكىن، شېرىنىنىڭ ئەتە ئاچچىق سورىقىمۇ بار، شېرىنىغا تېتىقسىز، تاتلىققا ئاچچىق، كۆتۈرۈلۈشكە چۈشۈش،

ئېگىزگە چوڭقۇر بار. بۇ دۇنيا تامامەن قىزنىڭ خۇلقىغا ئوخشايدۇ، ئۇ سېنى ئالداپ قويمىسۇن، ئەي خۇش پېئىل.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ



## تىل ۋە تىل مۇئامىلىسى توغرىسىدا

• يامان تىللىق كىشى ئەلنىڭ كۆڭلىگە جاراھەت يەتكۈزىدۇ، ئۆز بېشىغا ئاپەت يەتكۈزىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئەرنىڭ ھۈنىرى سۆز، باپكارنىڭ ھۈنىرى بوز.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كىم ئاقىلنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلسا، ئىشى يۈرۈشىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىنسان ئۈچۈن پايدىلىق مىراس سۆزدۇر، مىراس سۆزگە ئەمەل قىلىشنىڭ يۈزلەرچە پايدىسى بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سۆزنى گىراماتىكا بىلەن گۈزەللەشتۈر، چۈنكى سۆز قائىدىسىدىن مەھرۇم بولغان كىشى سۆزنى بۇزىدۇ.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• سۆزلىگۈچى جىنىنى ئۇپرىتىدۇ، ئاڭلىغۇچى ھوزۇرلىنىدۇ ۋە ۋۇجۇدىنى سەمرىتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بۇ ئاغزىڭ مىسالى ئۆڭكۈرگە ئوخشاشتۇر، سۆزۈڭ

ئۇنىڭدىن چىقسا، سەھەر شامىلىدەك تېز تارايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەيىپسىز كىشىنى تىل تىغى بىلەن رەنجىتىش ساق كىشىنى جاراھەتلەندۈرۈش بىلەن ئوخشاش.

— ئەلشىر ناۋايى

• ئاڭلاش قۇلاق ئۈچۈن بىر لەززەتتۇر، كۆپ سۆزلىگەن، سۆزدە مەنپەئەت يوقتۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سۆزنى سۆزلىمىسەڭ، ئۇ ساڭا قۇل بولىدۇ، ئەگەردە سۆزلەپ قويساڭ، ئۇ سېنى قۇل قىلىدۇ. سۆزنى ھېسابىدا سۆزلە، ئالدىراپ، ھودۇقۇپ كەتمە، ئالدىراپ قىلىنغان سۆز كېيىن پۇشايمان بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تىلى ئۆز كىشى سىڭىشلىق بولىدۇ، سۆزى ئۆز كىشىنىڭ ئىشىمۇ يارامىلىق بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆپ سۆزلىگۈچى زېرىكتۈرگۈچىدۇر، سۆزنى تەكرارلاۋەرگۈچى ئەقىلسىز كىشىدۇر.

— ئەلشىر ناۋايى

• سۆزى يۇمشاق، شېكەردەك شېرىن بولسا، شېرىن سۆزگە چوڭىمۇ، كىچىكىمۇ يۇمشايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سۆز دۇنياغا تارالسا، يىغىۋالغىلى بولمايدۇ، ئۇنى

ھەممە خەلق ئاڭلايدۇ، توسۇۋالغىلى بولمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سەن ئۆزۈڭگە ئىبسەنلىك تىلىسەڭ، تىلىڭدىن يارامسىز سۆزلەرنى چىقارما.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تىل ئوقىنىڭ كۆڭۈلدىكى يارىسى ساقايماس، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە مەرھەم (داۋا) بولالماس. ھەر قانداق كۆڭۈلگە تىلدىن جاراھەت يېتىدۇ، يۇمشاق سۆز، شېرىن تىلدىن راھەت يېتىدۇ، مۇلايىم سۆز ياۋايىلارنى دوستلۇققا باشلايدۇ، سېھىرگەر يىلاننى ئەپسۇن بىلەن تۆشۈكتىن چىقىرىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ھەم ئۇزۇن، ھەم بىمەنە سۆز ئەگەر سۆرەتكە كەلسە، ئۇ خۇددى پاقىغا ئوخشايدۇ. كىشىلەرگە بەخت ۋە روھ بېغىشلايدىغان ھەم تىل؛ نەسلىك، بەختسىزلىك يولتۇزىنىڭ چىقىدىغان ئورنىمۇ ھەم تىل. تىل قابىلىيىتى ئۈستۈن كىشى ئەقىللىق كىشىدۇر، ئۆز سۆزىگە ئىگە بولالمىغان كىشى پەس كىشىدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• تىل گويا ئىشىكتە ياتقان ئارسلاندۇر، ئەي ئۆي ئىگىسى، ئېھتىيات قىل، بېشىڭنى يەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• چىن سۆزنى يالغانغا چولغىما، چىن ئېيتالايدىغان

تىلنى يالغانغا بۇلغىما.

— ئەلشىر ناۋايى

• ئىبغىزدىن چىققان ياخشى سۆز ئاقار سۇغا ئوخشايدۇ، ئۇ قايافقا ئاقسا، شۇ يەردىن گۈل-چېچەك ئېچىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئېغىزدىن بەزىدە ئوت، بەزىدە سۇ چىقىدۇ، بۇلارنىڭ بىرى تۇزەيدۇ، بىرى بۇزىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كېرەكسىز سۆزلۈك كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئوخشايدۇ، ئۇنى ئېغىزدىن ھەرگىز چىقارما، ئۆزۈڭ كۆيىسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سۆزنى بىلىپ سۆزلىسەڭ، بىلىمگە ياتىدۇ، بىلىمسىزنىڭ سۆزى ئۆزىنىڭ بېشىنى يەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تىل كىشىنىڭ قەدرىنى ئاشۇرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن كىشى بەختكە ئېرىشىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تىلىڭ بىلەن دىلىڭنى بىر تۇت؛ ھەم دىلى ھەم تىلى بىلەن ئېيتقان سۆزگە ئىشەن! سۆزنى كۆڭۈلدە پىشۇرمىغۇچە تىلغا كەلتۈرمە، يا كۆڭۈلگە كەلگەننى دەپ يۈرمە.

— ئەلشىر ناۋايى

• تىلىڭنى قاتتىق ساقلا، بېشىڭ ساقلىنىدۇ، سۆزۈڭنى قىسقارتقىن، يېشىڭ ئۇزىرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆپ سۆزلىسە، قۇرۇق گەپ ساتتى، دېيىشىدۇ، ئەگەر سۆزلىمىسە، كېكەچ ئىكەن، دەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇستىلىق بىلەن ئىش قىل، ئۇستىلىق بىلەن قىلىنغان ئىش كىشىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• راست سۆز گۈزەلدۇر، قىسقىراق بولسا تېخىمۇ گۈزەلدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• تىلنى ئاسراش كۆڭۈلگە مېھنەتتۇر، سۆزنى سىيپاش باشقا ئاپەتتۇر. سۆزلەيدىغان يەردە ئۇنتۇما، سۆزلىمەيدىغان يەردە ئۆزۈڭنى سۆزمەن تۇتما.

— ئەلىشىر ناۋايى

• قىزىل تىل — قارا باشنىڭ دۈشمىنى، بۇ يامان دۈشمەننى باغلا، ھوزۇر ئىچىدە ياشا.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سۆزۈڭگە ئېھتىيات قىل، بېشىڭ كەتمىسۇن، تىلىڭنى كۆزەتكىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىنسان سۆزىنى تىلى بىلەن سۆزلەيدۇ، سۆزى ياخشى بولسا، يۈزى يورۇق بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئۆلۈكتىن تىرىككە مىراس قالىدىغان نەرسە سۆزدۇر، مىراس قالغان سۆزنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭ پايدىسى كۆپ بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆپ سۆزلىمە، ئاز سۆزلە، زۆرۈر بولغاندا تۈمەن سۆزنىڭ تۈگۈنىنى بىرلا سۆز بىلەن يەش.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تىلىنى ئىختىيارىڭدا ئاسرىغىن، سۆزۈڭنى ئېھتىيات بىلەن دېگىن، پەيتى كەلگەندە دەيدىغان سۆزنى دەۋال! ئاسرىما، دېمەيدىغان سۆزنىڭ يېنىغا يولىما.

— ئەلشىر ناۋايى

• كۆپ سۆزلەپ نادان بولۇپ قالمىغىن، كۆپ يەپ ھايۋان بولۇپ قالمىغىن.

— ئەلشىر ناۋايى

• كىمكى ئاقىلنىڭ سۆزىنى ئېسىدە تۇتسا، ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىھۇدە سۆز بىلىمسىزنىڭ تىلىدىن چىقىدۇ، دانالار بىلىمسىز كىشىنى ھايۋان ئاتايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سۆز ئورۇنسىز سۆزلەنسە، كۆپ زىيان كەلتۈرىدۇ، ئەگەر سۆزنى جايىدا سۆزلەشنى بىلسە، پايدىسى كۆپ

بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سۆزلىمىگەن ئادەمنى كىشىلەر "كېكەچ" دېيىشىدۇ، كۆپ سۆزلىسە نامى ۋاللاقتەگكۇرنىڭ بېشى بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ قەدىرسىزى ۋاللاقتەگكۇرلاردۇر، كىشىلەرنىڭ قەدىرلىكى سىپخى كىشىدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سۆلەنمىگەن سۆز ساپ ئالتۇنغا ئوخشايدۇ. ئۇنى ئېغىزدىن چىقارساڭ، مىسقا ئايلىنىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىمسىزنىڭ تىلى دائىم باغلاقتا بولۇشى لازىم، بىلىملىك كىشى تىلىغا ھاكىم بولۇشى كېرەك.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئۆزۈڭنىڭ ھەم سۆزۈڭنىڭ ئۇزاق ئىناۋىتىنى خالىساڭ، قولۇڭنى، تىلىڭنى قىسقا تۇت، ھەر ئىشقا ئارىلاشما، ئۆزۈڭ ئامان بولىسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قارا باشنىڭ يېغىسى قىزىل تىلدۇر، ئۇ نەچچىلىگەن باشلارنى يېگەن، يەنىمۇ يەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بېشىڭنىڭ ئامانلىقىنى تىلىسەڭ، تىلىڭغا ئېھتىيات قىل، تىلىڭ ھەر كۈنى بېشىڭغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قىزىل تىل ئۆمرۈڭنى قىسقارتىدۇ، ئىسەنلىك تىلىسەڭ، ئۇنى قاتتىق باغلا.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سېنى "سىز" دېسە، سەنمۇ ئۇنى "سىز" دېگىن، جاۋاب بەرگەندە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق سۆزلە. تاغ چوققىسىنىڭ ئەكس سادادىسىدىن قېلىشمىغىن، سېنى "سەن" دېسە، ئۇنى "سەن" دېگىن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سۆزلەيدىغان ئورۇننى تاپساڭ، چوقۇم كەڭتاشا سۆزلە، ئەگەر سۆزلەيدىغان ياخشى سۆزنى تاپساڭ، ئايىماي سۆزلە، چۈنكى، كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىلىم ۋە قابىلىيىتىگە يارىشا ئۇ سۆزلەردىن توغرا چۈشەنچە ئالىدۇ.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• تىلىڭدىن ھەر ۋاقىت خەلق سەندىن خۇشال بولىدىغان چىرايلىق سۆزلەرنى چىقارغىن.

— مەھمۇد قەشقەرى

• ئىنسان سۆزى بىلەن سۆكۈپ، تىلى بىلەن ئازار بەرسە، بۇ سۆڭەككە ئاغرىق، كۆڭۈلگە ئوت بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئورۇلغان قامچىنىڭ يارىسى ساقىيىدۇ، تېزلا پۈتۈپ كېتىدۇ، تىل بىلەن سۆكسە، ئاغرىقى يىللار بويى قالىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىپھتىيات بىلەن سۆزلە، قايغۇ كۆرمەيسەن، كۆڭلىرىڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزمە، پۇشايمان قىلمايسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كەم سۆز كىشىنى ئەل ئۆز كۆرىدۇ، شۇنى بىلگىنكى، تۇزى كۆپ بولۇپ كەتكەن ئاش تەمنى يوقىتىدۇ.

— مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى

• سۆزنى كۆپ ئاڭلىغۇلۇق، بىرە-بىرە سۆزلىگۈلۈك، بىلىملىك دانا مانا شۇنداق دېگەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سۆزنى دانادىن ئاڭلاپ، كېيىن بىلىمسىزگە ئېيتىش كېرەك. كېرەك سۆزنى ئۇلۇغلاردىن ئاڭلاش لازىم، ئاندىن كىچىكلەرگە ئېيتىش كېرەككى، ئۇلار ئۆزىنى تۈزىتىۋالسۇن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەلگە نەسىھەت قىلىشتىن بۇرۇن، ئۆز نەسىھىتىڭدە ئېيتىلغانلارغا ئۆزۈڭ شەكسىز ئەمەل قىل، سۆزلىگەندە ئۆز خۇدۇڭنى بىلىپ سۆزلە، ياخشى-يامانىنى پەرق ئېيتىدىغان بول، دەلىل-ئىسپاتى يوق سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلان.

— موللا ئەلەم شەھيار

• بىلىملىكنىڭ سۆزنى ئاڭلا، بويۇن تولغىما، سورىماستىن بۇرۇن سۆزۈڭنى سۆزلىمە، سورىماستىن ئاۋۋال

سۆز سۆزلىگەننى ھايۋان دېسە، توغرا ئېيتقان بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بېشىڭنى دېسەڭ، بەگلەر سۆزىنى سۆزلىمە ۋە ئەلگە گۇناھكار بولۇپ، ئۆز بېشىڭنى يېمە.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دانالار سۆزىنى ئېتىبارسىز قالدۇرماسلىق كېرەك.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆڭۈل خەزىنىسىدە گۆھەر بارلىقى ياكى ئۆششاق سەدەپ بارلىقى سۆزدىن بىلىنىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئېيتىدىغان سۆزنى ئېيت، ئېيتماس سۆزدىن قايت. ئاقىل چىن سۆزدىن باشقىسىنى دېمەس، ئەمما، راست دەپ ھەممىنى دەۋېرىش ئاقىلنىڭ ئىشى ئەمەس.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كۆپ سۆزلىمە، سەۋرچان بول، تىلىڭنى بايقا. كۆپ سۆزلەنگەن سۆزنىڭ ئىناۋىتى ئاز بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھەممە سۆزنى سۆز دەپ تىلىڭدىن چىقارما، كېرەكلىكنى بىلىپ، ئويلىنىپ، ئېھتىيات بىلەن سۆزلە.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ياخشى سۆز بىلەن مەست ۋە بىھوش بولغاندا زەھەرنى شەربەت دەپ ئىچىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• پايدىسىز سۆزنى تولا دېمە، پايدىلىق سۆزنى تولا ئاڭلاشتىن قايتما. ئاز دېگەن ئاز يېڭىلۇر، ئاز يېگەن ئاز يىقىلۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كۆپ سۆز دېگەن شۇكى، سورىمىغاننى سۆزلەپ، كۆڭۈلگە تېگىش. ئاز سۆز — سورالغانغا بېرىلگەن جاۋاب، سۆزگە يارىشا قايتۇرۇلغان سۆزدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئاچچىق سۆز ئاشنىلىق رىشتىسىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ، يۇمشاق تەكەللۇپ سۆز كىشىنى ئاداۋەت پەللىسىدىن دوستلۇق رۇتبەسىگە يەتكۈزىدۇ.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• سۆزنىڭ ئورنى سىردۇر. سۆز سانى ئون بولسا، سۆزلىنىدىغىنى بىر بولۇشى كېرەك.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سۆزنى ئوبدان ئويلىنىپ ياخشى سۆزلىگىن، سورىغاندىلا سۆزلە ۋە تېزلا توگەت. سۆزنى كۆپ ئاڭلا، لېكىن نورغۇن سۆزلىمە، بىلىم بىلەن سۆز تۈزۈپ، پاراسەت بىلەن سۆزلە.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆڭۈلگە خاپىلىق كەلتۈرىدىغان قوپال راست سۆزدىن مۇلايىمەت ئارىلاشقان يالغان سۆز ياخشى.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئەگەر كىشى شىرىن سۆزلۈك بولۇپ، گەپنى پاساھەتلىك قىلسا، گەرچە ھۆسن-جامالسىز بولسىمۇ، باشقىلارنى ئۆزىگە قارىتالايدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كەم سۆخەنلىككە بىر قېتىم پۇشايمان قىلسام، كۆپ سۆزلىگەنگە مىڭ قېتىم پۇشايمان قىلدىم.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• ۋۇجۇدى بارلىكى كىشى ئۈچۈن كېرەك نەرسە، بىرى، تىل بىلەن سۆز، يەنە بىرى، كۆڭۈل. كۆڭۈل ۋە تىلنى توغرا سۆز ئۈچۈن ياراتقان. سۆزى ئەگرى بولغانلار ئوتتا كۆيۈشكە مەجبۇرلىنىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆپ دېگۈچى ھەم كۆپ يېگۈچى دوزاخنىڭ تۆرىگە ئالدىراپ كەتكۈچىلەردۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• خۇش چىراي، شىرىن سۆز بىلەن ئىنسان قەلبى ئىسسىيدۇ، ھەرقانداق كىشىنىڭ قەلبى ئىسسىتقۇچىغا ئەسىر بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سۆز شىددەتلىك بورانغا ئوخشايدۇ، كۆڭۈلنى ئاغرىتىدۇ، كىشىنىڭ كۆڭلى ئاغرىسا، ساڭا دۈشمەنلىك قىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىمنىڭ خەلق ئىچىدە گېپى ئاقىدىكەن، ئۇنىڭ تىلى، سۆزى شېرىن، ئۆزى مۇلايىم بولۇشى لازىم.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تىل بىلەن سۆزلەنمىسە، بىلىم شۇ پېتى قېلىۋېرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشىلەرگە ھەرگىز قوپاللىق قىلما، قوپال سۆز ئۆزۈن يىل دىلنى رەنجىتىدۇ، سېنى كىم سۆكسە، سەن ئۇنى ماختا. شۇنداق قىلساڭ ئۇ ئوسال بولىدۇ، سەن ئېسىل سانىلىسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سۆزنىڭ مەنىسىدە ئىشق ئوتىنىڭ بىر بەلگىسى بولمىسا، ئۇ سۆز قۇرۇلمىسى، جېنى يوق، ھەرىكەتسىز بەدەنگە ئوخشاشتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئىنسان گوياكى بىر كاندۇر، بۇ كاننىڭ گۆھىرى سۆزدۇر. ئادەم بىر باغدۇر، بۇ باغنىڭ مېۋىسى سۆزدۇر.

— ئۆمەر ھۈسەيىن سەبۇرى

• يامان سۆزلۈك كىشى ئەل كۆڭلىگە جاراھەت، ئۆز بېشىغا ئاپەت يەتكۈزىدۇ... ياخشى سۆزلۈك كىشى سۆزنى يېقىملىق ۋە گۈزەل قىلغانلىقتىن، كۆڭۈلگە يۈزلەپ غەم كېلىدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزى بىلەن يانىدۇ، سۆزدىن ھەر ياخشىلىق كېلىش ئىمكانىيىتى بار. بۇنىڭدىن

بىلىنىدۇكى، نەپەسىنىڭ جېنى بار.

— ئەلىشىر ناۋايى

• سۆزلەش لازىم تېپىلسا، ئىنچىكە تەپەككۇر قىل، ئۇنىڭ ئالدى-ئارقىسىنى ئويلا، كۆڭلۈڭگە كەلدى دەپ كۆرۈنگەن سۆزنى دەۋەرمە، تىلىڭ گويا ياغ بولۇپ، ئۇنىڭدىن قايماقلار ئاقسۇن، دىلىڭدىن يۇمشاق ھەسەللەر تامسۇن، تىل ئارقىلىق باشقىلارغا تىكەن سانجىما.

— موللا مۇسا سايرامى

• ئاغزىڭغا كەلگەننى سۆزلەۋەرمە، تىلىڭنى يىغ، ئېغىز بوشلۇقى ئاخىر بېشىڭغا چىقىدۇ.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• ھەممە ھۈنەرلەرنىڭ ياخشىراقى ھەم بىرىنچىسى ياخشى سۆزلەشنى ئۆگىنىشتۇر.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

• پايدىلىق، مەنپەئەتلىك ئىشلارغا جىددىي تۇتۇش قىل، دەلىل-ئىسپاتى يوق سۆزنى قىلمىغىن.

— موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى

• ھەرقانداق سۆزدە ئېھتىيات بولۇشى، كىشى ئۆز سۆزنى راستچىللىق گۆھەرلىرى بىلەن تولدۇرۇپ سۆزلىشى لازىم.

— ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

• بىلىملىكلەر كېرەكلىك سۆزنى قىلىدۇ، كېرەكسىز سۆزلەرنى كۆمۈپ تاشلايدۇ، بىلىمسىزلەر نېمە

دېسە ئۇقماستىن سۆزلەۋېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆز تىلى ئۆز بېشىنى يەيدۇ.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• كۆپ سۆزلىگەنلەردىن پۇشايمان قىلغانلار كۆپ، تىلنى ساقلىغانلاردىن پۇشايمان قىلغانلار قېنى؟

— ئەھمەد يۈكنەكى

• كىشىگە ھەر نېمە كەلسە، تىلىدىن كېلىدۇ، كىم ياخشى، كىم يامان، تىلىدىن مەلۇم بولىدۇ.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• تىلىڭنى ياخشى سۆزلەرنى سۆزلەشكە ئادەتلەندۈرگىن، تىلىڭ قايسى سۆزنى سۆزلەشكە ئادەتلەنسە، ھەمىشە شۇ سۆزنى ئېيتىدۇ.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

• كۆڭۈلدىكى تىل جاراھىتى ساقايمايدۇ، ئۇنىڭغا ھېچنېمە ئەلك كېلەلمەيدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• راست گەپ ئېغىز ۋە تىلنىڭ بېزىكىدۇر، راست گەپ قىلىپ تىلىڭنى بېزە.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• كۆڭۈل خەزىنىسىنىڭ قۇلۇبى تىل ۋە ئۇ خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى سۆز، بىل!

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئىككى نەرسە بىر ئادەمدە جەم بولسا، ئۇ كىشىگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ يولى ئېتىلىدۇ، بىرى، كېرەكسىز

سۆزلەرنى بىلجىرلىسا، يەنە بىرى، يالغان سۆزلىسە.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• ئەقىللىق ئادەم بىمەنە، پايدىسىز سۆزلەرنى قىلىشتىن ئۆزىنى پاك ساقلايدۇ.

— ئۆمەر ھۇسەيىن سەبۇرى

• تىلىڭنى ئىختىيارىڭدا ئاسرىغىن ۋە سۆزۈڭنى ئېھتىيات بىلەن سۆزلىگىن. تىلىڭ بىلەن دىلىڭنى بىر تۇت، دىلىڭ ۋە تىلىڭ ئېيتقان سۆزگە ئىشەن، ئەمەل قىل.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ھەرگىزمۇ باشقىلار سەندىن سورىمىغان سۆزنى ئېيتمىغايسەن، ئېھتىياتسىزلىق بىلەن سۆز قىلماقتىن پەرھىز قىل، سەندىن باشقىلار سۆز سورىسا، راست سۆزلىگىن، خالىمىغان كىشىگە نەسىھەت قىلمىغىن، كىشىگە خالايىق ئالدىدا نەسىھەت قىلىشتىن ساقلان، ئاشكارا قىلىنغان نەسىھەت خۇددى تاشقا مۇشت ئاتقاندەك بولىدۇ.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

• ياخشى سۆز ئىلىم ۋە ھۈنەرنىڭ زىيادىلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

• سۆز كۆپ سۆزلىنىۋاتقان ئورۇندا، سەن سۆزلىمەي خامۇشلۇقنى ئىختىيار قىلغىن، پايدىسى يوق سۆز ھەممە ۋاقىت زىيانلىقتۇر، ھەرقانداق سۆزدە ئىلىم ۋە ھۈنەرنىڭ

ئەسىرى بولمىسا، ئۇنداق سۆزنى سۆزلىمىگەن ياخشىراقتۇر.

— مۇھەممەد سدىق بەرشدى

• سۆز بىر مەرۋايىتتۇر، ئۇنىڭ دەرياسى كۆڭۈلدۇر، كۆڭۈل بىر روشەن ئېكران. ئۇ پۈتۈن مەنىلەرنى توپلىغۇچىدۇر. گۆھەر غەۋۋاسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن دەريادىن جىلۋە نامايىش قىلىپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ قىممىتى جەۋھىرىگە كۆرە زاھىر بولىدۇ، شۇنداقلا كۆڭۈلدىكى سۆز گۆھەرلىرىمۇ نۇتۇق ماھارىتىدە ئىختىساس ئىگىسى شەرىپىگە نائىل بولغانلار ۋاستىسى بىلەن زىنىنەتلىنىپ چىقىدۇ. سۆزنىڭ قىممىتى ۋە مەرتىۋىسى سۆز ئىگىسىگە قاراپ بىلىنىدۇ ۋە شۆھرەت تاپىدۇ. . . ياخشى سۆز بولسا، ئۇنىڭ شاراپىتىدىن ئۆلۈك تەنگە پاك جان كىرىدۇ، يامان سۆز بولسا، ئۇنىڭ كاساپىتىدىن تىرىك تەنگە ھالاكەت زەھىرى كىرىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• تىلنى باشقۇرالىغان ئادەم — دانىشمەن، ئاقىل؛ سۆزگە ئەرك بەرگەن ئادەم — ئېتىبارسىز ۋە قەدىرسىزدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• سۆزلەشكە ئامراق، يېمەككە قۇل بولغان ئادەم بىلىم شاراپىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• زالىم، بىدەرد، بىغەم كىشىلەر سۆھبىتىدە سۆز قىلماقنى تەرك قىل، چىقىمچى ۋە نامەرد ئادەملەرنىڭ

سىلىق، ياغلىما گېپىگە ئالدانما.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئاز گەپ قىلماق — ھېكمەتكە سەۋەب، ئاز يېمەك — ساقلىققا سەۋەب.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كىمنىڭ مېڭىسىدە ئىللەت بولسا، ئۇنىڭ سۆزىدە باغلىنىش يوق، مېڭە ساغلام بولسا، گەپ-سۆزمۇ يېقىملىق ۋە خاتاسىز بولىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• دۇنيا ئىشلىرىدىن ئەپسۇس چەكمەي دېسەڭ، تىلىڭغا ئېھتىيات قىل، ئۇنى ئاسرا.

— ئەلىشىر ناۋايى



# يېزىق ۋە يېزىق سەنئىتى توغرىسىدا

• ياخشى يېزىلغان خەت، جايىغا قويۇلغان چېكىتلەر گۈزەلنىڭ يۈزىدىكى خالدەك، كىتاب بەتلىرىگە گۈزەللىك بېرىدۇ.

— ئەلشىر ناۋايى

• خۇش خەت كاتىپ سۆزىگە زىننەت، ئوقۇغۇچىغا راھەت بېغىشلايدۇ، ئەگەر سەت بولسا، خەتتىكى مەنالار ئوقۇغۇچىنى مۇجىمەللىككە سېلىپ قويىدۇ، ئەگەر خېتى چىرايلىق بولۇپ، خاتالىرى كۆپ بولسا، ئۇنداق خەت يازغۇچىنىڭ قولى پالەچ كېسىلىگە جۈپ بولغاي.

— ئەلشىر ناۋايى

• يېزىق زېرەكلىكنىڭ نىشانىدۇر، يېزىق بىلگەن كىشى بەك زېرەك بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• يېزىق ناھايىتى كېرەكلىك بىر نەرسىدۇر، بەگلەر ئەل ئىشىنى يېزىق بىلەن بېجىرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشىلەر ئارىسىدا يېزىق بولمىغان بولسا، ئېغىزدا

سۆزلىگەنگە كىممۇ ئىشىنەتتى.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشىلەر ئەلدىن ئەلگە سۆز، خەۋەر ئەۋەتىدۇ، يېزىق بولمىسا، سۆزنى قانداق ئۇقتۇراتتى؟

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆپلىگەن ياخشى سۆزلەر پۈتۈكتە يېزىلىدۇ. پۈتۈلگەنلىكى ئۈچۈن سۆزلەرنى كىشىلەر ئۇنتۇمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• پۈتۈكچىلەر پۈتۈك يازمىغان بولسا ئىدى، بۇ ھېكمەت، بىلىملەرنى قانداق بىلگەن بولاتتىڭ؟!

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئالىم ۋە دانالار پۈتۈك يېزىپ قويمىغان بولسا ئىدى، بىزگە ئۆتكەن ئىشلارنى كىممۇ ئېيتىپ بېرەلەيتتى؟!

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• خېتىمۇ ناچار، خاتالىرىمۇ جىق مۇنداق خەتنى يازغۇچى خۇددى ساقىلىنى بويىۋالغان بوۋايغا ئوخشاش مەسخىرىگە لايىق، مۇنداق ساقالنى قىرقىپ، ھاجەتخانىغا تاشلىغىنى ياخشى.

— ئەلشىر ناۋايى

• قانچە دۇنيا يىغقىنىڭ بىلەن ئاخىرى تۈگەپ يوقايدۇ، سۆز پۈتسەڭ، ئۇ قالىدۇ، ئالەم كېزىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• پۈتۈكچى ئاچكۆز بولسا بىلىمنى بۇزىدۇ، تەمە بىلەن كىتاب يېزىپ، پۈتۈكنى بۇزىدۇ.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• پۈتۈكچى مەي ئىچسە، بىلىمدىن ئازىدۇ، بىلىمدىن تېزىپ كەتسە، خەتتىن ئازىدۇ.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• ئەل ئىشىنىڭ ھەممىسىنى تۈزىگەن پۈتۈكتۇر. زېرەك كىشىلەر ئەل دارامىتىنى يېزىق بىلەن ئىگىلەپ تۇرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• ئىنسان بىلگەنلىرىنى يېزىق بىلەن پۈتىدۇ، پۈتۈپ قويسا، نېمە قىلغانلىقىنى بىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• ئىنسان بالىسى يېزىق بىلمىگەن بولسا، يىل، ئاي، كۈن سانىنى قانداق بىلگەن بولاتتى؟

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• يېزىلمىغان ئىشنى كۆڭۈلدە چىڭ ساقلىغىلى بولمايدۇ، كۆڭۈلگە ئىشەنمە، ئەي ئوغۇل، يېزىپ قوي.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• دانالار كىتاب پۈتۈپ قويمىغان بولسا، ھېسابلاشنىڭ قانداقمۇ ئامال-چارىسى بولاتتى؟

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• ھېسابنىڭ ساقلىقى، ھەقىقەتەن يېزىق بىلەندۇر.

پۈتۈپ قويسا، ھېسابىنىڭ ئىشىكى، يولى ئېچىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قىلىچ ئەل تۇتىدۇ ھەم خەلقنى قولغا كەلتۈرىدۇ، قەلەم ئەل تۈزەيدۇ ھەم خەزىنە توپلايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەگەر ئەل ئېلىنسا، قىلىچ بىلەن ئېلىنىدۇ، ئەگەر ئەل ئىدارە قىلىنسا، قەلەم بىلەن ئىدارە قىلىنىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ



## تۇرمۇش ۋە تۇرمۇش تەجرىبە-
## ساۋاقلىرى توغرىسىدا

• خۇدا بەرگەن مالنى كۆيدۈرۈۋەتكەننى دىۋانە دەيدۇ، كۈندۈزدە شام ياققاننى ئەقلىدىن بىگانە دەيدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كىرىمىڭگە يارىشا چىقىم قىل، چىقىم بولسا، دەرھال كىرىمگە نەزەر سال.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىلىم-بىرىمگە ئەپچىل، ياخشى بول، ھەر قانداق ۋاقىتتا ئىلىم-بېرىم قىلساڭ، يولۇڭ ئوچۇق بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەي مەرد، باتۇر، بەزىدە قولۇڭ قىسقىلىق قىلسا، كىشىگە ھاجەتمەن بولما؛ سېنى ياخشى كۆرگۈچىلەر ئاڭلايدۇ-يۇ، ياردەم قىلالمايدۇ، سېنى ياخشى كۆرمەيدىغانلار تىنماي كۈلىدۇ، يولداش، دوست، قېرىنداشلار ئالدىدا ئېتىبارىڭ قالمايدۇ، بۇنىڭ ئەلىمىدىن كۆڭلۈڭ زېدە بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• شېرىك ئىشلارغا ئارىلاشما، مىلىڭنى قوشما،

پۇشايماندىن قىزىل مەڭزىڭ سارغىيىدۇ.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• چوڭ يولغا يېقىن يەرگە ئۆي-جاي سالما، زىيىنى تېگىدۇ، بۇنى ياخشى ھېسابقا ئال. بەگكە ۋە تاشقىن دەرياغا قوشنا بولما، ساراي قورغىنىغا يېقىن تۇرما، ئەي كۆڭلى تۇز، بۇ ئۈچ قوشنىچىلىقتىن ساڭا پايدا تەگمەيدۇ، ئۇنىڭ زىيىنى تەگسە، ئامال بولمايدۇ.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• ئۆزۈڭگە قانچە يېقىن، ياخشى كىشى بولمىسۇن، ئويلانغىن، ئۇ ئۆزەڭدىنمۇ سادىق بولالامدۇ؟

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• ئۆزۈڭگە سادىق كىشى ئىزدىسەڭ، ئۆزۈڭدىن سادىقراق كىشى يوق، سۆز تامام.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• مۇنۇ ئۈچ نەرسىگە يېقىن، قوشنا بولما، كۆيەر ئوت، ئاقار سۇ، بەگلەر شۆھرىتى. سىنچىلاپ قارىساڭ، بەگلەر جەسۇر ئارسلانغا ئوخشايدۇ، ماختاپ يېقىنلاشساڭ، يۇمشاق ئىپەكتەك بولىدۇ، ئەگەر قوپاللىق بىلەن يېقىنلاشساڭ غەزەپلىنىپ باش كېسىدۇ، تومۇرۇڭنى كېسىپ، قېنىڭنى سۈمۈرۈپ ئىچىدۇ.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

• ھەممىگە ئىشەنگىن، لېكىن ئۆزۈڭنى كۆزەتكىن،

ئۆز كۆزۈڭلا ئۆزۈڭگە سادىق بولالايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىسراپچىلىق ساخاۋەت ئەمەس، بۇزۇۋېتىشنى مەنە ئەھلى سېخىلىق دېمەس.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئائىلە باشلىقى بولۇش — قوتۇلماس بالاغا تۇتۇلۇش، داۋاسىز جاپاغا يولۇقۇش، ئىلاجىسىز مۇشەققەتتە خار-زار بولۇشتۇر، بۇ ئىش باشتىن - ئاياغ ئەلەم ۋە ئازاردۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• تىلىڭغا ھېزى بول، كۆزۈڭگە ئېھتىيات قىل، كۆڭلىڭنى پاك ساقلا، ئاز ۋە ھالال يېگىن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• غەيۋەتخور كىشىنى ئۆيۈڭگە يولاتما، كۆرۈپ بىلگەنلىرىنى پۈتۈن ئەلگە يايىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆپكە قېتىلساڭ، سۆزۈڭگە مەھكەم بول، باشقىلارنىڭ ئۆيىدە كۆزۈڭگە ئېھتىيات قىل.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• خەلق ئىتائەتسىز بولسا، ئۇنى بايقاپ، يىراق تۇر، ئاۋامنىڭ توپىلىڭدىن قېچىپ، ئۇنىڭغا قوشۇلما.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سەن بەگلەر بىلەن زادى ئۆچەكەشمە، ئۇششاق

سۆزىنى قىلما، ياخشى كۆرگەن سۆزىنى قىل، ئۇلار دۆلەتتۇر، دۆلەتنىڭ قولى ئۇزۇن بولىدۇ، ئۇلار ياڭان ئوتتۇر، سېنى كۆيدۈرىدۇ، ئۇلار زاماندۇر، كىشى شادلىقتىمۇ، كۈلكىدىمۇ زامان بىلەن ماسلىشىشى كېرەك.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەي، چىرايلىقنى خالىغۇچى ياخشى كىشى، خوتۇنۇڭنىڭ چىرايلىقىنى ئىزدىمە، خەلق ئالدىدا مەسخىرە بولىسەن، ئايالنىڭ چىرايلىقىنى ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنى خۇدانىڭ پەزىلىتىلا قوغداپ قالالايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قىلىقلىرى توغرا بولسا، گۈزەل كۆرۈنىدۇ، ئايالنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ قىلىقلىرىدۇر، بۇنى بىلگەنلەر بىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كەمبەغەل بولماي، باي بولاي دېسەڭ، ھەرگىز زىنا قىلما، بۇ جەھەتتە ئۆزۈڭنى قاتتىق تۇت.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• شاھلارغا يېقىن كىشىنىڭ قورقۇنچىسى كۆپرەك بولىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئۆي ئالماقچى بولساڭ، قوشنىنى سورا، يەر ئالماقچى بولساڭ، سۇيىنى (سورا).

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تۇرمۇش كېلىشىش-كېلىشمەسلىككە باغلىق بولىدۇ، ئۈمىدۋارلىق بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپ، ئەقىل بىلەن ياشاش كېرەك.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كۆڭلۈڭ كىمگە ئىشەنسە، شۇنى ئەينەك قىل، ئۆزۈمنى كۆرەي دەپ ئۇنى ئالدىڭدا قوي، سەممىمي كىشى ئادەمگە ئەينەك بولىدۇ، ئۇنىڭغا قاراپ ئادەم خۇلق-مىجەزىنى تۈزىتەلەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلمەيدىغان كىشىگە چۈشۈڭنى ئېچىپ ئېيتما، بىلىدىغان كىشىگە چۈشۈڭنى ئېيت، ئەمما، كېچىدە ئېيتما.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ



## مەخپىيەتلىك ۋە سىر ساقلاش توغرىسىدا

• ھەممە سۆزنى ئاڭلا، لېكىن تېز ئېشىنىپ كەتمە، كۆڭۈلدىكى سىرىڭنى ئاچما، ئۇنى چىڭ ساقلا، يوشۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىككى يۈزلۈك كىشىگە گېپىڭنى ئېيتما، سۆزۈڭ يېيىلىپ كېتىدۇ ھەم سىرىڭ ئېچىلىپ قالىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مەزھەپىڭنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلا ياخشى-ياماندىن پۇلۇڭ بارلىقىنى مەخپىي ساقلا.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئىنسان ھەر قاچان ئۆز تىلى بىلەن سىرىنى پاش قىلىپ، باشقىلارنىڭ مالامىتىگە قالسا، ئۇ ئەخمەق ئىنساندۇر.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• ھەرقانداق مۇشكۈلنىڭ سىرى ئېچىلىپ كەتسە، مۇشكۈل بولالمايدۇ.

— موللا سىدىق يەركەندى

• ھەرقانداق ئەھۋالدا مەخپىي تۇتۇش ئاشكارىلاشتىن

كۆپ ياخشىدۇر. ھۆكۈمالار ئېيتىپتۇركى، ئادەملەر ئىككى ئېھتىماللىقتىن يەنى خۇشاللىق بىلەن غەمدىن خالىي بولالمايدۇ. خۇشال بولسىمۇ مەخپىي تۇتۇش، خاپا بولسىمۇ مەخپىي تۇتۇش كېرەككى، ئۇنى ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى، خۇشاللىق مەخپىي تۇتۇلىدىكەن، ھەسەت قىلىدىغانلارنىڭ ئىچىنى قايناتىپ، كۆرەلمەسلىك ئارقىلىق قاغىش ياغدۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. غەمكىنلىك مەخپىي تۇتۇلىدىكەن، دوستلارنىڭ خىجىل، دۈشمەنلەرنىڭ شاد بولۇپ، تاپا-تەنە ياغدۇرۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• سىرىڭنى ساقلا، ئەگەر ئۇنى ئاشكارىلىساڭ، قايتىدىن يوشۇرماق ئۇمىدىدە بولما، كۆڭۈلدىكى سىر خۇددى نەپەسكە ئوخشايدۇ، چىقارغان نەپەسنى ھېچكىم قايتۇرۇۋالالمايدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ھەر كىشىنى سىرداشىم دېمە، چۈنكى، ھەقىقىي سىرداش دۇنيادا ناھايىتى ئاز نەرسىدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كۆڭۈل سىرىڭنى، سۆزلىرىڭنى ھەر كىمگە ئېچىۋەرمە، ئەگەر ئاچساڭ، ئۆزۈڭ مۇشەققەت چېكىسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىمنىڭ كۆڭلى كىمگە ھەقىقىي يېقىن بولسا، ئۇنىڭغا ئىشىنىش، ئۆزگە ھەقىقىي يېقىن تۇتۇش كېرەك،

ئىشەنگەن كىشىگە سىر ئېيتىش كېرەك، ئىشەنگەن كىشى سىر ئېيتسا مەھكەم ساقلاش كېرەك.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆڭۈل سىرىڭنى چىڭ تۇت، ئۇنى سۆزلىمە، ئەگەر سۆزلىسەڭ يىللار بويى پۇشايمان يەيسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• سىرىڭنى قاتتىق يوشۇر، كىشى بىلمىسۇن، سۆزۈڭدىن ئۆزۈڭگە ئۆكۈنچ-پۇشايمان كەلمىسۇن.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• ھەرقانچە ئىشەنچلىك ۋە يېقىن دوستۇڭ بولسىمۇ، دوستۇم دەپ ئىشىنىپ، سىرىڭنى ئېيتىشتىن ساقلان، ئويلىغىنكى، ئۆزۈڭ ساقلىيالمىغان سىرىڭنى دوستۇڭ ساقلىيالارمۇ؟

— ئەھمەد يۈكنەكى

# پاكىزلىق توغرىسىدا

• پاكىزلىق ئۇلۇغ، ياخشى خىسلەتلەردىندۇر. پاكىزلىقتىن دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرى زىننەت تاپقاي، نەپس ئۇنىڭ بىلەن خارىزار بولۇر.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• پاكىزلىقنى ھەممە كىشى ئارزۇ قىلىدۇ، ئاش پاكىز بولسا، كىشى ئۇنى ئارزۇلاپ يەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• خۇدا پاك-پاكىزلىقنى سۆيىدۇ، پاكىزلىق بىلەن كىشى ياخشى نامغا ئېرىشىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىيىم ۋە بەدىنىڭنى پاكىزە، خۇشبۇي تۇت، بەتبۇي نەرسىلەرنى بەدەنىدىن يىراق تۇت، دوستلىرىڭنى يىرگىنىدۇرگۈچىلەردىن بولمىغىن.

— موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

• ئۆي-جايىڭنى بەك پاكىز، ئازادە تۇت، ساڭا بەخت، دۆلەت كېلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

# مەي ۋە مەيخورلۇق توغرىسىدا

• مەي ئىچمە، زىناغا يېقىنلاشما، ھەزەر قىل، بۇ ئىككىسى يوقسۇللۇق تونىنى كىيدۈرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەي، بوغۇزىنىڭ قۇلى مەيخور، مەي ئىچمە، مەي ئىچسەڭ، كەمبەغەللىك يولى ئېچىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشى مەس بولسا، گالۋاڭ ۋە تەلۋە بولىدۇ، تەلۋە كىشىلەر قاچانمۇ تۈزۈلىدۇ؟

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مەي تۈپەيلىدىن مىڭ تۈرلۈك گۇناھقا جۈرئەت قىلىسەن، زىنادىن بەخت قاچىدۇ، يۈزۈڭنى چۈشۈرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مەي ئىچمە، پىتنە-پاساتتىن قېچىپ، ئۇنىڭغا قېتىلما، زىنا قىلما، پاسىق، قارايۈز ئاتىلىپ قالما.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قانچىلىغان نالايىق ئىشلار مەي ئىچكەندە بولىدۇ، كۆپلىگەن ياخشى ئىشلار مەسلىكتىن قىلىنماي قالىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىملىك مەي ئىچسە، بىلىمسىز بولىدۇ،
بىلىمسىز مەس بولسا، ئۇنىڭ نېمىسى قالىدۇ؟
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قانچە بىلىملىك، ئىدراكلىق ئادەم بولمىسۇن،
ئىچىملىككە بېرىلىدىكەن، ئۆز ئىشىنى بۇزىدۇ.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىملىك مەي ئىچسە، بىلىمسىز بولىدۇ.
بىلىمسىز مەي ئىچسە گۆدەك بالىغا ئايلىنىدۇ.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قانچىلىك ھايالىق، سىلىق، قىلىقلىرى ئۆز كىشى
بولمىسۇن، مەي ئىچىدىكەن، بارلىق قوپاللىقلارنى قىلىدۇ.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەگەر مەس قىلغۇچى ئىچىملىكنى ئىچىدىكەنسەن،
كۆڭۈل سىرىڭنى ئاچىسەن ۋە ئىچىڭدىكىنى سىرتقا چىقىرىسەن.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مەي ئىچمە، مەي ئىچسە كىشىنىڭ بەختى
كېتىدۇ، مەي ئىچكۈچىنىڭ نامى سېسىق، تەلۋە بولىدۇ.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مەي بىلىمگە، ئەقىلگە دۈشمەندۇر، مەينىڭ نامى
ھەقىقەتەن جاھىل، غەۋغادۇر.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىچىملىك ھەم دەرد ئوتى، ھەم ئەپسۇسلۇق

سۈيدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئىچىملىككە يېقىن يولىما، ئىچىملىك ئادەمنى ئىپلاس، يىرگىنىشلىك، يالغانچى قىلىپ قويىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• شاراپخورلۇق — ئىنسان كامالىغا زىيان سالىدىغان ئىش. ئىچىملىككە ھەۋەس ئارتقانسېرى، ئادىمىيلىك سۈپەتلىرى كېمىيىدۇ، ھەتتا يوقىلىپ بارىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئىچىملىككە بېرىلگەن كىشىنىڭ مەستلىكى غالىپ كېلىپ، خۇددى قۇترىغان ئىتتەك ئادەملەرگە ئۆز-ئۆزىدىن ھەيۋە قىلىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

## قازاغا رىزا بولۇش، تەقدىرگە تەن بېرىش توغرىسىدا

• زامانىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئىلىم ئىگىلىرىمۇ پەلەكنىڭ ھىيلە-نەيرەڭلىرى ئالدىدا ئاجىزدۇر. بىراۋنىڭ دۇنياغا ھۆكمى يۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا تەقدىر قازاسى كەلسە، نېمە ئىلاج قىلالىسۇن؟

— موللا سدىق يەركەندى

• قازادىن يۈز بەرگەن ھەر قانداق ئىشقا رازىلىق بېرىش مۇۋاپىقتۇر.

— موللا سدىق يەركەندى

• ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ، بېشىڭغا نېمە كەلسە رازى بول، قازاغا تەن بەرگىن، توغرا سۆزلە.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

## ھۆرلۈك توغرىسىدا

• ھۆر-قەيەرگە بارسا، قەدىرلىك ۋە ھۆرمەتكە ئىگە ھۆر بولىدۇ، خۇددى قۇياش ھەربىر بۇرچىدا نۇرانە بولغاندەك.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• توغرا چۈشىنىدىغان ۋە چۈشەنگىنىنى ئىجرا قىلىش ئىرادىسىگە ئىگە بولغان ئادەم ھۆردۇر. توغرا چۈشەنسىمۇ، ئۇنى ئىجرا قىلىش ئىرادىسى يوق ئادەم قۇلدۇر. ھەم توغرا چۈشەنچىدىن ھەم ئىرادىدىن مەھرۇم بولغان ئادەم ھايۋان بىلەن تەڭدۇر.

— ئەبۇنەسىر فارابى

• قارا، ئۇ يولۋاس ھۆر ئادەمنى ئۆلتۈرمىدى، گويا ئۇنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلغاندەك. سەن ھىممەتلىك ۋە شەپقەتلىك ئۇ ھۆر ئادەمنى قوغداشقا جۈرئەت قىلالىدىڭمۇ؟!

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• ھۆر ئادەم زۇلۇم ئاستىدا قىلىشقا چىدىمايدۇ. زۇلۇمغا پەقەت ئىشەكلا چىدايدۇ.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

# ھەزىل، چاقچاق توغرىسىدا

• ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان كىشىلەردىن كىمدە كىم چاقچاق ۋە سەت گەپكە مايىل بولىدىكەن، شەكسىزكى، خالايىق ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئابروي، ئىناۋىتىنى يەرگە تۆكۈۋالىدۇ. چۈنكى، چاقچاق ۋە ھەزىل كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشقا سەۋەب بولىدۇ ۋە ئاداۋەت تۇتۇشقا پۇرسەت تۇغۇلۇپ، ئىنتىقام ئېلىشقا سەۋەبچى بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن پىتنە-پاسات، ئىتتىپاقسىزلىق يۈز بەرگەي.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

• ھەزىل باشلىنىش بىلەن بىھۆرمەتلىك ئارتىدۇ، ھەزىلنىڭ ئاخىرى جېدەلگە تارتىدۇ. كۆپ چاقچاق ھايا پەردىسىنى چاك ئېتىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• چاقچاق جايىدا بولسا، لەززەت ۋە شادلىق كەلتۈرىدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭدا يامان سۆز بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئازار بولمايدۇ، چاقچاق ئاقىلانىلىق بىلەن باشلىنىپ، ئاخىرىدا ئەخمەقانىلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• چاقچاقتا نەپىسلىكتىن زىننەت بېرىلسە، كۆڭۈلگە ياقىدۇ. ئەخمەقلىققە يېتىپ

بارسا، ئۇنى دەپ نېمە قىلىمىز؟!

— ئەلىشىر ناۋايى

• ھەزىل بىلەن شۇغۇللىنىش بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئېچىشتۇر، بەزىلەر ئۇنىڭدىن كۈلسە، ياخشىلار ئۇنىڭدىن ئارلىنىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• سۆھبەتلەردە كۆپ چاقچاق ۋە ياپتا گەپ قىلما، ئوتتۇراھال ئىش تۇت، بەزىدە راست سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى كۈلدۈرەلىسەڭ، ھېچ زىيىنى يوقتۇر.

— موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

# سەپەر ۋە سەپەر مۇشەققەتلىرى توغرىسىدا

• سەپەر قىلمىغان كىشى ئارام ئېلىشنىڭ راھىتىنى نەدىن بىلسۇن، غۇربەت چەكمىگەن كىشى ۋەتەندىكى كەڭچىلىك ۋە شادلىقنى قايدىن بىلسۇن.

— ئەلىشىر ناۋايى

• سەپەر جاپا-مۇشەققەت چېكىشكە سەۋەبتۇر، سەپەر تاۋلىنىش ئوچىقىدۇر. بۇ تاۋلىنىش ئەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئالتۇننى ئايرىپ چىقىدۇ، سەپەر دەردمەنلەرنى ئارزۇسىغا يەتكۈزگۈچى، مەھرۇملارنى مۇرادىغا يەتكۈزگۈچى، خاملارنى پىشۇرغۇچى، تاماقنى سىڭدۈرگۈچى، ئاجايىپ-غارايىپلارنى كۆرسىتىپ بىلدۈرگۈچى، ئاللانىڭ ئاجايىپ ھېكمەتلىرىنى ھېس قىلدۇرغۇچىدۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• سېنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىڭ چەتكە چىقماسلىق بىلەن ئىپادىلەنمەيدۇ، سەپەر قىلغىن. سۇ ئۇزۇن تۇرۇش بىلەن سېسىقلىققا ئايلىنىدۇ، ئاي كىچىكلىكتىن ئاستا-ئاستا چوڭىيىپ تولۇقلىنىپ، ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئايلىنىدۇ. سەپەر قىل، چۈنكى ئارزۇ-ئىستەكلەر سەپەردە قولغا كېلىدۇ. توختاق سۇنىڭ

قېشىدا تۇرۇۋېرمەي، سۆزۈڭ سۆ ئىزدە.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• سەپەردە بەش خىل پايدا باردۇر: بىرىنچى، غەم ۋە خاپىلىق كېتىدۇ، ئىككىنچى، تىرىكچىلىك سەرمايىسى هاسىل بولىدۇ، ئۈچىنچى، بىلىم ئۆگىنىدۇ، تۆتىنچى، ئەدەب ۋە ئەخلاق ئۆگىنىدۇ. بەشىنچى، ئۇلۇغلارنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرە ئالىدۇ. بىراق، سەپەردە هارغىنلىق، تەنھالىق، باياۋان كەزمەكلىك ۋە قاتتىقچىلىقلارنى كۆرمەكلىكتەك جاپا-مۇشەققەت بولسىمۇ، ئەمما، چېقىمچى ۋە ھەسەتخورلارنىڭ ئارىسىدا تىرىك يۈرۈشتىن مىڭ ياخشىراقتۇر.

— موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

• سەپەر قىلساڭ، سەپەردە بىرەر ياخشى ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى مەقسەت قىل ... ئاتا-ئانا ۋە ئەربابلاردىن رۇخسەت ئال، كىشىلەرنىڭ ھەققى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ، ئاندىن سەپەرگە ئاتلان ... يولدا ئاجىز-ناتونۇش كىشىلەر ھەمراھ بولسا، قۇدرىتىڭنىڭ بارىچە ئۇلارنى يولدا قويۇپ كەتمە، ئۇلارغا مەدەتكارلىق قىلىپ، كارۋانغا يەتكۈز.

— موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

## ماختانچاقلىق ۋە ياسانچۇقلۇق توغرىسىدا

• ئەر كىشى كۆپ ياسانسا بىۋە (تۇل، بويتاق) بولغاي، بۇ سۈپەت خوتۇنلارغا شىۋە (ئادەت) بولغاي.

— ئەلىشىر ناۋايى

• بىباك ھەمدەملىككە يارىماس، ناپاك مەھرەملىككە يارىماس، ياسانچۇق مەردانە بولماس.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئەرلەرگە ياسانچۇقلۇق ئەقىلگە خىلاپتۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

## ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىنى بىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا

• ئۆزىنى تونۇغۇچى ئەر بەخت تاپقۇچى بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىمكى ئۆز- ئۆزىنى بىلسە، ئۇ نېمىدىكەن ياخشى ئىبادەتتۇر، ئۆزىنىڭ سۆزىنى بىلىپ سۆزلىسە، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى سائادەتتۇر. دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە ئۆزى ياخشى كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭ سۆزى ئۆزىگە يېقىملىق بىلىنىدۇ، ئادەم بالىسى بۇ سۈپەتكە ئورتاق بولۇپ، ئىختىيارسىز شۇ دەۋا بىلەن بولىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كىشىلەر ئۈچۈن ئالتۇن-كۈمۈش قەدىرلىك نەرسە، ئۆزىنى تونۇلىغان ئادەم كۈمۈشتىن ئەزىز، كۈمۈشكە بېرىلمىگەن توغرا ئىنسان بەختلىك ھالدا چىن، ھەقىقىي دۇنياغا ئېرىشىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئاۋۋال ئۆزۈڭ شۇ يولدا مېڭىشىڭ كېرەك، ئاندىن كېيىن باشقىلارنى ئۇ يولغا باشلاش كېرەك، بىلمىگەن يولغا كىرگەن كىشى مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• سەن قانچە قېتىملاپ كىشىلەرنى يامان ئىشلاردىن توسىسەن، ئۆزۈڭ يانمايسەن، قانچە قېتىملاپ كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىسەن، ئۆزۈڭ ئاڭلىمايسەن. ھەي بىلەي تاش! قاچانغىچە تۆمۈرنى ئىشتىتسەنۇ، ئۆزۈڭ كەسمەيسەن؟!

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• ئۆزى ماڭمىغان يولغا باشقىلارنى باشلاش خۇددى مۇساپىرنى يولدىن ئازدۇرۇپ، سەھرادىن ياندۇرۇپ، باياۋانغا كەتكۈزۈشكە ئوخشاش. بەڭباشنىڭ ئەلنى ھوشيارلىققا ئۈگىتىشى ئۇيقۇچىنىڭ ئەلگە ئويغاق بولۇشنى ئۆگىتىشىگە ئوخشاشتۇر. ئۇيقۇدا ئېيتقان سۆزنىڭ نىمە ئېتىبارى بولسۇن؟!

— ئەلشىر ناۋايى

• توغرا نەسىھەتچىنىڭ سۆزنى ئاڭلىمىغاننىڭ جازاسى پۇشايمان يېمەكتۇر، ئۆزىگە نالايىق دېمەكتۇر.

— ئەلشىر ناۋايى

• ماختاپ قويسا مەغرۇرلىنىشتىن يىراق بولغان كىشى مەۋجۇت بولغانلىكى ياخشى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشەلەيدۇ.

— ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى قىسۇرى

• كىمكى نام-شۆھرەتكە بېرىلسە، غەمدىن قۇتۇلالمايدۇ، ئۆزۈڭنى غەمدىن خالاس قىلاي دېسەڭ، نام-شۆھرەتنى تەرك ئەتكىن.

— ئايازبېك قۇشچى

• ئۆز قەدىرىنى بىلگەن كىشى ھېچقاچان خار بولمايدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئادەم بىر كوزا بولسا، ئابرويپەرەسلىك بىر تاشتۇر، يۈك ئېغىر بولسا، ئادەمنى ھارغۇزىدۇ، كوزىدا تاش بولسا، ئاخىر بىر كۈنى ئۇنى سۇندۇرىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ياخشىلىقىڭدىن نەزىرىڭنى ئۈز، لېكىن ئۆز ئەيىبىڭگە دائىم كۆز-قۇلاق بولغىن.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشسەڭ، ئۆزۈڭنى بىلەلمەي قالما، ئەتلەس كىيسەڭ، بۆز كىيگىنىڭنى ئۇنتۇما، ئۆسكەنسېرى مۇلايىم بولۇپ، چوڭ-كىچىككە سىلىق مۇئامىلە قىل.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• مەنمەنلىكتىن مەست بولغان كىشى مەردلىكنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• شۆھرەتپەرەسلىك كىشىگە ئاپەت كەلتۈرىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• كىمكى ئۇستازلىق دەۋاسىنى قىلىدىكەن، ئۇنداق كىشى ئۇستاز ئەمەس، بىھۇدە غەۋغا قىلغۇچىدۇر.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• مەنمەنلىك بىلەن تەكەببۇرلۇق قىلغۇچە، ئۆز ئەسلىڭنى تەكەببۇر قىل.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

## ئالەم ۋە شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتى توغرىسىدا

• ھەرقانداق ئىش ئۆز كامالىتىنى كۆتىدۇ، كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن، يەنە تۆۋەنگە يانىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قۇياش چىقىقاندا ئاسماندا ئاينىڭ بولۇشى ھاجەتسىز، ئەگەر باغدا بىر چىنارنىڭ سايىسى كەم بولسىمۇ، چىرايلىق سەرۋى دەرىخى كۆكلىسىلا، باغنىڭ گۈزەللىكى ئېشىۋېرىدۇ.

— موللا سىدىق يەركەندى

• كۆتۈرۈلۈشنىڭ چۈشىشى بار، ئېگىزلىكنىڭ تۆۋىنى؛ خۇشاللىقنىڭ قايغۇسى بار، ئاچچىقنىڭ تاتلىقى.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• راھەت تىلىسەڭ، جاپامۇ قوشۇلۇپ كېلىدۇ، شادلىق تىلىسەڭ، قايغۇمۇ بىرلىكتە تېگىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دۇنيا ھادىسىلەر دۇنياسىدۇر، غەپلەت ئۇنىڭغا كۆڭۈل باغلىتىدۇ. ئالەم ئۆمۈرگە ئوخشاش بىۋاپادۇر،

ئۇنىڭ راھىتىگە ئېشىنىپ كېتىش خاتادۇر.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئوتنىڭ ئىشى قورۇش، شامالنىڭ ئىشى سورۇش. سۇنىڭ مەززىسى مۇز بىلەن، ئاشنىڭ لەززىتى تۇز بىلەن.

— ئەلىشىر ناۋايى

• قاتتىق تۆمۈرنى پەقەت ئوتلا يۇمشىتىدۇ، ئەگەر تۆمۈرگە دېڭىز سۈيىنى قۇيسىمۇ ئەسلا يۇمشىمايدۇ.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• قايغۇ-ھەسرەت يېقىنىقى خۇشاللىقتىن بېشارەت بېرىدۇ.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• قاتتىقچىلىقتىن كېيىن كەڭرىچىلىك كېلىدۇ.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• قارا تۈن يورۇق كۈندۈزگە يېقىن كېلەلمەيدۇ، يېشىل سۇ قىزىل ئوتقا مېھمان بولالمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئىنسان كىشىلەردىن ئايرىلىپ تاغ چوققىسىغا چىقىۋالسىمۇ، زىددىيەتتىن خالىي بولالمايدۇ.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• بارلىق ھادىسىلەر ئاخىرىغا يەتكەندە، ئاڭا يورۇقلۇقنىڭ يېتىپ كېلىشى يېقىن.

— ئابدۇقادىر ئەزىزى

• ئۆمۈرگە ئىشەنچ يوق. ياشلىق ۋە قېرىلىق تەقدىر

ئالدىدا باراۋەردۇر. دۇنيادىكى ھەممە مەۋجۇدات ئەبەدىيلىككە ئىگە ئەمەس. شام ئۆزىنىڭ نۇرى بىلەن بەزمىلەرنى زىننەتلىنىدۇ، لېكىن شامال ئالدىدا ئاجىزدۇر، بوستاندا مىڭلىغان گىياھلار ئۆسىدۇ، ئاخىرى يوقالماي قالمايدۇ.

— موللا سىدىق يەركەندى

• ئەقىل پەردىسىنىڭ ئىشق ئوتىنى تىنچىتىش ۋە يوشۇرۇشقا قۇربىتى يەتمەيدۇ، زەررىچىلەرنىڭ قۇياش نۇرلىرىنى توسۇشقا ماجالى يەتمەيدۇ، كۆپۈكنىڭ دەريانى ئۆز ئىچىگە يوشۇرۇۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

— موللا سىدىق يەركەندى

• چەكسىزلىككە ئىنتىلگەن كىشىنىڭ مېھنىتى پايدىسىز مېھنەتتۇر.

— ئەبۇنەسىر فارابى

• بۇ ئالەمدە پەيدا بولغان ھەرقانداق نەرسە ئاخىر يوقىلىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى باقى ئەمەس، ھوزۇرلىنىش مۇددىتى خۇددى ئۆتكۈنچى شامالغا ئوخشايدۇ، يىگىت قېرىيدۇ، يېڭى كونىرايدۇ، قاۋۇللار كۈچىدىن قېلىپ، ئاجىزلىشىدۇ.

— ئەھمەد يۈكنەكى

• دۇنيادىن ھەممە كېتىدۇ، ئۇنىڭ چېكى يوق.

كۇندۇز قانچىلىك ئۇزۇن بولسىمۇ، ئاخىرى كەچ بولىدۇ.

— مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى

• ئىقىن سۇ كۆپ تۇرسا، لەززىتى بولمايدۇ، كىشى كۆپ تۇرسا، ئىززىتى بولمايدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئاددىي نېمەتنى خار كۆرگەن كىشى يېمەك-ئىچمەككە زار بولىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئەگەر يۈز يىلدا بىر خۇشاللىق نېسىپ بولسا، ئۇنىڭ كەينىدىن يۈزلەپ خاپىلىق تەييار بولۇپ تۇرىدۇ.

— ئەلىشىر ناۋايى

• كىمكى ئۆلۈمدىن قاچسا، ئۆلۈم شۇنچىغا يېپىشىدۇ.

— مەھمۇد قەشقەرى

• ھەددىدىن ئارتۇق خۇشال بولسا، (ئارقىدىن) قاتتىق قايغۇ-ئەلەم كېلىدۇ.

— مەھمۇد قەشقەرى

• سۆگەتكە ئەۋرىشىملىك يارىشىدۇ، قىيىنغا قاتتىقلىق.

— مەھمۇد قەشقەرى

## ئۆمۈر ۋە ۋاقىت توغرىسىدا

• ئۆمۈرنى غەنىمەت بىل، ساقلىق ۋە خاتىرجەملىككە شۈكۈر قىل، بايلىقنىڭ يولىنى تۇت، پېقىرلىقتىن پەخىرلەن.

— ئەلىشىر ناۋايى

• ئادەم تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ، باقىقىنىكى، ئۇنىڭ سۆزى قالىدۇ، ئىنسان ئۆزى كەتسىمۇ، نامى قالىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەگەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلساڭلار، ئۈمىدۋار بولۇڭلار ۋە جىنىڭلارنى ئاياپ ئۆلۈمدىن قورقىدىغان قىلىقلارنى قىلماڭلار، شۇنداق بولغاندا ئىززەت، دۆلەت سەرمايىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيسىلەر. ئۇلۇغلۇق ئىككى نەرسىدە بولىدۇ، بۇنىڭ بىرى، ياخشى نام قالدۇرۇپ، دۇنيادىن كەتمەكلىكتە، يەنە بىرى، خالايىققا مەقبۇل بولۇپ، ئۆمۈر سۈرمەكلىكتە.

— ئافراسىياپ

• تىرىكلىكىكە ئىشەنمە، ئۇ شامالدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ، بىخۇد بولما، بۇ دۇنيادىن تېزلا كېتىسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• قاراچاچنىڭ ئاقارغىنى ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسىدۇر، ئۇ

تىرىك كىشىگە ھاياتنى ئەزىزلەشتۇرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئادەم ئۆمرىنى نېمىگە سەرپ قىلغان بولسا، شۇ نەرسە ئەزىز جاندىن قەدىرلىك بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئۆمۈر ئۆتۈپ كېتىدۇ، كىشى ئېچىنىپ ئېغىز ئاچمايدۇ، لېكىن ئەمگەك زايا بولۇپ كەتسە، بۇنىڭغا ئۇزۇن يىل ئېچىنىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئۆتۈۋاتقان زامان، كۈنلىرىڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزمە، ئۆتكەن كۈنلىرىڭگە قايتا ئېرىشەلمەيسەن! ئۆتكەن كۈنلەر بىھۇدە ئۆتسە، كېيىن پۇشايمان قىلىسەن، ئۆمۈرنى زايە قىلساڭ، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيسەن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مەيلى مىڭ يىل ياشا، مەيلى ئون سەككىز يىل ياشا، بەرىبىر ئۆلىسەن، ياخشى نامىڭدىن ئىز قالدۇرغىن، مەيلى باي بول، مەيلى كەمبەغەل بول، ئۆتكەن يىل، ئاي، كۈنلەر ئۆمرۈڭنى يەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مەيلى بېشىڭ كۆككە يەتسۇن، مەيلى بۈيۈك ئاتالغىن، كىرىپ ياتىدىغان ئورنۇڭ قارا يەر قوينىدۇر. ھاياتلىققا ئېرىشكەن كىشى ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزسە، ئۆزىنى ئوتقا تاشلىغان بولىدۇ، ئۇ ھايۋاندىن پەرقسىزدۇر.

كىشى ئىپسەنلىكتە ئىرىشكەندىمۇ ئۆمرىنى زايە قىلسا، بۇ كۆركەمسىز، مەنىسىز ياشىغانلىقتۇر، ئەي قېرىنداش.
— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• تىرىكلىكنى قەدىرلە، زۆرۈر ئىشلارغا سەرپ قىل، كىشىلەرگە ساخاۋەت قىل، مال بەر، ساۋاپلىق تاپ.
— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• ياشاشنىلا ئارزۇ قىلما، ياخشى نام قالدۇرۇشنى ئارزۇ قىل، ئۆمۈردە ياخشى نام قالدۇرۇش كېرەك، بۇنى بىل، سەن ئاخىر ئۆلىسەن، نامىڭ قالىدۇ، نامىڭ ياخشى بولسا، ئۆمرۈڭ شېرىن بولىدۇ، كىمنىڭ نامى يامانلىق بىلەن بۇزۇلسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىك تۇرمىغان ياخشىراق، تىرىكلىك سەن ئۈچۈن سەرمايىدۇر، ياخشى نام چىقىرىشنى تىلە، نامىڭنى يامان قىلما، مەڭگۇ ياخشى قىل.
— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• ئۆمۈر گوياكى زەر بىلەن تولغان بىر هەميان، ئۇنىڭدىن دەممۇدەم قىلىنغان خىراجەت هاياتلىق نەپسىڭنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.
— مۇهەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئۆمۈرنى غەنىمەت بىل، ساقلىق ۋە ئامانلىققا شۈكۈر قىل.
— ئەلىشىر ناۋايى

• بىلىش كېرەككى، ئۆمۈرنىڭ پۇرسىتى ئارزۇدۇر، ئىنسان هاياتىنىڭ مەنپەئەتلىك ۋاقتى تېخىمۇ ئازدۇر. ئۆلۈم

زەھىرى ئۇلۇغ قەھرىماندۇركى، ئەجەل قوماندانى ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق قورقۇپ قالاتتى. ئۇلۇم قەھرىمانى، ئەجەل قوماندانىدىن ۋاپا، مېھىر-شەپقەت كۈتۈشكە بولمايدۇ. ھاياتنىڭ شېرىن شەربىتى ئۆلۈم نەشتىرى بىلەن تۆكۈلىدۇ، ئۆمۈر باغچىسىنىڭ گۈلى ئەجەل تىكىنى بىلەن ئالمىشىدۇ. دۇنيادىن كېتىش خەۋپى يېتىدۇ. ھايات مەنزىلىدىن كۆچۈش سىگنالى چېلىنىدۇ، بۇ ھالدا پۇشايمان قىلىش، ئۈمىدسىزلىنىش، ئاھ-ھەسرەت چېكىش پايدىسىزدۇر.

— ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

• ھاياتلىقنىڭ تۆلپارى چېپىپ تۇرىدۇ، سېنىڭ جان ھاسىلىڭ ئاشۇ ئاتنىڭ ئۈستىدىدۇر، ئۇ قانچىلىغان مەنزىللەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، يۈرۈپ تۇرىدۇ، سەن غەپلەتتە ئۆتسەڭ، ھەممىدىن مەھرۇم قالىسەن، ئۆتۈۋاتقىنى ۋاقىت، سائەت، كۈن ئەمەس، كېتىۋاتقان ئۆمۈردۇر، ئەگەر ئۇنى ۋاقىت-سائەت دېسەڭمۇ، يەنىلا ئايلار، يىللار كېچە-كۈندۈزلەپ يۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇ ساڭا ئۆتۈۋاتقاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، سېنى دۇنيادىن ئېلىپ كېتىشنىڭ قەستىدە يۈرىدۇ.

— ئايازبېك قوشچى

• ئۆمۈرنىڭ ھەربىر نەپىسىنى غەنىمەت بىلگىن. روھ بىر قۇش بولسا، تەن مىسالى بىر قەپەستۇر.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئۆمۈر خۇددى چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ،

شۇنى سەزمەي، غەپلەت دەرياسىدا غەرق بولمىغىن.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• جاھان مەۋجۇتكى، ئۆلۈم تۈگىمەيدۇ، جۇدالىق، ئاھۇ-پىغانمۇ ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىدۇ.

— ئايازبېك قوشچى

• ئۆمۈر باغچىسىنىڭ پاكلىق، گۈزەللىكى ۋە ھايات چىمەنىنىڭ نازۇكلۇقى ياخشىلارنىڭ خۇشبۇي نەپەسلىرىدىن راۋاج تاپىدۇ ھەمدە سۆيۈملۈكلەرنىڭ ئەس-يادى نەپەسلىرىدىن ئالەمنى زىننەتلەيدۇ.

— ئېمىرھۈسەيىن سەبۇرى

• يەر ھوسۇل بېرىشتىن قالسا، شورلىشىدۇ، شورلۇققا ھېچكىم ئۇرۇق چاچمايدۇ. باغدا ئۆسكەن دەرەخ مېۋىسىز بولسا، باغۋەن ئۇنى كېسىپ، چاتايدۇ. يىل ئاخىرى بولدى، زىرائىتىڭ قېنى؟!... ئۆمرۈڭنى بىمەھەل ئۆتكۈزسەڭ، ساڭىمۇ بىر كۈنى بىخەۋەر ئەجەل يېتىدۇ.

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

• ئۆمۈرنىڭ بىناسى، ھاياتنىڭ قۇرۇلۇشى قارارسىز، ھەر دەقىقىنى غەنىيمەت بىل.

— ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

• ئېنىقكى، ئۆلۈم-مۇقەررەر نەرسىدۇر، لېكىن ۋاقتى كەلمىگۈچە ئەر-يىگىتلەر ئۆلمەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئانىدىن تۇغۇلغان ئادەم ئەجەلسىز ئۆلمەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەگەر دۇنيا، دۆلەت قالدىغانلىقى ئۈچۈن يىغلىغان بولساڭ، يىغلىما، بۇنداق زارلىنىش بولمايدۇ. بارچە مال-دۇنيا بىر كىشىگە جەم بولسىمۇ، دۇنيا قالىدۇ. ئەگەر هاياتىڭ ئۈچۈن ئۆكۈنگەن بولساڭ، ئۆكۈن، تىنماي يىغلا، كۆزۈڭنى ياشتىن قۇرۇتما! ئۆتكەن كۈنۈڭ قايتا يېنىپ كەلمەيدۇ، نېمە بولساڭمۇ، ئەمدى تۈنۈڭ يېقىنلاشتى.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• ئىنسان تىرىك بولسا، تىلىكىگە يېتىدۇ، تىلەككە يېتىش ئۈچۈن هاياتلىق بىر سەرمايىدۇر. هاياتلىقنى تىلە، ئارزۇنى تىلىمە، ئارزۇغا يېتىش ئۈچۈن هاياتلىق يۆلەكتۇر.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• تىرىكلىكنىڭ هەر بىر كۈنى بەكمۇ قىممەتلىكتۇر، بۇنى بىهۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلسا بولمايدۇ. قارا، تىرىكلىك كۆپ ياخشىلىقلار ئۈچۈن دەسمايىدۇر، ئەي دانا، ئۇنى سەن بىهۇدە ئىسراپ قىلما.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• هەممە ئەزىزلەردىن ئەزىزراقى سېنىڭ جېنىڭدۇر، ئەزىز جېنىڭنى ئاسرىغىن، سۆزۈڭنى ئۈزارتما.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• ئاتىنىڭ، ئانىنىڭ ئۆلۈمى تامامەن ئوغۇل-قىز ئۈچۈن پەند-نەسىهەتتۇر، چۈشىنىپ ئۆزلەشتۇر.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

• دۇنيانىڭ نەرسىلىرى تىرىكلىك ئۈچۈندۇر، تىرىكلىك تۈگىسە، مال-دۇنياغىمۇ ئېھتىياج تۈگەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىلىنسەن، تىرىكلىك ئۆلۈمگە تۇتىشىدۇ، تەييار تۇرغان ئۆلۈم ۋاقىت-سائەتنىلا كۈتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئۆلۈمنى ئۇنتۇما، دائىم تەييار تۇر، ئويلان، ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما، ئەسلىڭگە نەزەر سال.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تىرىكلىككە ئارتۇقچە غاپىل بولما، ئويلان، تىرىكلىك ئۆلۈمگە ناھايىتى يېقىن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ھايات چۈشكە ئوخشاش ئىزسىزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. مەيلى بەگ بولسۇن، مەيلى قول بولسۇن كەلمەسكە كېتىدۇ. ئۆتكۈزگەن كۈنۈڭ چۈش كەبى بولدى، قېنى ئۇ؟ قالغان كۈنلىرىڭدە ئۆكۈنۈشتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• دۇنيادا ئۆلۈمدىن قاتتىق نېمە بار؟ ئۆلۈمنى ئويلىساڭ، بارلىق لەززەت كېتىدۇ، ئۆلۈم تۇۋى ۋە چېكى يوق بىر دېڭىزدۇر. سىنچىلاپ قارىساڭ، تۇۋى يوق چوڭقۇرلۇقتۇر. ئۆلۈمنى بىلگۈچى ئۆزى غەپلەتكە چۈشسە، ئۆلۈم تۇتقاندا سۆز بىلەن بىرەر نەپ ئالالمايدۇ. ھالاۋەتكە بېرىلىپ، غەپلەتكە چۈشكەنلەر ئۆلۈم تۇتقاندا ئويغىنىدۇ

-يۇ، ئامال قىلىشقا كۈچى يەتمەيدۇ. نۇرغۇن مال-دۇنياغا تويمىغان كۆزى ئاچ كىشى ئەجەل كەلگەندە پۇشايمان قىلىدۇ، چارە قىلالمايدۇ. مەغرۇر كىشى ئۆتكۈنچى دۆلىتىگە شادلىنىپ، مەغرۇرلىنىدۇ، بوزيەر قېتىغا كىرگەندە يۈرىكىنى پارە-پارە قىلىدۇ. ئەي شادلىقلارغا ئاۋۇنۇپ كۈلگۈچى ئىنسان، يىغلاشقىمۇ تەييارلانغۇلۇق.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئادەم بالىسى كارۋانغا ئوخشايدۇ، قونالغۇدا ئۇزۇن تۇرالماس. ئۇنىڭ مەنزىلى قېنى؟ ئاتا پۇشتىدىن بالا تۆرەلسە، ئانىنىڭ قارنى بىر نەچچە ئايلىق تىنچ ماكان بولىدۇ. ئاندىن تۇغۇلۇپ، ئات قويۇلسا، مۇساپىر بولۇپ، زامان ئېتىنى مىنىدۇ، ئۇ كۈندۈزى بىر قەدەم، كېچىسى بىر قەدەم مېڭىپ، ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ، مەڭزىنى سولدۇرىدۇ. بۇ دۇنيا بىر قونالغۇ، گۆرۈڭ بىر قونالغۇدۇر، بۇ قونالغۇدىن قوزغالساڭ، ئۇ دۇنيا ئاخىر قونالغۇ بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئۆلۈمىڭنى ئۇنتۇما، سەگەك بولىسەن، ئىگەڭنى ئۇنتۇما، كۆزۈڭ ئېچىلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• تىرىكلىكتە ئۈمىد باغلىما، ئۇ چۈشتەك ئۆتۈپ كېتىدۇ. تۇراقسىز بەختكە مەغرۇرلانما، قۇشتەك ئۇچۇپ كېتىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كەمبەغەلمۇ ئۆلىدۇ، شۇنىڭدەك بايمۇ ئۆلىدۇ، ئىككى ماتا بىلەن قارا يەر قېتىغا كىرىپ كېتىدۇ. كەمبەغەل ئۆلسە، جاپا-مۇشەققەتتىن قۇتۇلىدۇ، باي ئۆلسە، مال-دۇنيالىرى قالىدۇ، ۋابالى بىللە كېتىدۇ. ئەي نېمەت ئىگىسى، ئۆلۈم سېنىڭ مېھنىتىڭدۇر، ئەي مېھنەت ئىگىسى، ئۆلۈم سېنىڭ نېمىتىڭدۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كەمبەغەل ئۆلسە مۇشەققەتتىن قۇتۇلىدۇ. ئەي باي، ئۆلۈم ياقاڭدىن تۇتسا، ھېساب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• مۇسىبەتكە كەلگۈچىلەر مۇسىبەت ئەھلىگە تەزىيە بىلدۈرگەي. جىنازىغا ھەمراھ بولغۇچى كىشىلەرگە سۈكۈت ۋاجىپتۇر، مۇسىبەت ئەھلى يىغىدا ئاۋاز كۆتۈرمىگەي.

— موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى



## سالامەتلىك، ئاغرىق-سىلاق توغرىسىدا

• ئادەمگە كېسەللىك ۋە بىئاراملىق گالدىن كېلىدۇ، ئۇنىڭ دورىسى، داۋاسىمۇ گالدىن بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆپ يېگۈچىلەرنىڭ تامىقى دەرد بولىدۇ، تامىقى دەرد بولغان كىشى دائىم كېسەلچان بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كۆڭۈل مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى ساقلىقتۇر. بەدەنىنىڭ ساغلاملىقى ۋە ساغلاملىقنىڭ بۇزۇلۇشى كۆڭۈلنىڭ ساغلاملىقى ۋە بۇزۇلۇشىغا باغلىقتۇر. مەملىكەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە خاراب بولۇشى پادىشاھنىڭ ئادىل ياكى زالىم بولۇشىغا باغلىق، پادىشاھ مەملىكەتتىن ئىبارەت بەدەنىنىڭ جېنىدۇر، كۆڭۈل بەدەن مەملىكىتىنىڭ پادىشاھىدۇر.

— ئەلشىر ناۋايى

• ساقلىقنى خالىساڭ كۆپ يېمە، ئىززەت خالىساڭ كۆپ دېمە.

— ئەلشىر ناۋايى

• گېلىڭنى كۆزەتسەڭ، بېشىڭغا پايدىلىق، ئاشنى

ئاز يېسە، ئېغىزغا لەززەت بېرىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• نەزەر سال، كۆپ يېگەن كىشى كېسەلچان بولىدۇ، چىرايى سېرىق، ماغدۇرسىز، ئېتىبارى يوق بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئېسەنلىكنى تىلىسەڭ، كېسەلسىز بول. "ئاز" ناملىق دورىنى يېگىن، ساق ياشىغىن، ئەي بەگزادە، ھالاۋىتى ئۇزۇن خاتىرجەملىكنى تىلىسەڭ، "تىل" ناملىق گۆشنى يېگىن، ساق ياشا، ئەي زات.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەي ئوغول، ئادەمنى ھايۋاندىن ئايرىيدىغان پەرق شۇكى، مىزاجقا يارىشا يېيىش كېرەك. كىشى قىرىق يىل ياشاپ، ئۆز مىزاجىنى بىلمىسە، نېمە دېسە دېسۇن، ئۇ تامامەن ھايۋاندۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كېسەل گالدىن كىرىدۇ، گېلىڭنى ساقلا، يېمەك ئىچمەكنى ھەزىم قىلالىق دەرىجىدە ئاز يېگىن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كېسەل بالا ۋە جەۋرى جاپادۇر، ئۆلۈم ۋەسۋەسىدۇر، ئۆلۈمدە لەززەت يوق، ئۇنىڭ بولمىغىنى ياخشى.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشىگە ئېسەنلىك كېرەك، مال كېمىيىپ

قالمايدۇ، قۇش ئۇچۇن ھايات كېرەك، دان كېمىيىپ قالمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كىشى تاماقنى قانچە ئاز يېسە، شۇنچە ساغلام ۋە خۇشال ياشايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• كېسەلگە گىرىپتار بولسا، كىشى دەرھال زەئىپلىشىدۇ، ئۇنى داۋالىمىسا ئۆلۈم يۈگۈرەپ كېلىدۇ، كېسەللىك ئۆلۈمنىڭ دەسلەپكى خەۋەرچىسىدۇر، كىشى كېسەل بولدىمۇ، دېمەك، ئۆلۈم يېنىدا بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• ئەي نەپسى ئۇلۇغ، گېلىڭگە قۇل بولما، گالغا قۇل بولسا، قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

• بىمارلار باشقا دىندا بولسىمۇ، ئۇنى يوقلاشقا تېگىشلىك ... دوست-يارانلىرىڭ كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ كېسەللىرىنى يوقلاپ، ھال سورا، ئەمما، ھال سوراشنى بىر كېسەلگە ئالاھىدە قىلما، بىمارنىڭ ئالدىغا كىرگەندە چىرايىڭنى ئوچۇق تۇت، دىلكەشلىك، ئۇلپەتچىلىك ۋە شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىل، يېڭى كىيىم بىلەن كىر، كىر كىيىم بىلەن كىرمە، كۆلۈپ كىرىپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇر.

— موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

• بىمار دەردى ئەلەم پەيدا بولغان ۋاقىتتا شۈكۈر قىلغاي، بىراق ئۆزىگە ئۆلۈم تىلىمىگەي. بىمار ئۆز گۇناھلىرىغا توۋە قىلغاي، دوست ۋە ھەمسۆھبەتلىرىدىن رازىلىق تىلىگەي، قېرىنداش ۋە پەرزەنتلىرىگە: "مۇسىبەتكە سەۋر قىلىڭلار" دەپ ۋەسىيەت قىلغاي.

— **موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى**

• كېسەللىك ئادەم ئۈچۈن ئۆلۈمنىڭ قولدىشىدۇر، ئۆلۈم كىشىگە ھاياتنىڭ تەڭتۈشىدۇر.

— **يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

بۇ كىتاب نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن 1991-يىلى نەشر قىلىنغان 1-
نەشرىگە ئاساسەن تولۇقلاپ ۋە ئۆزگەرتىپ نەشر قىلىندى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئالىمجان سابىت

编稿：3元
封面：30元

# ھېكمەتلىك سۆزلەر

ھاجى ئەخمەت كۆلتېكىن
ئابدۇرېھىم سابىت
تۈزدى

نەشر قىلغۇچى
ۋە تارقاتقۇچى
: مىللەتلەر نەشرىياتى

(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ)

پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64228007(010)

تىزغۇچى: بوغدا ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزى

باسقۇچى: بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى

سانقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

1998-يىل 2-ئايدا بېيجىڭدا 2-قېتىم نەشر قىلىندى

1998-يىل 2-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 9.50 يۈەن

责任编辑：阿里木江
封面设计：刘家峰

ISBN 7-105-02767-3

787105 027675 >

BN 7-105-02767-3/B · 83
文(维13)　定价：9.50元